ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى



# ھېسام چاقچاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09840-8

9 787228 098408 >

定价：15.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى

# ھپام چاقچاقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间笑话 /《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐： 新疆人民出版社，2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09840 - 8

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 笑话 - 作品集 - 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010443号

策　　划： 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑： 艾合买提.伊明
责任校对： 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间笑话** (维吾尔文)
《维吾尔民间文学大典》编委会 编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 9.625印张 2插页
2006年 2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数：4,001-7,000

---

ISBN 978-7-228- 09840-8 定价：15.00元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى
ھېسام چاقچاقلىرى
«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 9.625 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 4,001-7,000
ISBN 978-7-228 - 09840-8
باھاسى: 15.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ھېسام قۇربان 1930 ــ يىلى غۇلجا شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1940 ــ يىلدىن 1944 ــ يىلىغىچە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، 1951 ــ يىلدىن 1961 ــ يىلىغىچە ئىلى ۋىلايەتلىك ۋە غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارەتلىرى بىلەن خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، 1961 ــ يىلدىن 1966 ــ يىلغا قەدەر غۇلجا ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، 1966 ــ يىلدىن 1980 ــ يىلىغا قەدەر غۇلجا شەھىرىدە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن، 1980 ــ يىلدىن تارتىپ غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن، 1991 ــ يىلى 1 ــ ئايدا پېنسىيىگە چىققان.

ھېسام قۇربان مەملىكەتلىك، ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەيئىتى، مەملىكەتلىك ھېكايىچىلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، غۇلجا شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

ھېسام قۇرباننىڭ دادىسى ئۆز ۋاقتىدا تونۇلغان چاق-

چاقچى بولۇپ، ھېسام دادىسىنىڭ تەسىرىدە ئون بىر، ئون ئىككى ياش چاغلىرىدا چاقچاقچىلار قاتارىغا كىرگەن. ئۇ چاقچاقتىكى ھازىر جاۋابلىقى، چاقچاق ۋە لەتىپىلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئىخچاملىقى ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەن «ھايات نەسىردىن ئەپەندى» دەپ نام ئېلىپ، ھەممە ئادەم بىلىدىغان مەشھۇر چاقچاقچىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ چاقچاق ۋە لەتىپىلىرى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىغىمۇ كەڭ تارقالغان.

بۇ كىتاب يازغۇچى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تۆھپىكارى ماخمۇت مۇھەممەت ئۇزۇن يىللار رەتلەپ تۈزگەن «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق كىتابقا ئاساسەن ئىشلەندى.



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن



ئۈرۈمچى

2006-يىلى

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 30 كىتاب نەشرىدىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى

(2 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. كۆك يالىلىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| 2. كۆك گۇمبەز | 19.00 يۈەن |

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

(10 كىتاب)

| | |
|---|---|
| 1. بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| 2. يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| 3. قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| 4. ئەجدىها يىگىت | 17.00 يۈەن |
| 5.كۇھقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |

6. مېھرى نىقاب 17.00 يۈەن

7. ھۆۋەي باتۇر 17.00 يۈەن

8. دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ 17.00 يۈەن

9. مەلىكە بەرنا 17.00 يۈەن

10. بۇقا موزايلاپتۇ 17.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

(5 كىتاب)

1. ئەمىرگۇر ئوغلى 17.00 يۈەن

2. نۇزۇگۇم 17.00 يۈەن

3. يۈسۈپ ـ زىلەيخا 18.00 يۈەن

4. تاھىر ـ زۆھرە 18.00 يۈەن

5. كاككۈك بىلەن زەينەپ 19.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

(5 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① 15.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② 12.50 يۈەن

3. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ 16.50 يۈەن

4. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ 16.50 يۈەن

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ 15.00 يۈەن

## ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى

(2 كىتاب)

1. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ① 19.00 يۈەن

2. ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ② 20.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى** 8.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى** 21.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى** 4.50 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى:** ھېسام چاقچاقلىرى 15.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى** 13.00 يۈەن

**ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى** 5.00 يۈەن

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە


ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ ........................ 1

ئۇ يەردىمۇ خورەك تارتىسەن ........................ 1

يامان ئىتمۇ بار ........................ 1

مۇشۇ بوغۇشۇڭدا ........................ 2

ئەپچىللىك ........................ 2

چەت ئەلچە تىللىما ........................ 3

بۈگۈن ئويۇنغا بارسەن ........................ 3

مېھماندوستلۇق ........................ 3

زوڭزايۇف ........................ 4

چېنىقىش ........................ 5

ئىككىنچى قول ........................ 6

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ........................ 6

ئەڭ ياخشى ئىش ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش ........................ 6

ئەپسانىگە جاۋاب ........................ 7

زاراتگاھلىقنى يۆتكەش ........................ 8

يارنىڭ لېۋى ........................ 8

ئېشەك ۋە تەخەي ........................ 9

گىلەم ئۇستىسى ........................ 9

پوچىلىق ........................ 10

قالغان ئوتتۇز ئۇچى ........................ 10

مەلۇمات ........................ 11

ئىچىدىكىسى ............ 11
جەننەت ۋە دوزاخ ............ 12
ئۆچكىلەرمىكىن دەپتىمەن ............ 12
جىنلارمۇ قورقىدۇ ............ 13
سۇ بىلەن كېتەي ............ 13
ھۈنەرنى قوشۇپ ساتسىڭىز ............ 14
ئايلىنىپ بېرىپ تېگىش ............ 15
گۇۋاھچى ............ 16
غالتەك بۇيرۇتۇش ............ 16
ھېسامنىڭ ئىلغار قاسساپ سايلىنىشى ............ 16
مەندەك ماڭالىساڭ ئىچ ............ 17
گۆش قىسچىلىقنىڭ سەۋەبى ............ 18
ئالاھىدىلىك ............ 18
يەنە بىر ئېشەك ............ 18
سىم ـ سىم قاتتىق ............ 19
ئارتۇقچىلىق ............ 19
«كۆپسىمەڭ»دىن بىر كىلو ............ 20
ئىككى ئادەت ............ 21
ئۇقماپتىمەن ............ 21
لەپەرچە مېڭىش ............ 22
لويلىنىڭ پۇلى ............ 22
تويدا يەيمىز دېگەنغۇ ............ 23
تەقسىمات ............ 23

ئۆيدىكىسىمۇ يېتەر ........................ 24
كالىنى ئەكېلىپ بېرىپ ........................ 24
قىرىق سوْيوْمگە ........................ 25
تاماشا ........................ 25
تويمىغوْرغا جاۋاب........................ 26
ئوبدان مەسلىھەت........................ 26
قاغىلار ۋە شەيتانلار........................ 27
زاسوْيخانىمىكىن دەپتىمەن ........................ 27
«نېرى توْرىلى» ۋە «بېرى كېلىلى» ........................ 28
سەجدىگە كېتىپ قوپالمايۋاتىدۇ ........................ 29
يەتمىش ئۇچىنچى هوْنەر ........................ 29
قايسى سۆزىڭىزگە ئىشىنەي ........................ 29
ئىلگىرى - كېيىن تويۇش ........................ 30
چاتاق يوق ........................ 31
نەق پوْل ۋە نەق تىل ........................ 31
يېرىم ۋە پوْتۇن دۆلەت........................ 32
ئاداۋەتنى يېپىش ........................ 32
پايدا قىلىدىغان دورا ........................ 33
مەست بولدۇم ........................ 33
كىچىك ئۆيلىنىش ........................ 34
سىز تاغارنىڭ تېشىدا ئىدىڭىز ........................ 34
يەنە بىردەم توْرغان بولسىڭىز ........................ 35
چاقنى تۆلىتىش ........................ 35

«بۇ شۇجىغا» ........................ 36
ئىسمىم دېموكراتىيە ........................ 37
ئاۋارىگەرچىلىك ........................ 37
ھەتتىگىنەي ........................ 38
ئاغىنىدارچىلىق ........................ 38
شاۋ ـ شۇۋ ........................ 39
ئاۋۋال سورىۋېلىڭ ........................ 39
ئەندىشە ........................ 40
ئەمدى مەشرەپ سىزگە كەلدى ........................ 40
باراڭلىققۇ تۈگىدى ........................ 41
ئەڭ تەس ئىش ........................ 42
بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز ........................ 42
باشلىق ئىزدەش ........................ 43
ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ........................ 44
ئوتتۇرىسىنى قانداق تاپىدۇ ........................ 44
قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز ........................ 44
بەرىبىر يالتىيىۋالىسىز ........................ 45
ئېشەك ھارۋا سېتىش ........................ 45
گۇناھ كىمدە ........................ 46
ئورنىدا مەن ئوقۇيمەن ........................ 47
باشلىقنى ماختاش ........................ 48
ئەمدى سالقىنداپ قالدى ........................ 48
ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز ........................ 49

جازام يېتىشكۈچە ......................... 49
ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم .................... 50
راستمۇ ........................................ 51
گۇناھ بولىدۇ ................................ 52
تويىدۇ ـ دە .................................... 53
مەستلىكنىڭ سىرى .......................... 53
مېھمانلىرىڭنى كۈتۈۋالغىن .................. 53
خەرىتە ئوخشىمايدۇ .......................... 54
خوتۇنىدىن قورققاننىڭ پايدىسى .............. 55
ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلەپسىز ........... 56
ھېلىمۇ ئويغىتىپ قويۇپتۇ ................... 56
ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن........... 57
خەۋەر تۇرماق................................. 57
داتلىشىپ كېتىپسىز ـ دە ..................... 58
ئىگىسىنى دورىغان ـ دە ....................... 58
ئەڭ تەس ئورما ............................... 58
پۇل خەجلەش .................................. 59
ئېشەكتىن چۈشسەم ........................... 59
بېلىق يۆتكەش ................................ 60
جېدەل ........................................ 60
كۆز ۋە قۇلاق ................................. 61
گۆشنى ئۇرۇش ................................ 61
مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز ......................... 62

شۇنچە ئۇزۇن يەرگە ........................62

دۇنيادا نېمە ئۇچلۇق ........................62

ئىتتەك ۋە بۇلبۇلدەك ........................63

شەھەر سوراش ........................63

توپ ئوينىماقچىدۇق ........................64

ئۆلمەيدىغان بولدۇڭ ........................64

يۈرەكنىڭ داپ چېلىشى ........................65

كەمتۇك چىش ........................65

ئىككىسى ئىككى گەپ ........................66

تېلېفوندا سۆزلىشىش ........................67

دانا جاۋاب ........................67

سېتىپ پۇل قىلىپ قويدۇم ........................68

يۈزسىز ........................68

مېنى چىشلىمەيدۇ ........................69

كۆڭۈل بۆلۈش ........................69

چىۋىن ........................70

بىر نومۇر پايدا ئالامسىز ........................70

دوكلاتچى ........................71

پىيما ........................71

مۇشائىرە ........................72

بىخەتەرلىك ........................72

رەسسام ........................72

ئەپتىڭىزگىمۇ ئېلىپ قويدۇم ........................73

تاڭگار سېتىش ........................................ 74
سوئال ـ جاۋاب ........................................ 75
كۆۋرۈك يوق، كېتىپ قالدى ........................................ 75
مۈشت قورۇپ يېدۇق ........................................ 76
باھانە ........................................ 76
مۇسابىقىدە ........................................ 77
ئەخمەق ........................................ 77
تالوننى ئالماشتۇرۇپ كېلىڭ ........................................ 78
مەرگەن ........................................ 78
مەنمۇ تېپىمەن ........................................ 79
توقۇمىچى ........................................ 79
جەڭ ........................................ 80
چاقچاقنىڭ كېيىمى ........................................ 80
ئۆتكۈر تەنبىھ ........................................ 80
نېمىگە يارالغان ........................................ 81
ھاراق كۆتۈرۈش ........................................ 81
ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن ........................................ 82
ئەڭ ئۇزۇن كېچە ........................................ 82
بوياش ........................................ 82
مەندەك ئاغرىپ يۈرۈپسىز ـ دە ........................................ 83
يانچۇقچى چىۋىن ........................................ 83
يەنە قايتىپ كېلەيمۇ ........................................ 83
«ئىشتىن سىرتقى ساقال» ........................................ 84

جۆندەلگەن گەپ ........................84
ئاپتوبۇس بىلەن كېتەي ........................85
گۆردىن ـ گۆرگە كۆچۈپ ........................85
نېمە تېتىيدۇ ........................86
قوشۇپلا دەپ بېرەي ........................86
ياۋايى هايۋان ........................87
تۇرمۇشنى بىلىش ........................87
تويلۇق سوۋغا ........................87
ئادەم چېلىنۋاتىمىز ........................88
ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ ........................88
ئەتىگىنى ئىزدەيمەن ........................89
تاماكا ۋە ئۆپكە ........................89
شۈكۈر قىلىڭ ........................89
بالام نېمىشقا ماڭمايدۇ ........................90
كالاچ ئىزدەش ........................90
ئايالىنى ماختاش ........................91
لەڭمەنگە زاكاز ........................91
مىجەزگە بېقىپ ........................92
ماشىنىچىغا جاۋاب ........................92
ئازراقلا چىدايلا ........................93
رەخت ۋە پۇل ........................93
قالغىنىنى باشقىلاردىن سوراڭ ........................94
بۇداقىسىنىڭ ئىسمىنى ........................94

باشلىقنىڭ ئايالى ............................ 95
قول باغلىشىش ............................ 95
ئالامەت جاۋابلار ............................ 96
سىلەرنى ئاۋارە بولمىسۇن دەپ ............................ 96
خىجىل بولغاچقا ............................ 97
چاقچىقنىغا يارىشا چاقچاق ............................ 97
مۇشتتقا ئىشتىها ساقلاۋاتىمەن ............................ 97
ساراڭلاردىن باشقىلار ............................ 98
خىجىللىق ............................ 98
ھەممىسى ھېسام بولۇپ كەتسە ............................ 99
سوۋغات ۋە ئاۋاز ............................ 99
يامان تەسىرىڭ قېپقالدى ............................ 99
چېكىشلىك تاماكا ............................ 100
شۇمەك ............................ 100
سىلىنى يېقىن تۇتالمايدىكەنمەن ............................ 100
ھېسامنىڭ رەھمىتى ............................ 101
تۆمۈر تۇلۇڭ ۋە گۆش تۇلۇڭ ............................ 101
سۇرەتچىمۇ بىلىدىكەن ............................ 102
ئۆز قولى بىلەن ............................ 102
قانىتى بوغۇقلۇقمىكىن ............................ 103
چىلڭ تۇرۇش ............................ 103
ئەينەن چىقىسىز ............................ 104
يۆتكەش ............................ 104

تېجىمەلگە جاۋاب ........................ 105
كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ........................ 105
چامباشچى ........................ 105
تەدبىر قوللىنىش ........................ 106
چايدان سېتىۋېلىش ........................ 106
ئايدىڭ ........................ 107
سېنى تونۇيدىكەنغۇ ........................ 107
ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ ........................ 107
تېلېۋىزور ۋە ھېسام ........................ 108
توغرا دىئاگنوز ........................ 108
سەن كەلمىسەڭلا ........................ 108
ئالامەت يەر ئىكەن ........................ 109
تەڭگە يېگۈزۈۋەرگىن ........................ 109
«خۇشامەت» نىڭ مەنىسى ........................ 110
ئاقمىدىغان يەر ........................ 110
قانات سۆرەۋاتىدۇ ........................ 110
ئۆزىڭىز نېمە دېگەن ........................ 111
سۇرەت ۋە دورا ........................ 111
ياخشى كۆرىدىغان نەرسە ........................ 112
يېقىنلىق ........................ 112
پالچى ۋە ھېسام ........................ 112
تەڭلا ئۆسۈش ........................ 113
خەيرىيەت ........................ 113

سۆزنگىز كېرەك ........................ 113
ئەكسىچە ................................ 114
ئون تىيىنلىق سامسىنىڭ ئىچىدىن ........... 114
يەكمۇ يەك .............................. 115
خۇشامەتچىگە جاۋاب ....................... 115
ياخشى ئامال ............................ 115
هاراق تېپىلمىسا ......................... 116
ياخشى مەسلىھەت ......................... 116
ئەپۇ قىلىڭ ............................. 117
ئېزىپ كىرىپ قاپتىمەن .................... 117
ھېسامىنىڭ ئامالى ........................ 118
خاتىرجەم ئېلىۋېلىڭ ...................... 118
چىرايلىق .............................. 118
بىرلا تەجرىبىمىز بار ..................... 119
بىلىمىز ............................... 119
گال ۋە قۇلاق ............................ 120
ئەخمەق ................................ 120
چوڭ ئىشقۇ يوق .......................... 121
ئېگىز پاشىنىلىق ئاياغ .................... 121
ساق يېرىمى بىلەن ........................ 122
مەستىنىڭ تەرىپى ........................ 122
چېقىش ................................ 122
چۇشۇپ كېتەي ........................... 123

سىنى تىللاپتۇ ........................ 123
ئولتۇرۇشنىڭ پوجاڭزىسى ........................ 124
بۆلۈپ ئۇرمامسىز ........................ 124
ئوخشىتىش ........................ 125
كىتاب ئوغرىسى ........................ 125
ماختىنىش نۆۋىتى ........................ 125
دۈشمەن ئاياغ ........................ 126
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ........................ 126
كۆپنى كۆرۈش ........................ 127
ئەجەب ئەمەس ........................ 127
غەم قىلىش ۋاقتى ........................ 127
يېمەيدىغان تاماق ........................ 128
چۈشەندىم ........................ 128
ئوخشىتىش ........................ 128
ھوقۇقى بار ........................ 129
قانداق چۈشەنتتۇق ........................ 129
چاپلايدۇ ........................ 129
قانۇنىيەت بويىچە ........................ 130
شاتۇتى ........................ 130
سىزگە يېتىش نەدە ........................ 131
پۇل خەجلىسەڭ تەرلەيسەن ........................ 131
ئىتنىڭ ئادىتى ........................ 131
زۇكامنىڭ پىچىقى ........................ 132

هازىرچە كىرەلمەيمەن ........................132
قىزىتىپ بېرىمەن ........................133
تاشلىۋەتمىسۇن ........................133
كېيىنكى قېتىم ........................134
ھېسامنىڭ شەرھلىشى ........................134
شۇنىڭغىمۇ كېلەمسىز ........................134
سەۋيىسى بار ........................135
سەلدىن كېيىن بولىدۇ ........................135
سىلەردىن ئۆگەنگەن ........................136
ئالاھىدە قوي ........................136
ئىچىلىپ ........................137
مۇھەببەت ئىزى ........................137
چېكىش ........................137
بۇرۇنقىسىمۇ، ئەمەسمۇ ........................138
بالدۇر ئەمەس ........................138
تىك تۇرىدۇ ........................138
ئەخمەق ........................139
تۆتتىن قورقمايدۇ ........................139
ئەجدىھا ........................140
ئۇ چاغدا تۇخۇم بار ئىدى ........................141
سۆز بىرىكمىسى ........................141
ئادەم بولاي دەيمەن ........................142
ماختىنىش ........................142

جايىدا جاۋاب ............................. 142
قورقماسلىقنىڭ سەۋەبى ............................. 143
ئىككى خىل مەستلىك ............................. 143
تاڭ ئاتقاندا ............................. 143
ياندۇرۇش ............................. 144
قانداق كىشى ............................. 144
هازىرلا بىرىنۋېتىڭ ............................. 144
تەجرىبە تونۇشتۇرۇش ............................. 145
ئىشتانىنىمۇ تەتۈر كىيىۋالىمەن ............................. 145
مۇھىم نۇقتا ............................. 146
ئىشەندىم ............................. 146
ئۇنداق بولسا ............................. 146
غەلىتە ئىش ............................. 147
ئۇزۇن چاقچاق ............................. 147
پۇلنىڭ خىسلىتى ............................. 148
سىزنىڭمۇ چىقىدۇ ............................. 148
خاتىرجەم بول ............................. 148
تامغا يۆلىنىۋالساڭ ............................. 149
ۋېلسىپىتنىڭ بەلگىسى ............................. 149
چۆچۈرىخانىغا كىرىپ قاپتىمىز ـ دە ............................. 149
توغرا جاۋاب ............................. 150
خەسىسنىڭ يىغىسى ............................. 150
ئازدىن باشلىنىدۇ ............................. 150

ئۆلەتتىمغۇ، بىراق ........................ 151
ياشاپ كەت .................................. 151
ياقىلىق ...................................... 151
سىزنى يوقلاپ بېرىۋىدىم ...................... 152
كۆن كۆرۈش .................................. 152
ھېلىمۇ ئىچىدۇ ................................ 153
چاقچاقنىڭ نەرخى ............................. 153
ھېسداشلىق .................................. 154
ئۈنتۈپ قالىدىكەن ............................. 154
پەرھادنىڭ تاغقا قېچىشى ....................... 154
كۆزۈمگە كىرىپ كەتمىسۇن دەپ ................... 155
مۇشۇمۇ قويىمۇ ............................... 155
ياخشى سوراپ قالدىڭىز ......................... 155
بىز چىقمىساق ................................. 156
كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋەتسىڭىز .................. 156
ئاۋارە بولماستىن .............................. 157
ساقايغۇچە تۇرىمىز ............................ 157
توكنىڭ ھوقۇقى ................................ 158
يېقىنلىرىنى ئايايدۇ ............................ 158
ئەندىشە ...................................... 158
ھېسامنىڭ قېچىشى ............................. 159
ياخشى جاۋاب .................................. 159
نان بىلەن ئىچىتىم ـ دە ........................ 160

خالىغىنىنى يەيدۇ ........................ 160
بوياش ........................................ 161
چەككوچ ...................................... 161
مېڭىشنى ئوخشىتىش ......................... 161
«خەپ»نىڭ يەشمىسى ......................... 162
تېلېۋىزور كۆرمىگەنلەر ......................... 162
ھەق تەگمەيدىغان يەر ......................... 163
پىيادە كېتىۋېرىمەن ............................ 164
ئەپلەشمىگەن چاقچاقلا .......................... 164
مەن ئاچالمىغان يەردە .......................... 164
دىئاگنوز ....................................... 165
سەمرىشنىڭ ئامالى ............................. 165
ھېسامنىڭ ماختىنىشى ........................... 165
يېڭىچە ئوخشىتىش .............................. 166
بەك تەس ئىكەن ................................ 166
نومۇر سېلىپ قويغاچقا .......................... 167
مۇزدەك پىۋا .................................... 167
تەۋەررۇك ئاپقۇر ................................ 167
ياخشى ۋاقتىدا ................................... 168
تالانت ئىگىسى ................................... 168
چاقماقلىق قەلەم ................................. 168
سۈت سۈيۈق بولمىسىلا ......................... 169
كۆزنىڭزگە قىستۇرۇك ........................... 169

كېچىدە شوُنداق كۆرۈنىدۇ ........................ 170
تەرەت قەغەزمۇ ساتىمىز ........................ 171
پىلانلىق توُغوُتنىڭ پايدىسى ........................ 171
يېڭىچە ئىسىم ........................ 171
باش ........................ 172
قايتۇرمايدۇ ........................ 172
پۇشايمان ........................ 173
ساددا ھېسام ........................ 173
تويماسقا مەسلىھەت ........................ 173
جىڭ ئاياغ ساتىدىغان يەرگە ........................ 174
ھاجەتمەنىنىڭ بولسا ........................ 174
مېھمانلارنى بەزدۇرۇش ئۈچۈن ........................ 175
نان تېگىشكىلى كەلدىم ........................ 175
مەنتاڭ بېلىتى ........................ 176
ئىككى كىلولۇق گۆش ........................ 176
تىترەش ۋە تىترىمەسلىك ........................ 177
قەلب ئالماشتۇرۇش ........................ 177
نەنىڭ تاۋۇزى ياخشى ........................ 177
دەلدەڭشىيدىغان بوي ........................ 178
ئۈچ قېتىم تارتىش ........................ 178
راھەت شۇ بولسا ........................ 178
ئاچچىقىدىن ئالاي ........................ 179
ئەسكە ئېلىش ........................ 179

هېسامنىڭ نەرخى ........................ 179
قايسىسىنى دەي ........................ 180
كەچلىك بازار ........................ 180
يۇتۇۋېلىش ........................ 181
مەسخىرە ........................ 181
كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپسام ........................ 182
چېلىشچى ........................ 182
ئىقتىسادىي زىيانئەت ........................ 182
بوران ........................ 183
مېنىڭ ئېتىم ئېشەك ئەمەس ........................ 183
بۇدا كۆرۈشكەندە ........................ 184
ماقالدىن قورققان بولسا كېرەك ........................ 185
چاقچاق پۇلى ........................ 185
تومۇزنىڭ قىزىقىدىن قاچۇرۇپ ........................ 185
قايسى ياخشى ........................ 186
سەۋەبى ........................ 186
تۆت دۆلەتنىڭ كۆچى بار ........................ 186
يۇقۇپ قاپتۇ ........................ 187
ئاجايىپ تۇر ........................ 187
پىياز قانچە پۇل ........................ 188
سىزگە ئوخشاش ........................ 188
باي بولۇش ........................ 188
هۆ قىلىۋاتامدىكىن دەپتىمەن ........................ 189

چاقچاقمۇ تۇغامدۇ ............................189
ئىسرىق ............................190
ئۆزىڭىزلا كەم ............................190
بۇ سارالڭ بولسا ............................191
چاشقاننىڭ كاساپىتى ............................191
قاندىقىلا بولسا ............................191
تاۋۇزچى بىلەن پارالڭ ............................192
چاقچاقتىن توپا توزۇپ ............................192
مۇشۇنداق ئۆيىنى تاپقاندا ............................192
ئاخىرقى مىسرا ............................193
تۇز ئىشلەتمەيدىغان تاماق ............................194
تالانتىنىڭ سىرى ............................194
ئاق ............................195
نەشىنىڭ پايدىسى ............................195
مايمۇنچە ئولتۇرۇش ............................195
ئىتنى چىشلىگەن ئادەم ............................196
دوكلاتنى باغلاش ............................196
غارلا قىلسا قاچىمەن ............................196
دۇم تۆت ............................197
چولڭ ۋە كىچىك قازان ............................197
ئۆزۈم چىقىپ كېتەلەيمەن ............................197
چاپان سېتىۋېلىش ............................198
ئېچىپ يېيىش ............................198

سۆزنى ئۆلچەش ......................... 199
جەرىمانە ................................ 199
ئىگىسى نەدە .............................. 199
ھېكايە ۋە خەۋەر ......................... 200
شوڭلاشقا ................................ 200
باشقىسىنى دەڭا .......................... 200
قېرىش ................................... 201
ئەكىلىپ بېرىش ........................... 201
«بەشتە ياخشى» نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ .. 202
قەرز .................................... 202
توسۇلۇپ قالمايدۇ ......................... 203
كۆچۈك باغلىۋېلىڭ ......................... 203
يالقۇنلۇق پاراڭ .......................... 204
نەپسى بالا تونۇر ......................... 204
قاسقان ئورنىتىۋېلىڭلار ................... 204
ئەپچىل جاۋاب ............................ 205
بىر تاغار قىرغاۋۇل ....................... 205
مەشەدىمىكىن دەپتىمەن .................... 206
ساتىراشخانىغا بارغىن .................... 206
بېخىلنى ئوخشىتىش ........................ 206
تېلېۋىزور توغسا .......................... 207
نېمە قىلاتتى ............................. 208
كونا ھۈنەر .............................. 208

خورەكنىڭ سەۋەبى ........................ 208
بىكارغا ئالغان چاچ ........................ 209
ئۇستىرا بىلىگەن ھەقنى بېرەرسىز ............ 209
تۆت تونىنا قان ........................ 210
بۇنىڭ تويى بولغان بىلەن ........................ 210
ۋاپۇرۇش ئەمەس ........................ 210
خاماندا ياتقاندەك ياتتۇق ........................ 211
چوڭ بولسا ........................ 211
كېكەچ قوي ........................ 211
بېلەتنى قايتۇرۇۋېتەي ........................ 212
سايەممىكىن دەپتىمەن ........................ 212
چاقچاقنى كۆتۈرۈش ........................ 213
باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى ........................ 213
ياندۇرىدۇ ـ دە ........................ 214
ئېسىڭىزگە سېلىپ قويۇۋاتىمەن ........................ 214
سەۋەب ........................ 214
ئېلان بىلەن خەۋەرنىڭ پەرقى ........................ 215
كۆڭۈلدىكىدەك مەسلىھەت ........................ 215
مىجەزىگە يارىشا ........................ 215
نەگىرەك تاشلىدىڭىز ........................ 216
خوتۇن قېچىۋاتسا ........................ 216
ئاسما ئوكۇلدەك ........................ 217
پوغا پو بىلەن ........................ 217

ئاخىر چاچراپ كېتىپتۇ ـ دە ......................... 217
سەنلەرمۇ قەسەم ئىچكەنمۇ ......................... 218
تېلېفون ئارقىلىق تىلەيدۇ ......................... 218
قاۋاقخانىغىچە ......................... 219
ئاسان چارە ......................... 219
مۇشۇكتىن سورا ......................... 219
نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ......................... 220
ۋەدە يانمىسۇن ......................... 220
ئالداش ......................... 220
ئاۋۋال كاستۇممىڭنى ئەكەل ......................... 221
ئىقتىسادچانلىق ......................... 221
چاقمايدۇ ......................... 222
بەك ئوڭاي ......................... 222
قويۇۋېتىڭ ......................... 222
ئىككى خىل نەرسە ......................... 223
ۋەھىي ......................... 223
بىر سوئال، ئىككى سەۋەب ......................... 224
تاماق سىڭدۇرۇش ......................... 224
ئىدارىنىڭ پۇتى ......................... 225
قېرىپ قالغان «س» ......................... 225
چېكىپ بولۇپ تاشلىمامدىم ......................... 226
ئىككى يېرىم ......................... 226
ئۆزگىچىلىك ......................... 226

سىلىۋېتىدىغان ئىشتان ........................227
سوغۇقنىڭ ئەڭ چېكى ........................227
ئىشىكنىڭ ئىچىلىشى ........................228
ھاكاۋۇرنىڭ سالىمى ........................228
قانداق قىلاي ........................229
ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى ........................229
نەق جاۋاب ........................230
تەمىنى تېتىپ بېقىش ........................230
ئەجەبلىنىش ........................230
دورا ........................231
ئەمدى مېنى كۆتۈرسۇن ........................231
كەم نومۇر ........................232
شۇڭلاشقا شۇنداق ........................232
ئۇ تەرەپتىكى ئادەمنىڭ ........................233
سەۋر سىرى ........................233
مەنسەپ تۇرۇپ قاپتۇ ........................234
ئارقا ئىشىكنى ئىزدەش ........................234
چاقچاق سىرلاش ........................234
تەسىرات ۋە چاۋاك ........................235
يېرىم كولكە ........................235
تازا لايىق قورال ........................236
ئاغزىمنىمۇ بىرەيمۇ ........................236
يۈز ماي ئېلىپ كېلەي ........................237

قىزىم ساڭا ئېيتاي ..................... 237
پۇلغا يارىشا ..................... 237
كۈلۈمسىرەش كەم ..................... 238
ئادۋوكات ..................... 238
كەلمىگەنلەردىن بىرىدۇ ..................... 238
بېلىق تورى ..................... 239
سىز پېنسىيىگە چىقسىڭىز ..................... 239
هاراقنىڭ كەيپىدە ..................... 240
كىم ئوغرى ..................... 240
قىشتىكى مۇئام ..................... 241
خەرىتە ..................... 241
ئويغىتىش ..................... 241
قاپاقنىڭ پەرقى ..................... 242
قىزىقكەنسىزغۇ ..................... 242
قۇتقۇزۇش ۋە مېھمان قىلىش ..................... 242
ئوچۇق دەرسنى بەك چۈشىنىمىز ..................... 243
كاۋاك يەردە ..................... 243
پەرەز ..................... 243
ئۆيگە بارغاندا يىغلاپ بېرەي ..................... 244
پۇتلاشسا ياتىدۇ ..................... 244
هاسىراپلا يۈرىدىغان ..................... 245
قايسىسىنى ماختاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن ..................... 245
«هايت» دەپ قويدۇم ..................... 245

قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمىغان بىلەن ................ 246
كەكلىك ئوۋلاش ............................ 246
پەندىيات ................................. 247
پوچىغا جاۋاب ............................. 247
كۆڭۈلگە يارىشا قىلىق ..................... 248
بىر بارغۇچە .............................. 248
يازىدۇ ................................... 249
باش بىكار بولمىسا ........................ 249
ساق قالغان كۆزنەكنىمۇ .................... 249
فىرما قالىدۇ ............................. 250
مۇشتەرىنىڭ پىكرى ......................... 250
سۆزنىڭ تەسىرى ............................ 251
سىزنى دوراۋاتىدۇ ......................... 251
قاياققا قارىتىپ قويسا .................... 252
تېزرەك پىشقىنىنى ......................... 252
يازدا ۋە كۈزدە ........................... 252
ياسالما سۆز .............................. 253
ھېسامنىڭ شۈكرىسى ......................... 253
سەندەك يىغلاڭغۇ بولمىسا .................. 254
بىر يۈرۈشلا بولۇپ كەتسۇن ................. 254
مۇشۇنداق كېلىۋەرسىڭىز .................... 255
ئوبلاست دەرىجىلىك مىجەز .................. 255

بەگگىنىڭ مۈچىلى ........................ 256
قالغىنىغا كىم قالىدۇ ........................ 256
تەگپۇگلاشسۇن دېدىم ........................ 257
ھېسامىنىڭ يۈرۈشى ........................ 257
يولدا كېلىۋاتىدۇ ........................ 258
چۈنكى ........................ 258
چارنى چوقۇلىغىلى بولمايدۇ ........................ 258
لۇغەت ياسايمەن ........................ 259
تېخى ياخشى ........................ 259
چىش دوختۇرىغا نەزم ........................ 259
يىرتىلغان ئاياغ ........................ 260
چالاي ـ چالاي دەپ ........................ 260
سۆز ۋە چاقچاق ........................ 260
گېزىتكە يېزىلىش ........................ 261
تەسكەينىڭ پايدىسى ........................ 261
گىلاس ئۈزۈش ........................ 262
تۈگىمەس قەرز ........................ 262
خەت ۋە گەپ ........................ 262
ئەمدى ئاغرىغاننى تارتىڭ ........................ 263
توختامدىمەن ........................ 263
چىش ........................ 263
ساق ئادەمنىڭمۇ ........................ 264

جۇملە تۈزۈش ........................ 264
مەسئۇلىيەت ........................ 265
چۈشلۈك غىزا ........................ 265
كۆزنى يۇمۇش ........................ 266
خەۋەر ئەۋەتىش ........................ 266
قوش سالام ........................ 267
خادىك ئارا ........................ 267
غازنىڭ سۆزى ........................ 268
ئىچمەسلىكىم ئۈچۈن ........................ 268
دەرۋىشكە ئوخشاپتۇ ........................ 269
خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ........................ 269
ئاككوردىيوننىڭ پائىلاتونى ........................ 270
ئالمامدىغان ........................ 270
قالغىنىنى تۈزلىۋالاي ........................ 271
دۈشمەن ........................ 271
قالتىس يول ........................ 271
ئەڭ تەس ئىش ........................ 272
ئەتىر پۇرايدۇ ........................ 272
ئەزمىگە جاۋاب ........................ 273
قانداق كىتاب ........................ 273
ئەسكەرتىش ........................ 274
بىر مىنىۋالساڭ ........................ 274

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

دائىم ھېسامنى گەپتىن چۇشۇرمەكچى بولۇپلا يۈرىدىغان بىر كىشى چوڭ بىر سورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ھېسام، سېنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېسام بەخۇدۇك جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— سېنى قويۇپ بەرگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا.

## ئۇ يەردىمۇ خورەك تارتىسەن

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، ئىككىلەن تەڭلا ئۆلسەك، بىر گۆرگە قويسا، چاقچاقلىشىپ يېتىپ زېرىكمەيتتۇق ـ دە؟

— ياق، بۇرادەر، سەن بىلەن بىر گۆردە ياتمايمەن.

— نېمىشقا؟ — ھەيران بوپتۇ ئاغىنىسى.

— سېنىڭ خورەك تارتىدىغان ئەسكى قىلىقىڭ بار، ئۇ يەردىمۇ مېنى ئارامخۇدا ئۇخلاتمايسەن، — دەپتۇ ھېسام.

## يامان ئىتىمۇ بار

ھېسام بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىر يەردىن قايتىپ ئۆز دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇلارنى رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.

— ئۆيۈڭگە كىرسەك مېھمان قىلغۇدەك نېمەڭ بار، ئاغى-

نە؟ — دەپ سوراپتۇ بىرەيلەن چاقچاق قىلىپ.

— تاۋۇز بار، ئۈزۈم بار، يۇمشاققىنە نانمۇ بار...، — ئاغىنىلىرىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھېسام دەررۇ سۆزىنى يۆتكەپتۇ، — باغلاقسىز يامان ئىتمۇ بار، قورقمىساڭلار، مەرھەمەت!

## مۇشۇ بوغۇشۇڭدا



بىر مەشرەپتە ھېسامنىڭ چاقچىقىغا چىدىمىغان بىر يىگىت ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىغان ھېسام دەررۇ سوراپتۇ:

— بۇرادەر، مۇشۇنداق بوغۇشۇڭدا مەن نەچچە سۇپۇرگە چىققۇدەكمەن؟

## ئېچىللىك

ھېسام سەنئەتچى ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ياسىما ساقىلى ئۈزۈلۈپ قولىغا چىقىپتۇ. ئوسال ئەھۋالدا قالغان ھېسام دەرھال ئىشنى گەپ بىلەن ئوڭشاپ:

— توۋا، خالايىق كۆردۈڭلارمۇ، قېرىغاندا ساقالىغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن - ھە! — دەپتۇ - دە، ساقالنى يانچۇقىغا سېلىپ رولىنى داۋام ئەتتۈرۈۋېرىپتۇ.

## چەت ئەلچە تىللىما

ھېسام خوتۇنىنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ۋە ياسانچۇقلۇقىدىن قوشنىسىغا شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ. شىكايەتنى ئاڭلىغان قوشنىسى ھېسامغا ئىچ ئاغرىتىپ دەپتۇ:

— خەپ، بۇدا شۇنداق قىلسا مېنىلا چاقىر، سۇۋالچىنى[1] بارغۇ...

— ئاستىراق، ئاداش، — دەپتۇ ھېسام قوشنىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— ھە، نېمە؟ — ھەيران بوپتۇ قوشنىسى.

— چەت ئەلچە تىللىما، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېسام، — خوتۇن ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ.

## بۇگۈن ئويۇنغا بارسەن

ھېسام كىچىك ۋاقتىدا كۈندىلا كىنوغا باراتتىكەن. بىر كۈنى ئۇ تامىقىنى يەپلا تالاغا مېڭىشىغا دادىسى ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ھېسام، سەن نېمانچە ئابدال بولۇپ كەتتىڭ ! يەنە كىنوغا بارامسەن؟

— ياق، دادا، بۇگۈن ئويۇنغا بارىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام.

## مېھماندوستلۇق

بىر كۈنى ھېسامنىڭ ئۆيىگە ئىككى مېھمان كەپتۇ. ھېسام، ئايالى ۋە ئىككى مېھمان بولۇپ تۆتەيلەن تاماق يېيىشىۋاتقاندا،

---

[1] سۇۋالچ — (رۇسچە) بەچچىخەر.

مېھمانلاردىن بىرى ئۆزى يېقىندىلا ئايلىنىپ كەلگەن يايلاقنىڭ گېپىگە چۈشۈپتۇ:

— ھېسامكا، يايلاقتىكى كىشىلەر ئاجايىپ مېھماندوست كېلىدىكەن، سىزدەك، بىزدەك بىرەر مېھمان بېرىپ قالسا، مەسىلەن، مەن سويىدىكەنمەن بىر قوي، مۇنۇ بۇرادىرىمىز سويىدىكەن بىر قوي، سىز سويىدىكەنسىز بىر قوي، بۇ ھەدىمىز سويىدىكەن بىر قوي...

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ھېسام سۆزىنى بۆلۈپتۇ:

— توختاڭ، ئۇكام، مەن بىر قوي سويغاندىن كېيىن بولدى ـ دە، ھەدىڭىز يەنە نەنىڭ قويىنى سويىدۇ؟

## زوخرايوف

بازاردا كېتىۋاتقان ھېسامنى كاۋاپدان ئالدىدا ئىچىشمەك قىلىپ ئولتۇرغان سۆلەتلىك ئۈچ مەست توختىتىپتۇ. شۇ ئارىدا قاتناش ساقچىسى ئۇلارنى يول تۈپىدىن چەتكە چىقىپ ئولتۇرۇشقا بىرنەچچە قېتىم دەۋەت قىپتۇ. مەستلەر گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ھەربىرىنىڭ ئىسمىنى سوراشقا باشلاپتۇ.

— مۇسايوف، — دەپتۇ چوڭ سۈپەت مەستلەردىن بىرى گىدەيگەن ھالدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— نۇرتايوف، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مىرزايوف، — دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

سورۇنغا ئەمدىلا قېتىلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان پېتى بىر زىخ كاۋاپنى يەۋاتقان ھېسام ھېلىقى ئۈچەيلەندىنمۇ ئاشۇرۇپ گىدەيگىنىچە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ:

— مېنىڭ فامىلەم زوڭزايوف.

# چېنىقىش

ھېسامنى گەپتە چۇشۇرەلمىگەن بىر تۇركۇم ياشلار ئۇنى جېلىلىيۇزىگە ئاچچىقىپ بىر «چۇشۇرۇش»نى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

يېرىم يولغا بارغاندا يىگىتلەر ھارۋىنى توختىتىپ ئەدەپكە چۇشۇپتۇ. ھېسام ئەمدىلا ھارۋىدىن چۇشۇشىگە، باشقىلار سەكرەپ ھارۋىغا چىقىشىپ، ئاتنى چاپتۇرۇپ ھارۋىنى ئەپقېچىپتۇ، ھارۋىنىڭ سۇرئىتىنى بىر تېزلىتىپ، بىر ئاستىلىتىپ، مەنزىلگە يەتكۇچە ھېسامنى پىيادە قويۇپتۇ. كېيىن ھېسامغا چاقچاق قىلىپ: «ھېسامكا، بۇگۇن ئۇزۇڭغا يۇگۇرۇشتە بىر چېنىقىۋالدىڭىز – دە» دەپ كۇلۇشۇپتۇ.

شۇ كېچىسى ئۆرۈك سەيلىسى ۋە مەشرەپتىن چارچىغان يىگىتلەر ئۆرۈكلۈك باغدىلا ئۇخلاپتۇ. پەيتنى كۇتكەن ھېسام ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قوشنا ھويلىدىكى لاپاسنىڭ گىرۋىكىدىن ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇپ، شوتىنى تىقىپ قويۇپتۇ.

ئەتىسى ۋاخچە ئويغانغان يىگىتلەر ئۆز كىيىملىرىنى لاپاسنىڭ قىرغىقىدا كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇ ھېسامنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي، نۆۋەت بىلەن سەكرىشىپ كىيىمنى ئالماق بوپتۇ. بىراق، ھېچقايسىسى كىيىمنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ھېسامغا دوق قىلىشىپتۇ:

— ھېسامكا، شۇمۇ قىلىق بولدىمۇ؟

ھېسام خاتىرجەم جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن ئۇزۇڭغا يۇگۇرۇپ چېنىققان بولسام، سىلەر ئېگىزگە سەكرەپ چېنىقىۋالدىڭلار.

# ئىككىنچى قول

ھېسام ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى ھەر دائىم ئىدارىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىپ كادىرلارنى بىزار قىپتۇ.

بىر قېتىم باشلىقنىڭ ئالدىدا بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— يولداش، ئىدارەڭلەرنىڭ ئىككىنچى قول باشلىقى كىم-كىمن؟

ھېسام قولى بىلەن باشلىق تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئىككىنچى قول باشلىق — بىزنىڭ مۇنۇ باشلىقنىڭ ئا-يالى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى

ھېسام ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆز گېپىنىلا راست قىلىدىغان كىشى ئىكەن. ھېسام باشلىقنىڭ بۇ مىجەزد-گە بىرنەچچە قېتىم پىكىر بېرىپ دەككىمۇ يېگەنىكەن.

بىر كۈنى ئىدارىدە «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قوزغىلىپتۇ. ھېسام ئۈنچىقماي ئول-تۇرۇپتۇ. بىرھازادىن كېيىن باشلىق:

— ھېسام، سىزمۇ ئۆز تونۇشىڭىزنى دەپ بېقىڭ، — دەپ-تىكەن، ھېسام:

— بۇ ئىنتايىن ئوچۇق گەپقۇ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سىزنىڭ سۆزىڭىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# ئەڭ ياخشى ئىش ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش

رامزان ئېيىنىڭ بىر ئاخشىمى تەمەخور ئىمام تەرەۋدىن



قايتۇرۇپتۇ ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم ھېسامدىن، بىلەمسەن، دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش نېمە ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش نېمە؟

ھېسام ھۆرمەت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— بىلمەمدىغان، تەقسىر، ئەڭ ياخشى ئىش — خەقنىڭ جانابلىرىنى ئەپتارغا چاقىرىشى، ئەڭ يېقىملىق ئىش — ئىپتاردىن يانغاندا زولۇققا يېسىلە، دەپ ئىككى قاتلىمىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ قويۇشى.

## ئېسىل جاۋاب

دائىم ئەپسانە چاقچاق قىلىدىغان بىرى ھېسام قاتناشقان ئولتۇرۇشتىمۇ ئەپسانە چاقچاقلار بىلەن كىشىلەرنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

شۇ ئارىدا ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سازچى دۇتارنى سازلاشقا باشلاپتىكەن، دۇتارنىڭ قۇلىقى توختىماي ئاۋارە قىپتۇ. پەيتتىن پايدىلانغان ھېلىقى چاقچاقچى ھېسامغا گەپ تاشلاپتۇ:

— ھېسامدىن، دۇتارنىڭ قۇلىقىغا بىر توكۇرۇپ بېرىڭا، قۇلاق توختىسۇن.

— جان دەپ تۇكۇرۇپ بېرەتتىم، — دەپتۇ ھېسام دەر-رۇ، — بىراق، باياتىن بېرى ئەپسانە چاقچاقلارغا تۇكۇرۇۋېرىپ، زادىلا تۇكۇرۇكۇم قالمىدى.

## زاراتكاھلىقنى يۆتكەش

مەھەللىدىكى يىگىتلەر ئوينىغان قاتار مەشرەپ نۆۋىتى مە-ھەللە ئىمامىنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ. شۇ كۈنى ئىمام بىر يەرگە كېتىپ، كەچرەك ئۆيىگە قايتقانىكەن، ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگە مەشرەپتىكى مەستلەرنى نېرىقى ئۆيگە يۆتكەۋاتقان يىگىتكە كۆزى چۈشۈپتۇ. ھەيران بولغان ئىمام:

— ھاي - ھاي، نېمە ساراسىمە بۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

پېشايۋاندا سالقىنداپ ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ يۈگۈرۈپ ئىمامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ:

— ھېچ گەپ يوق، تەقسىر، زاراتكاھلىقنى يۆتكەۋاتىمىز، — دەپتۇ.

## يارنىڭ لىۋى

ھېسام تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھەر يىلى دېگۈدەك كوللېكتىپنىڭ مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىدىكەن، يىل ئاخىرىدىكى تەكشۈرۈشتە «مەن كەم ئەقىللىق قىلىپ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، كۆپچىلىك يار-دەم قىلىپ يارنىڭ لىۋىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار، رەھمەت سى-لەرگە» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئېغىز ياغلىمىلىق قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالىدىكەن - دە، يەنە قىلغۇلۇقنى قىلىدىكەن.

بىر قېتىملىق تەنقىد يىغىنىدا ئەترەت باشلىقى يەنە كونا

ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ:
— ئەمدى كۆپچىلىك، مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى ئالماي يارىنىڭ لېۋىگە...، — دېيىشىگە،
— توختاپ تۇرۇڭا، ئەترەت باشلىقى، — دەپتۇ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ ھېسام، — بىزنىڭ ۋاقتىمىز ھەر يىلى سىزنى يارىنىڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن ئۆتۈۋەرمىسۇن، ياخشىسى، ئەترەت باشلىقلىقىنى باشقا بىرىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزىڭىز يارىنىڭ لېۋىگە ئۆي سېلىۋېلىڭ.

## ئېشەك ۋە تەخىي

باشقىلارنى كەمسىتىشنىلا ياخشى كۆرىدىغان بىر مەنمەنچى كىشى ھېسام بىلەن كوچىدا بىللە كېتىۋېتىپ ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بوپتۇ:
— ھېسامدىن، تەخەيدەك ماڭماي تۇز ماڭساڭلار بولمامدۇ؟
ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن تەخەيدەك ماڭماي نېمە ئىلاجىم بار؟

## گىلەم ئۈستىسى

ھېسامنىڭ خوتۇنى سوقۇشقاق ئىكەن. بىر كۈنى ھېسام گىلەمچىلىك كارخانىسىغا كېلىپ كارخانا باشلىقىدىن ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ.
— ئورۇنلاشتۇرۇشقىغۇ بولىدۇ، — دەپتۇ كارخانا باشلىقى، — ئەمما بىر شەرتى بار، ئايالىڭىز گىلەم توقۇشنى ئاز - پاز بىلەمدۇ؟

— ۋاھ، بىلمەمدىغان، — دەپتۇ ھېسام دەرھاللا، — گىلەم بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئائىلىمىزنىمۇ كۇنىگە ئىككى قېتىم بۇزۇپ، ئىككى قېتىم توقۇپ چىقىدۇ.

## پوچىلىق

مەھەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى ھېسامغا دارىتىپ پو ئېيتىپتۇ:

— پاھ، پاھ! بايىلا ئۆيدە كېلىشتۈرۈپ پولۇ يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خويما بىئارام قىلىۋاتىدۇ دېسە...



— راست دەيسىز، — دەپتۇ ئۇنىڭ پوچىلىقىدىن غىدىقى كەلگەن ھېسام، — ئايدا، يىلدا بىر قېتىم يېگەچكە شۇنداق قىلىدۇ. بىزدەك كۇندىلا پولۇ يەپ تۇرسىڭىز ھېچقانداق بولمايتتىڭىز.

## قالغان ئوتتۇز ئۈچى

بىر دودەن يىگىت ھېسامنى يولدا توسۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇشتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ھېسام قانچە ياخشى گەپ قىلسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ.

— خوپ، مەيلى، — دەپتۇ ئاخىر ھېسام، — قېنى، ئەمسە

قانداقچە مۇشتلىشىمىز؟

— بىزنىڭ يۇرتتا، — دەپتۇ دودەن، — يېيىشىمىز بەتتە بولىدۇ، ئۇرۇشىمىز يەتتە بولىدۇ، شۇنداق مۇشتلىشىمىز.

— بەك ياخشى، — دەپتۇ ھېسامىمۇ تەمتىرىمەي، — بىزنىڭ يۇرتتا يېيىشىمىز تېرىق، ئۇرۇشىمىز قىرىق. يەتتىگە يەتتىسى كەتسە، قالغان ئوتتۇز ئۇچىگە پەشمىتىڭلارنى گۆرۈڭگە قويامسىلەر؟

دودەننىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ.

## مەلۇمات

بىر مەشرەپتە ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىغا قايىل بولغان بىراۋ ئۇنىڭ مەلۇماتىنى سوراپتۇ:

— بۇرادەر، ئوقۇغانمۇسىز؟

— ئوقۇغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام خاتىرجەم ھالدا.

— نەچچە يىل ئوقۇغان؟

— بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇغان.

ھېسامنىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ھېلىقى كىشى يەنە سوراپتۇ:

— قايسى دەرسنى ياخشى كۆرەتتىڭىز؟

— تەنەپپۇسنى، — دەپ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام.

## ئىچىدىكىسى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھېسامدىن مەلۇم بىر ئاغىنىسىنىڭ مەسىلىسىنى كۆپ قې-

تىم سورۇشتۇرسىمۇ، ھېسام «ھېچ نەرسە بىلمەيمەن» دەپ تۇ-رۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى كادىرلاردىن بىرى ئۇنى چاقىرتىپ ئۇزاق ئىلدى-يېۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئاندىن يەنە ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ مە-سىلىلىرىدىن بىلگىنىنى پاش قىلىشقا زورلاپتۇ.

— زادى نېمىسىنى سورايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسام چۈشەنمىگەندەك.

— ئاغىنەڭنىڭ ئىچىدىكىنى، دېمەن، — دەپتۇ كادىر يېـ-قىنراق ئولتۇرۇپ.

— ھە ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ ھېسام، — راستىنى ئېيتسام، مەن ئۇنى كۆرگىنىمدە ئىچىدە تېرە پىنجەك بار ئىكەن.

## جەننەت ۋە دوزاخ

بىر كىشى ھېسامغا چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، سىز ئۆلسىڭىز، جەننەتكە كىرەرسىزمۇ، دوزاخقىمۇ؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەمدى بىز قول - ئىلكىمىزدە يوقراق ئادەم بولغاندى-كىن، يازدا جەننەتتە تۇرۇپ، قىشنى دوزاختا ئۆتكۈزىمىز - دە!

## ئۆچكىلىرىمىكىن دەيتمەن

بىرمەھەل يىگىتلەرنىڭ «ۋەيت» دەپ كۈلىدىغان كۈلكىسى ئەۋج ئاپتۇ. كۆپچىلىك قاتارىدا ھېسامۇ بۇ كۈلكىدىن بىزار بوپتۇ. بىر كۈنى كوچىدا بىرنەچچە يىگىتنىڭ خۇددى شۇنداق كۈلۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ھېسام ئۇزۇن چۆۋىق ئاپتۇ -

دە، يىگىتلەرنىڭ ئارقىسىدىن «چەگ ـ چەگ» دەپ ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئەھۋالدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ.

ـــ ھېسامكا، نېمە بولدىڭىز؟ ـــ دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

ـــ ھە، سىلەرمىدىڭلار! ـــ دەپتۇ ھېسام خۇددى ئۇلارنى ئەمدىلا كۆرگەندەك، ـــ مەن تېخى مەرەشلىرىڭلارنى ئاڭلاپ ئوغ-لىقىدىن ئايرىلغان ئۆچكىلەرمىكىن دەپتىمەن.

## جىنلارمۇ قورقىدۇ



چاچلىرىنى پاخپايتىپ، غەلىتە كىيىنىپ يۇرىدىغان ياسانچۇق بىر ئايال كەچكى يىغىندىن قايتقاندا ھېسامغا دەپتۇ:

ـــ ھېسامكا، ئاپىرىپ قويۇڭا، يولدا قورقىمەن.

ـــ نېمىدىن قورقىسىز؟

ـــ جىندىن.

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

ـــ ھېچ ۋەقەسى يوق، سىڭلىم، كېتىۋېرىڭ، مۇشۇ ئەپتىڭىزدىن جىنلارمۇ قورقۇپ قېچىپ كېتىشىدۇ.

## سۇ بىلەن كېتەي

تونۇشلىرىغا ئارتۇق نومۇر يېزىپ بەرگىنى ئۈچۈن ھېسام

ئەترەتنىڭ نومۇر خاتىرىلىگۈچىسىنى يىغىندا تەنقىد قىلغانـ-
كەن، يىغىندىن قايتقاندا سەپرا مىجەز نومۇر خاتىرىلىـگۈچـى
ئۇنى ئۆستەڭنىڭ گىرۋىكىدە توسۇۋاپتۇ، ھېسامنىڭ ياخشى گەپ-
لىرىگە قارىماي، ئۇنىڭغا مۇشت تەڭلەپ:
— بۈگۈن قولۇمدىن ئامان قۇتۇلۇپ كەتكىنىڭنى كـۆرەي! —
دەپتۇ.
كەينىگە داجىغان ھېسام بايقىماي ئۆستەڭگە يىقىلىپ چۈ-
شۈپتۇ ۋە دەرھال جىددىلىنى چاقچاق بىلەن يېپىپتۇ:
— يول بىلەن كەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مەيلـى، سۇ
بىلەن كېتەي.

## ھۈنەرنى قوشۇپ ساتسىڭىز...

ھېسام بىر ياغاچچىغا شاگىرتلىققا كىرگەنىكەن، ئۇستا ھـې-
سامنى تاشقىرىقى دۇكاندا ئۇششاق ئىشلارغا سېلىپ قويۇپتۇ - دە،
ئۆزى ئىچىدىكى دۇكاندا ئىشلەپ، ھۈنەر ئۆگىتىش ئۇ ياقتـا تـۇر-
سۇن، ھۈنەرنى كۆرسىتىپمۇ قويماپتۇ. بىر قېتىم ھېسام ئىچىد-
دىكى دۇكانغا كىرىشىگە ئۇستىسى ئادىتى بويىچە ئىشىنى توخ-
تىتىپ، قولىدىكى رەندىسىنىڭ تىغىنى چىقىرىپتۇ ۋە:
— ھېسامجان ئىنىم، مۇشۇ تىغ تولا بەلەن جومـۇ، بـازارغـا
ئاچىقسام قەدرىنى بىلىپ، ئون تەڭگىگە ئالارمۇ ياكى ئۈچ - تۆت
تەڭگىگە سوراپ ئادەمنى ئوسال قىلارمۇ؟ — دەپتۇ.
ھۈنەر بەرمەس بېخىل ئۇستىدىن ئىچى پۇشقان ھېسام دەر-
رۇ جاۋاب ياندۇرۇپتۇ:
— ھۈنىرى بىلەن قوشۇپ ساتسىڭىز، ئون تەڭگىدىنمۇ ئا-
شۇرۇپ ئالىدۇ.

# ئايلىنىپ بېرىپ تېگىش

ھېسام ئاغىنىلىرىگە مەرگەنلىكىدىن ماختىنىپ بېرىپتۇ:

— تونۇگۈن قارىغا ئېتىش مەشىقىدە بەشئاتاردا ئۈچ پاي ئوقنى قالتىس ئېتىۋەتتىم - دە !

— قانداق تەگدى؟ — دەپ سوراپتۇ بىر ئاغىنىسى.

— بىرىنچى پاي دەل جايىغا تەگدى، ئىككىنچىسىمۇ سەل تۆۋەنرەكىگە تەگدى، ئۈچىنچىسى...، — ھېسام بىردىنلا جىمىپ قاپتۇ.

— خوش، ئۈچىنچىسىچۇ؟

ھېسام ئويلاپ تۇرۇپ:

— ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى، — دەپتۇ.

# گۇۋاھچى

بىر ئاغىنىسى ھېسامغا نەرسە ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىدىنى ئېيتىپ بىرنەچچە قېتىم پۇل ئېلىپ، نەرسىمۇ ئەكېلىپ بەرمەپتۇ، پۇلىنىمۇ قايتۇرماپتۇ. ھېسامىمۇ پۇلنى سوراپ ئېلىشقا كۆزى يەتمەي ئەلىمىنى يۇتۇپ يۈرۈۋېرىپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئاغىنىسى چىرايى بوزارغان ھالدا ھېسامنىڭكىگە كەپتۇ - دە:

— ئاغىنە، مېنى ساقچىلار سەن ئالدامچى، مەسىلەڭنى تاپشۇر دەۋاتىدۇ. سەن گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ مېنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزساڭچۇ، مېنىڭ زادىلا يالغان گەپ قىلمايدىغانلىقىمنى سەن بىلىسەنغۇ...، — دەپتۇ. ھېسام ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— شۇڭلاشقا سېنىڭ گېپىڭنى نەچچە قېتىم پۇلغا سېتىۋالدىم ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ.

## غالتەك بۇيرۇتۇش



پىلان مۇقىم بولمىغاچ-قا بەش يىلدا ئۈچ قېتىم ئۆي چىقىشقا مەجبۇر بولغان ھېسام نۇرغۇن پۇلغا ئىلتىد-ماس يېزىپ دادۇي شۇجە-سىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

— بۇنچە پۇلنى نېمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ شۇجى.

— ئۈچ ئېغىز ئۆي پا-تىدىغان غالتەك ياساتماق-چىمەن، — دەپتۇ ھېسام جىددىي ھالدا.

— مۇنچە چوڭ غالتەكنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ شۇجى.

— سالغان ئۆيۈم ھەدېسىلا پىلانغا توغرا كەلمەي، تولا ئۆي چېقىپ ھاردىم، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمدىكى ئۆينى ئاشۇ غال-تەككىلا سالاي دەيمەن. پىلانلاشقا تاقىشىپ قالغۇدەك بولسا دەر-ھال سۆرەپ ئەكېتىمەن.

## ھېسامنىڭ ئىلغار قاسساپ سايلىشى

بىر قېتىم ھېسام ئىشلەيدىغان يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىلغار قاسساپلارنى سايلاش يىغىنى ئېچىلغاندا ھېسام پىكىر با-يان قىپتۇ:

— مېنىڭچە، ھېزىم قاسساپ «ئۈچتە ياخشى» قاسساپ بو-

لوشقا لايىق.

— قېنى، ھېزىم قاسساپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ساناپ كۆرسىتىڭچۇ؟ — دەپتۇ يىغىن باشقۇرغۇچى.

ھېسام بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلاپتۇ:

— بىرىنچى، ھېزىم قاسساپ خېرىدارنى كۆپ ساقلاتمايدۇ، ئەگەر ئۇ خېرىدار تونۇش - بىلىشلا بولسا؛ ئىككىنچى، كەسىپكە ماھىر، يەنى بىر قوينى بىر يېرىم قوي قىلىپ ساتالايدۇ؛ ئۈچىنچى، ئۇ دائىم خېرىدارنى ئاسرايدۇ، يەنى يۈرەك كېسىلى پەيدا قىلمىسۇن، دەپ سېمىز گۆشنى ھەرگىز خېرىدارلارغا بەرمەي ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ھېچكىمدە يوق ئۈچ شەرت ئەمەسمۇ !

## مەندەك ماڭالىساڭ ئىچ

بىر كۈنى ھېسامنىڭ مېڭىشىنى تولا مەسخىرە قىلىدىغان بەش - ئالتە ئاغىنىسى ھېسام بىلەن هاراق ئىچىپ جامائەت تەرتىپىنى بۇزغىنى ئۈچۈن ساقچىخانىغا كىرىپ قاپتۇ.

— ماۋۇنى قويۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ مەستلەرنى قاتار تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتقان ساقچى باشلىقى ھېسامنى تونۇپ قېلىپ، — بۇ ئۆزى شۇنداق ماڭىدىغان نەرسە، قالغانلىرىنى ئۈچ كۈن ئىشلىتىڭلار.

ئۈچ كۈن ئوبدان تەربىيە ئېلىپ چىققان ھېلىقى ئاغىنىلىرى كوچىدا ھېسامنى كۆرۈپ قېلىپ، تەنە قىپتۇ:

— ئاداش، سىلەرمۇ بىزدىن كەم ئىچمىگەن، ئەمما سىلەر قۇتۇلدۇڭلار، بىز تۇتۇلدۇق.

ھېسام كۈلۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئاغىنىلەر، سىلەرمۇ مەندەك ماڭالىساڭلار، ئىچىڭلار،

بولمىسا بۇنداق ئۈچ كۈندىن تالاي قېتىم ئىشلەيسىلەر تېخى !

## گۆش قىسچىلىقنىڭ سىرى

ھېسام مەلۇم بىر ناھىيىگە بارغاندا بىرنەچچە يەردە قوچقار سوقۇشتۇرغاننى كۆرۈپتۇ. بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر تونۇشى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ:

— بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى ياخشى، بىراق ئۇقالمىدۇق، نېمە ئۈچۈندۇر گۆش قىس.

— شۇنىمۇ ئۇقالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام، — بۇ يەردە قوينى سويماي سوقۇشتۇرۇپ ئوينايدىكەن ئەمەسمۇ.

## ئالاھىدىلىك

ھېسام يىراق بىر ناھىيىگە چىققىنىدا ھەر كۈنى ناۋايدىن نان ئېلىپ يەيدىكەن. بىراق، ئۇنىڭ باشقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىغان ناۋاي ھەر قېتىم ئېقىپ پىشقان ناننىلا بېرىپتۇ. ھېسام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوشنىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، بارغان يېرىڭىزنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن؟

ھېسام دەپتۇ:

— ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى — ناننى سوزۇپ ياقىدىكەن.

## يەنە بىر ئېشەك

بىر بەڭگى ئادەم ئىككى ئېشەككە ئالما قاچىلانغان داڭكاڭ ئارتىپ يىراق بازارغا مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا چېكىپ كەيىپ بولۇپ قاپتۇ - دە، بىر ئېشىكى كۆزىگە ئىككى كۆرۈنۈپ، بىر ئېشەـ

كىنى يولدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. بازارغا كىرگەندە خەقلەر ئۇ-لىشىپ ئالمىنى سودىلاشقىلى تۇرۇپتۇ.
— ئالمىنىڭ تۇرۇشى نەچچە پۇل؟
— ئىككى ئېشەكتىكى ئالما ئەللىك سوم، — دەپتۇ بەڭگى.
— نەدىكى ئىككى ئېشەك، بىرغۇ؟ — خەقلەر ھەيران بو-لۇشۇپتۇ. بەڭگى كەيپىلىكتە «ئېشىكىم ئىككى» دەپ چىڭ تۇ-رۇپتۇ.
— ئېشىكىڭ ئىككى بولسا، قېنى ئېشەكلىرىڭنىڭ بېشى-دىن تۇتۇپ ساناپ باقە! — دەپتۇ خېرىدارلارنىڭ بىرى.
بەڭگى بىر قولىدا ئېشىكىنىڭ بېشىنى تۇتۇپتۇ، يەنە بىر قولىغا ھېچنېمە ئۇرۇنماپتۇ. باياتىن تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ھې-سام بەڭگىنىڭ يەنە بىر قولى بىلەن بەڭگىنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى تۇتقۇزۇپتۇ - دە:
— مانا يەنە بىر ئېشەكنىڭ بېشى، — دەپتۇ.

## سىم - سىم قاتتىق

ھېسام تالادىن كىرگەن ئاغىنىسىدىن سوراپتۇ:
— يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتامدۇ ياكى سىم - سىممۇ؟
ئاغىنىسى تۇرۇپ كېتىپ:
— نېمە دېسەم بولار، ئەيتاۋۇر قاتتىقمۇ ئەمەس، سىم - سىممۇ ئەمەس يېغىۋاتىدىغۇ، — دەپتۇ. ھېسام ئاغىنىسىگە كا-يىغاندەك دەپتۇ:
— گەپنى سوزماي سىم - سىم قاتتىق دېسەڭ بولمىدىمۇ!

## ئارتۇقچىلىق

مەھەللىدە ئىشقا كىرمەكچى بولغان بىر يىگىت ئانكېت تولدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ھېسامنىڭ ئالدىغا كە-

تۇ، ھېسام ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئانكېت تولدۇرۇپتۇ ـ دە، «قانداق ئارتۇقچىلىقىڭىز بار؟» دېگەن كاتەكچىگە كەلگەندە، يەـ گىت سايراپلا كېتىپتۇ:

— ۋاھ، بىزنىڭ قورساقتا ئىش تولا ـ دە، ھېسامكا، قاراڭ، پېقىر توقۇغان قوشاقلارنى قىزلار ئېغىزلىرىدىن چۈـ شۈرمەيدۇ؛ ۋالىبول دەمسىز، ۋاسكېتبول دەمسىز، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلمايدۇ؛ يېڭىدىن ياسىغان ساندۇقلىرىمنى كۆرسىڭىز ئىدى.. يەنە تېخى ئىسكىرىپكىنى بۇلبۇلدەك...

— بولدى، بولدى، — دەپتۇ ھېسام، — ئەھۋالدىن قارىـ غاندا، ئارتۇقچىلىقىڭىزغا بۇ كاتەكچە كىچىكلىك قىلىدىغان ئوخشايدۇ، ياخشىسى، بىلمەيدىغان بىرەر ئىشىڭىزنىلا يېزىپ قوـ يايلى.

## «كۆيىسەك»دىن بىر كىلو



تاتلىق ـ تۈرۈم ئالغىلى ماگىزىنغا كىرگەن ھېسام بىرەر سائەتچە سودا قىلالـ ماپتۇ، مال ساتقۇچى قىز ئۇنىڭ جورۇشـ غىمۇ قۇلاق سالماي باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىپتۇ.

— ھەي ئۇكام، مۇنۇ پېچىنىدىن بىر كىلو بېرىۋەتسىڭىزچۇ دەيمەن! — ئاخىرقى

قېتىمدا ھېسام جىلە بولۇپراق چاقىرىپتۇ. مال ساتقۇچى قىز يەنىلا بىپەرۋالىق بىلەن جاۋابلاپتۇ:
— كۆپسىمەڭ دېدىمغۇ!
ھېسام جەھلى چىققان ھالدا دەپتۇ:
— مەيلى، بولمىسا شۇ «كۆپسىمەڭ»دىن بولسىمۇ بىر كىلو تارتىڭچۇ، قۇرۇق كەتمەي.

## ئىككى ئادەت

ھېسام ئىدارە ئالدىدا بىر تونۇش كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئاڭغىچە يىغىندىن تارقىغان باشلىقلار چىقىپ قالدى. ھېسامنىڭ سۆھبەتدىشى ھەربىر باشلىق ئۆتكەندە بىر قېتىم غەلىتە ھىجىيىپ ئېگىلىۋەردى. بۇنىڭدىن غىدىقى كەلگەن ھېسام سورىدى:
— بۇ نېمە قىلىق، بۇرادەر؟
— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى سۆھبەتدىشى غەم تارتماي، — مېنىڭ رەھبەرلىكنى كۆرگەندە شۇنداق ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان ئادىتىم بار.
ھېسام ئۈنچىقمىدى، ئەمما سۆھبەتدىشى ھەر قېتىم ھىجىيىپ ئېگىلگەندە، بىر قېتىمدىن يەرگە تۈكۈرۈۋەردى.
— نېمانداق قىلىسەن، بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى سۆھبەتدىشى خاپا بولۇپ.
— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ھېسام غەم تارتماي، — مېنىڭ پەسكەش ئادەتنى كۆرگەندە شۇنداق يىرگىنىدىغان ئادىتىم بار.

## ئۇقمايتتىمەن

ھېسام ۋېلىسىپىت مىنىپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، تار

يولدا ئېشەك مىنگەن بىرى يولنى بوشاتماي مېڭىۋەردى. ھېسام زەردە بىلەن قوڭغۇراق جىرىڭلىتىۋەرگەندى، ھېلىقى كىشى ئاخىر كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە:

— بەللى، بۇرادەر، ئېشەككىمۇ قوڭغۇراق جىرىڭلىتامدى-كەن؟ — دەپ كۈلدى.

— كەچۈرسىز، — دېدى ھېسام يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋې-تىپ، — ئېشەكنىڭ ئۇستىدىكىمۇ ئېشەك ئىكەنلىكىنى ئۇق-ماپتىمەن.

## لەپەرچە مېڭىش

ھېسام سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ يۈرگەندە ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭغا چوڭراق رول بەرمەي ئۇششاق لەپەرلەرگە چىقىرىپ قو-يۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھېسامنىڭ بەكمۇ قورسىقى كۆپۈپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى ئويۇن قويغىلى يىراق بىر يېزىغا پىيادە كېتىۋېتىپ باشلىق ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسام، نېمانداق تېز ماڭالمايسىز، بىردەم ئالدىغا، بىر-دەم كەينىگىلا دەسسەيسىزا ؟

ھېسام چاقچاقلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن ئەسلىدە تېز ماڭاتتىم، سىز ھەدېسىلا لەپەرگە چىقىرىپ قويۇۋېرىپ مۇشۇنداق لەپەرچە مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

## لويلىنىڭ يۈلى

ھېسام باققاللىق قىلغان مەزگىللىرىدە، چوڭ باققاللاردىن مېۋە ئېلىپ، پارچە ساتىدىكەن. بىر باققال ھېسامنى بوزەك قى-

لىپ، بىرنەچچە قېتىم سېۋەتنىڭ يېرىمىغىچە لويلا ئوت سې-
لىپ، ئالمىنى جىق كۆرسىتىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. پۇل تۆلىگەن
چاغدا ھېسام پۇلنىڭ ئارىسىغا ئاق قەغەز سېلىپ قېلىنلىتىپ
باققالغا بېرىپتۇ. پۇلنى ساناپ كۆرگەن باققالنىڭ تەرى تۈرۈ-
لۈپ:

— ھېسامىدىن، مۇنۇغۇ ئالمىنىڭ پۇلى، ئەمدى مۇنۇسى
نېمىنىڭ پۇلى؟ — دەپتۇ ئاق قەغەزلەرنى كۆرسىتىپ. ھېسام
دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— چۈشەنمەسلىك بولمىسۇن، ئاكا، ئۇ لويلىنىڭ پۇلى.

## تويدا يەيمىز دېگەنغۇ

ھېسام كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنى تويغا ئېلىپ بېرىپتۇ.
ھېسام ھەدېسىلا داستىخاندىكى مەزەلەرنى كۆرسىتىپ:

— ئاپا، ئاۋۇنىڭدىن، ئاپا، ماۋۇنىڭدىن، — دەپ خەقىشلىك
قىلىۋېرىپتۇ.

خەقنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلغان ئانىسى چاندۇرماي يېنىدى-
كى ئايالغا:

— بالا دېگەن قىزىق - دە، ئۆيدىغۇ كەمپۈت بەرسىمۇ يې-
مەيدىغان...، — دەپتۇ.

ھېسام دەررۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:

— نەدە، ئۆزۈڭ تويغا بارغاندا يەيمىز دېگەنتىڭغۇ !

## تىرىقسىمات

ھېسام ئىشلەيدىغان ئەترەتنىڭ باشلىقى ئالدىراقسان، تې-
رىككەك ئادەم بولۇپ، دائىم ئەزالارغا ئازار بېرىدىكەن. بىر كۈنى

ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ھېسامنىمۇ بىرنەچچىنى ئۇرۇۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كوممۇنا مۇدىرى ۋە ئەترەت باشلىقلىرى يىغىلغان بىر سورۇندا كوممۇنا مۇدىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، بۇ يىل ئەترىتىڭلارنىڭ تەقسىماتى قانداقراق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ؟

— بۇ يىلقى تەقسىماتقا گەپ ئىشلىمەيدىغان ئوخشايدۇ! — جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام.

— ھە، ھە، نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسىز؟

ھېسام تېرىككەك ئەترەت باشلىقىغا قاراپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھېلىتىنلا تەقسىماتىمىز ئىككى شاپىلاق، بىر مۇشتتىن چۈشۈۋاتسا، يىل ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا نېمە يېتىدۇ دەيسىز.

## ئۆيدىكىسىمۇ يېتەر

ئايالى بىلەن جاڭجاللىشىپ كۆڭۈلسىز ھالدا كوچىغا چىققان ھېسامغا بىر ئاغىنىسى دەپتۇ:

— يېڭى كىنو كەپتۇ دېيىشىدۇ، كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟

— قانداق كىنوكەن؟

— بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىكەن، كۆرگەن كىشى نەچچە كۈنگىچە كۆڭۈلسىز يۈرىدۇ، دېيىشىدۇ.

— ئۆزۈڭ كۆر، — دەپتۇ ھېسام، — كۆڭۈلسىزلىكنى پۇلغا ئېلىپ نېمە قىلاي، ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

## كالىنى ئېلىپ بېرىپ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە ھېسام تۇرغان

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ھۆكۈمەتسىزلىك تەسىرىدىن ئىش-لەپچىقىرىش ئارقىغا چېكىنىپ كېتىپتۇ. كۆزلۈك تەقسىمات ۋاقتىدا قوشنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— قوشنام، تەقسىماتىڭىز قانداق بوپتۇ، كۆردىڭىزمۇ؟

— بايا ئەترەت باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۈم، — دەپتۇ ھې-سام، — كالاڭنى ئەكېلىپ بېرىپ، تەقسىماتنى ئەكەت، دەيدۇ.

## قىرىق سۆيۈمگە

سوغۇقتا كۆكىرىپ - مۈزلاپ كېلىۋاتقان ھېسامنى كۆر-گەن ئىككى ئارتىس ئايال ئۇنىڭغا چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامكا، نېمانچە كۆكىرىپ كەتتىڭىز؟

ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سەپسالمىغانىكەنسىلەر - دە، مەن ئەزەلدىن شۇنداق، ئاپام قىرىق سۆيۈمگە سېنىكا سېلىۋەتكەنىكەن.

## تاماشا

ھېسام ئۇرۇمچىگە بارغىنىدا بىرنەچچە ئاغىنىسى ئۇنى بازار ئايلاندۇرىمىز، دەپ كوچىغا ئاچىقىپتۇ. ئاغىنىلىرى خېلىغىچە كوچىمۇ كوچا ئايلاندۇرۇپتۇيۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قورسىقىدىن خەۋەر ئالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداقراق، ئاغىنە، تاماشا جايىدا بولۇۋاتامدۇ؟

— چاتاق يوق، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — ئاغىنىلەر سەر-خىل، قىلىشىمىز تاماشا، يېيىشىمىز ھاۋا.

## تويمىغۇرغا جاۋاب

خەقنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئامراق بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، ئەگەر ئالدىڭىزدىكى مۇشۇ باغنى بىرەر كىشى بىلەن بۆلۈشۈۋال دېسە، قايسى يېقىنى ئالار ئىدىڭىز؟ كۆنچىقىشتىكى تەرىپىنىمۇ ياكى كۈنپېتىشتىكى يېڭىدىن باغ قىلىغان تەرىپىنىمۇ؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەگەر شېرىكلىشىدىغان ئادەم سىز بولسىڭىز، ئىككىلا تەرىپىنى ئالاتتىم، شېرىكىم سىزدىن بۆلەك كىشى بولسا، ئىككىلا تەرىپىنى شۇنىڭغا بېرىۋېتەتتىم.

## ئوبدان مەسلىھەت

ھېسامنىڭ خوتۇنى جېدەلخور ئايال بولۇپ، ھەدېسىلا سوقۇشۇپ، ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالى ھېسامغا كۆڭلەك تىكىپ بەرمەك بولۇپ، ئۇنىڭ بويى، يېڭىنى ئۆلچەشكە باشلاپتۇ. ئۆلچەش بوينىغا كەلگەندە، ھېسام دەررۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ.

— بولدى، خوتۇن، ياقىنى ئۆلچەپ ئاۋارە بولما.

— ھوي، نېمىشقا؟ — ھەيران بوپتۇ خوتۇنى.

— ياقىسىنى خالىغانچە كىچىك تىكىۋەر، — دەپتۇ ھېسام پەرۋاسىزلا، — ئىككىلا قېتىم سوقۇشساڭ، سوزۇپ جايىغا كەلتۈرۈپ قويىسەن.

## قاغىلار ۋە شەيتانلار

كېچىدە كىنودىن قايتقان ھېسام تېرەك بېشىدىكى قاغىلار-نىڭ تۇيۇقسىز ئەنسىز قاقىلدىشىدىن چۆچۈپ، قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كەينىدىن يېتىپ كەلگەن مەھەللە ياشلىرى قورقۇپ كەتكەن ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، نېمە شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىز؟

— سورىمايلا قويۇڭلار، — دەپتۇ ئېسىنى يىغىۋالغان ھې-سام چاندۇرماستىن، — مۇنۇ تېرەك تەكشى ئەمەسكەن، ھازىرلا تېرەك ئۈستىدە شەيتانلار گەپ قىلىشتى.

يىگىتلەردىن بىرى تېرەككە قارىتىپ قولچىرىغى يېقىپ:

— ھېسامكا، قاغىلاركەنغۇ ئۇ! — دەپتۇ.

ھېسام يەنە گەپ بەرمەپتۇ:

— توۋا، ماۋۇ كارامەتنى - ھە، قاغىلار بىلەن شەيتانلار جەڭ قىلىشىپ، بىردەمدىلا قاغىلار يېڭىپتۇ - دە!

## زاسۇيخانىمكىن دەپتىمەن

ماگىزىنغا سودىلىققا كىرگەن ھېسام ئۆزىگە ئېھتىياجلىق ماللار تىزىلغان پوكەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۇ ئورۇندا ئىككى مال ساتقۇچى قىز مەشتىكى ئوتتا ئوت كولىغۇچنى قىزىتىپ چېچىنى بۇدۇر قىلىۋاتقانىكەن. ئالدىراۋاتقان ھېسام ئۇلاردىن قايتا - قايتىلاپ گەپ سورىسىمۇ، قىزلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماپتۇ.

بىرھازادىن كېيىن قولى بوشىغان بىر قىز تېخىچىلا بېشىدا قاراپ تۇرغان ھېسامدىن سوراپتۇ:

— يولداش، نېمە ئالاتتىڭىز؟

تېرىكىپ تۇرغان ھېسام:

— بىر كاللا بىلەن تۆت پاچاق ئالاتتىم، — دەپتۇ. مال ساتقۇچى قىزنىڭ شۇئان چىرايى ئۆڭۈپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— قانداق ئادەمسىز؟ بۇ تۇرلۇك ماللار ماگىزىنى تۇرسا، كاللا - پاچاق نېمە قىلىدۇ؟

— قىزچاق، كەچۈرۈڭ، — دەپتۇ ھېسام، — سىز بايا ئوت كولىغۇچتا باش ئۇتلەۋاتسىڭىز، زاسۇيخانىمىكىن دەپتىمەن.

## «نېرى تۇرىلى» ۋە «بېرى كېلىلى»

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە جىيۇسادۇي خادىملىرى ھېسامنى ھايانكەشلىكتە ئەيىبلەپ ئىدارىسىگە ئەكېتىپتۇ. تۆھمەتتىن ئىچى كۆيگەن ھېسام ئۆز قوشنىسىنىڭ جىيۇسادۇيدە تەرجىمانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە:

— مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلىسىز، بۇلارغا بىر نېمە دەپ قويۇڭ، — دەپتۇ. قوشنىسى بولسا ئۇنى تونۇماسلىققا سېلىپ ھېسامنى ئىتتىرىپ:

— نېرى تۇرىلى، نېرى، — دەپتۇ. ھېسام ئاچچىقى بىلەن:

— ئاخشام شاپتۇل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسام، بېرى كېلىلى، بېرى دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ قوشنىسىغا.



## سەجدىگە كىتىپ قويالمايۋاتىمەن

ھېسام ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېتىۋاتسا، تىنماي خۇدا ـ گۇيلۇقنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغان قوشنىسى مەست بولۇپ يول ئۈستىدىلا يېتىپ قاپتۇ. ھېسام قول باغلاپ قوشنىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىپتۇ. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەيران بولۇپ:

ـــ ھېسام، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ـــ دەپ سوراپتىكەن، ھېسام دەپتۇ:

ـــ بۇ مۆمىننى ساقلاپ تۇرىمەن، يولدىلا سەجدىگە كىتىپ قويالمايۋاتىدۇ.

## يەتمىش ئۈچىنچى ھۈنەر

بىر كىشى ھېسامغا دەپتۇ:

ـــ «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز» دەپتىكەن، سىزمۇ بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتۇڭ ـ دە.

ـــ بىزدىمۇ ھۈنەر بار، ـــ دەپتۇ ھېسام ئىشەنچلىك ھالدا.

ـــ قانداق ھۈنەر ئۇ؟ ـــ قىزىقىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ـــ ئۇ يەتمىش ئۈچىنچى ھۈنەر، ـــ دەپتۇ ھېسام جاۋاب بېرىپ، ـــ چاقچاقتىن كۈلكە ياساش.

## قايسى سۆزىڭىزگە ئىشىنەي

ھېسامنىڭ ئارىتام قوشنىسى بىر كۈنى مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭغا جان بېقىشىنىڭ تەدبىرلىرىنى ئۆگىتىپتۇ:

— شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ھەرقانداق ۋاقىتتا خەقنىڭكىدىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. مىسالەن، ئۆزىڭىزنىڭ ۋېلىسىپىدىتىڭىز ساق بولسىمۇ، خەققە بۇزۇق ئىدى، دەپ بەرمەڭ. خەقنىڭ ۋېلىسىپىتىنى يېلى بولمىسىمۇ قورقماي مىنىۋېرىڭ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ھېسام كوچىدا قوشنىسىنىڭ ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— قوشنام، ۋېلىسىپىت تۇرۇپ پىيادە ماڭغىنىڭىز نېمىسى؟

— كۆرمەمسىز، قۇرغۇرنىڭ يېلى توختىمايۋاتىدۇ، — دەپتۇ قوشنىسى.

ھېسام قوشنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېرىپ ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى تۇتۇپتۇ:

— ۋېلىسىپىتىڭىزنى بىردەملىككە بېرىڭا، سودىلىق قىلىپ كېلىۋالاي.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — قوشنىسى تېرىكىپتۇ، — يېلى يوق ۋېلىسىپىتنى مىنگىلى بولامدىكەن؟

ھېسام ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— قايسى گېپىڭىزگە ئىشىنەي، ئۇ كۈنى دوقمۇشتا قىلغان گېپىڭىزگىمۇ ياكى ھازىرقىسىغىمۇ؟

## ئىلگىرى - كېيىن تويۇش

ھېسام بازار ئايلىنىپ، بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، يېنىدا ئۆمرىدە چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمىغان بېخىل تونۇشىدىن بىرى پەيدا بوپتۇ - دە:

— ئاداش، بۇگۈن ئىلگىرى - كېيىن بىر تويىمىزكەن - دە، — دەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىلەت كەسكۈچى كېلىپ سوراپتۇ:

— سىلەر ئىككى كىشىمۇ؟

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — ئىككى كىشىگە بىر شوبەنجىلىك[1] كېسىۋېتىڭ، ئىلگىرى - كېيىن تويايلى.

## چاتاق يوق

ھېسام بازاردىن كۆمۈر ئېلىپ، بىر ئېشەك ھارۋىغا كىرا قىپتۇ. ھارۋىكەش بالا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ھارۋىنى بولۇشىغا ھەيدەۋېرىپتۇ. ھېسام كۆمۈرنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئۇكا، ئاستىراق ھەيدە، — دەپتىكەن، ھارۋىكەش بالا ئېرەن قىلماي:

— چاتاق يوق، — دېگىنىچە ھارۋىنى ھەيدەۋېرىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ ئېشەكنىڭ تۆشۈيىگە ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ھېسام كۆيۈنۈپ:

— توختاپ تۆشۈكنى باغلىۋال، — دېسە، ھارۋىكەش يەنە:

— چاتاق يوق، — دەپ كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ھارۋا چاقى كاتاڭغا جاققىدە چۈشۈپتۇ - دە، ئوق ئوتتۇرىسىدىن سۇنۇپتۇ. ھارۋىكەش:

— ئاپلا ! — دەپتۇ.

ھېسام دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ:

— ھەيدەۋەر، چاتاق يوق ! — دەپتۇ.

## نەق پۇل ۋە نەق تىل

ھېسام شەھەردىن يېزىغا يۆتكىلىپ، بىرىنچى يىلىلا خې-

---

[1] شوبەنجىلىك — (خەنزۇچە) يېرىم تەخسە لەڭمەن دېمەكچى.

لى پۇلغا ئىشلەپتۇ، بىراق ئەترەت باشلىقى پۇل يوق، دەپ با-
هانە كۆرسىتىپ ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمەپتۇ. بىر قې-
تىم ھېسام تەقسىماتتا ئاشقان پۇلغا ئىلتىماس يېزىپ كەل-
سە، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپ ئۇنىڭغا كايىپ كې-
تىپتۇ. ھېسامۇ بوش كەلمەي جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— بەللى، ئاغىنە، بەللى، بەرمىگەن پۇلۇڭغا مۇنچىۋالا تىللايسەن، نەق پۇل بېرىپ تۇرغان شەھەردىكى ئەترەت باشلىقىم ھېلىمۇ ئۇرماپتىكەن.

## يېرىم ۋە پۈتۈن دۆلەت

باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ ئۇيالمايدىغان يالغانچى بىر ئو-
قەتچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسام بىلەن مال - دۆلەت ھەققىدە
پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— ئېيتىڭا، ھېسامجان، پۈتۈن دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ، يېرىم دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ؟

گەپكە پەيت كەلگىنىنى سەزگەن ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— قېلىنلىق يېرىم دۆلەت، ئۇنىڭغا يالغانچىلىق قېتىلسا پۈتۈن دۆلەت بولىدۇ.

## ئاداۋەتنى يېيىش

ھېسام بالىنېتىسىدا ياتقاندا، يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈستىدە
سېستىرا قىز بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن بىرى كۈندە
تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەپ، «چوڭ تەرەت نەچچە قېتىم، كى-
چىك تەرەت نەچچە قېتىم؟» دەپ سوراپ تۇرىدىغان سېستىرا

قىز بۇنداق سوئالنى باشقىلاردىنلا سوراپ، ھېسامدىن سورىماي-دىغان بوپتۇ. سېستىرانىڭ ئاداۋىتىدىن ئىچى پۇشقان ھېسام ئاخىر سېستىراغا دەپتۇ:

— سىڭلىم ھوي، بىزمۇ ھاجەتكە چىقىپ تۇرۇۋاتىمىز جۇمۇڭ!

## پايدا قىلىدىغان دورا



ھېسام بىر كۈنى دوختۇرخانىغا بېرىپ دوختۇرغا:

— ماڭا ئۆتكەنكى دورىڭىزدىن بەرسىڭىز، شۇ ناھايىتى پايدا قىلىدىغان دورىكەن، — دەپتۇ.

— ئۆتكەندە سىزگە قانداق دورا بەرگەنىدىم؟ — دەپ سوراپتۇ دوختۇر ئەسلىيەلمەي.

— «بىر ھەپتە دەم ئېلىش» دېگەن دورا ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام.

## مەست بولدۇم

ھېسام ئىككى چىنىلا بوزا ئىچكەن ئادەم مەست بولىدۇ، دەپ ئاڭلاپتىكەنۇ، ئەمما بوزا ئىچىپ باقمىغانىكەن. بىر قې-

تىم مېھماندارچىلىقا بارغان يېرىدە ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا ئەتكەنچايدەك چۇچۇمەل ئۇسسۇلۇق قۇيۇپ بېرىپتۇ، يول مېڭىپ چاڭقىغان ھېسام كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ ـ تۆت چىنە ئىچىۋېتىپتۇ. بىر چاغدا ساھىبخانا:

— ھېسام، بوزا تەسىر قىلاي دەمدۇ؟ — دەپ سورىشىغىلا، ھېسام قىڭغىيىشقا باشلاپتۇ.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپتۇ ساھىبخانا ئەنسىرەپ.

— ئەگەر باياتىن ئىچكىنىم مەن ئاڭلىغان بوزا بولسا، — دەپتۇ ھېسام، — ھازىر مەن غەرق مەست بولدۇم.

## كىچىك ئۆيلىنىش

ھېسامنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى، دەپ ھېسامغا چوڭ بىر ئايالنى لايىق تېپىپتۇ. بىر كۈنى تونۇشلىرىدىن بىرى ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— مۇبارەك بولسۇن، ھېسامكا، قېرىغاندا ئۆيلىنىدىغان بوپسىز.

— تەكشۇرمەستىن سۆزلەۋەرمەڭ، بۇرادەر، — دەپتۇ ھېسام رەنجىپ، — لايىقىمنى بىر كۆرسىڭىز ئىدى، مېنىڭ كىچىك ئۆيلىنىدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭىز.

## سىز تاغارنىڭ تېشىدا ئىدىڭىز

بىرنەچچە بايۋەچچە ئۇلپەت ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپ، زېرىككەندىن كېيىن شاڭخو قىلىشماقچى بولۇشۇپ، ھېسامنى قىچقىرىپتۇ. بايۋەچچىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن ھېسام ئۇستى ـ ئۇستىلەپ چاقچاق كەلتۇرۇپ، ھەممىسىنى ئاخىردا ئۆلۈك قاغىغا ئوخشىتىپ،

تاغارغا سولاپ ياردىن دوملىتىۋېتىپتۇ. چىدىمىغان بايۋەچچە- لەر ھېسامنى ئۇرماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇي ئىگىسى بايۋەچچە جېدەلگە ئارىلىشىپتۇ ـ دە، دەسلەپتە ھېسامنىڭ قۇ- لىقىغا كۇسۇرلاپ سوراپتۇ:

ــ ھېسامىدىن، مەنمۇ شۇ تاغارنىڭ ئىچىدىمۇ، قانداق؟

ــ سىز ئۇ چاغدا بىزگە چاي ئەكىرگىلى دالانغا چىقىپ كەت- كەچكە، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ تاغارنىڭ تېشىدا قالغانتىڭىز.

قانائەتلەنگەن ئۇي ئىگىسى ئاغىنىلىرىگە كايىپتۇ:

ــ بولدى قويۇڭلار، ھېسامىدىندا ئەيىب يوق، دېمىسىمۇ ئۆزۈڭلار دەسلەپتە تولۇق قاغىدەك يېپىلدىڭلار.

## يەنە بىردەم تۇرغان بولسىڭىز...

دەريا بويىغا چۆمۈلۈشكە چىققان يىگىتلەرنىڭ بىرى ھې- سامغا «مەن سۇ ئۈزۈشكە شۇنچىلىك ئۇستىمەنكى، ھەتتا سۇ ئۈستىدە ئۇخلاپمۇ يېتىپ ئۇخلايمەن» دەپ ماختىنىپتۇ ۋە گې- پىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرياغا شۇڭغۇپتۇ ـ دە، مىنۇت ئۆتمەي سۇدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر چۆكۈپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن يىگىتلەر سۇغا سەك- رىشىپ خېلى تەستە يىگىتنى قىرغاققا ئاچىقىپتۇ. يىگىت ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىشىغا:

ــ قالتىس ئۇخلايدىكەنسىز، ــ دەپتۇ ھېسام ئۇنى ماختاپ، ــ يەنە بىردەم تۇرغان بولسىڭىز، ئۇخلاپ قېتىپلا قالاتتىڭىز.

## چاقنى تۈلىتىش

ھېسامغا تونۇش بىر ئەترەت باشلىقى يوقالغان چاق مە-

سىلىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— شۇنداق قىلىپ ئاتخانىدىن چاق يوقالدى دەڭا، ھېسام‍ـ مىدىن، ساقچىلار: «ئاتخانىنىڭ كۆزەتچىسى تۆلەيدۇ» دەيدۇ، «ئاتخانىغا كۆزەتچى قويمىغانىدۇق» دېسەم، «ئۇنداق بولسا، مەسئۇلىيەت ئەترەت باشلىقىدا، ئەترەت باشلىقى تۆلىسۇن» دەيدۇ، ئۇكا، قانداق قىلغۇلۇق؟

ھېسام بىر پەس ئويلىنىپ، مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— كارى چاغلىقكەن، ئەترەت باشلىقى، بۇگۇنلا بىر كۆ‍ـ زەتچى تەيىن قىلىڭ ‍ـ دە، چاقنى شۇنىڭدىن تۆلىتىۋېلىڭ!

## «بۇ شۇجىغا»...

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ خۇشامەتچى باشلىقى ئەزالارغا قانداقلىكى نەرسە تارقىتىلسا باش بۇرنىدىن «بۇ شۇجىغا» دەپ دادۇي شۇجىسىغا ئايرىپ قوياتتىكەن.

بىر قېتىم ئۆستەڭگە چىقىدىغان ئەزالارغا جوتۇ تەقسىم قىلىنىپ بېرىلىۋاتقاندا، ھېسام بىر دانە جوتۇنى ئايرىپ ئەت‍ـ رەت باشلىقىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەترەت باشلىقى، سىز يەتكۈزۈپ بېرەرسىز، بۇ شۇ‍ـ جىغا، — دەپتۇ.

— ئەخمەق بولدۇڭمۇ، — دەپ تېرىكىپتۇ ئەترەت باش‍ـ لىقى، — دادۇينىڭ رەھبىرى بولغان ئادەم سېنىڭ ئەترىتىڭ‍ـ گە ئۆستەڭ چېپىشىپ بېرەمدۇ؟

— ئۆزىڭىز ئەترىتىمىزدە تارقىتىلغانلىكى نەرسىدىن شۇجىغا ئايرىپ قوياتتىڭىز، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېسام، — بۇ قېتىممۇ شۇنداق چاغلاپ قاپتىمەن.

## ئىسمىم دېموكراتىيە

ھېسام ئىشلەيدىغان ئىدارىگە يېڭى كەلگەن باشلىق تولىمۇ قاتتىق قول، ئۆزۈمچىل كىشى بولۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ـ نىڭ پىكىر بېرىشىگە يول قويمايدىكەن. بىر قېتىم باشلىق مە ـ لۇم ئىش بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ قالغان ھېسامنىڭ ئىسمى ـ نى سوراپتۇ:

— بۇرۇن ئىسمىم ھېسام بولىدىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — ھازىر يولداشلار دېموكراتىيە، دەپ ئۆز ـ گەرتىپ قويۇشتى.

— نېمىشقا؟ — كوچىلاپ سوراپتۇ باشلىق.

— نېمىشقا دېسىڭىز، — ئەيمەنمەي جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — دېموكراتىيە دېگەننىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەندىن كې ـ يىن، ئىسمىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرايلى، دەپ.

## ئاۋارىگەرچىلىك

توي قىلىش ئۈچۈن قىزىل قەغەز ئېلىشقا بارغان ھېسامنى رايون كادىرى بەلگىلىمىدە يوق رەسمىيەتلەر بىلەن تولا يول ماڭدۇرۇپ تازىمۇ ئاۋارە قىپتۇ. يەنە بىر قېتىم «ئەتە كېلىڭلار» دېگەندە، ئەلمىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان ھېسام كادىرغا دەپتۇ:

— بولدىلا، بويتاقچىلىقنىڭ ئۆزى ياخشى ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — ھەيران بوپتۇ كادىر.

— كىچىككىنە قەغەز كېسىپ بېرىدىغان كىشىنىڭ ئاۋا ـ رىگەرچىلىكى مۇنچىلىك بولسا، پۈتۈنسۈرۈك قىز بەرگەن كىشىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىگە جان توشامدۇ؟ — دەپتۇ ھېسام ئەلەم بىلەن.

## ھەتتىگىنەي

ھېسام قۇرۇلۇشتا لايىھىلىق قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ شېرىكى بىرنەچچە كۇنگىچە كەلمەي قويۇپتۇ. ھېسام ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغانىكەن، بىرەيلەن:

— تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ شېرىكىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى ئىسكىلاتچى بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ.

— قانداقچىسىغا؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ھېسام شېرىكىنىڭ قايسى يول بىلەن ئامەت تاپقىنىنى چۈشەنمەي.

— ئۇنىڭ دادىسى قۇرۇلۇش ئىدارە باشلىقىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتتى ئەمەسمۇ؟ — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ھەتتىگىنەي، — دەپتۇ ھېسام شۇ چاغدا، — باشلىقنىڭ كۆزى ئاغرىغۇچە پۇتى سۇنسىچۇ ! مېنىڭ دادام ئۇستا تېڭىقچى ئىدى ـ دە.

## ئاغىنىدار چىلىق

بىر قېتىم ھېسام ئاغىنىلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ، ئەمما ئاغىنىلىرى مەشرەپكە بىللە بارىدىكەن ـ دە، قايتقاندا ھېسامنى ئۆيلىرىگىمۇ تەكلىپ قىلماي ئۆزلىرى كېتىپ قالىدىكەن.

مەلۇم مەشرەپتە بىر تونۇش كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھە، ھېسامدىن، ئىشلار قانداق؟ نەدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتىسىز؟

ھېسام ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئاغىنىلىرىگە مەنىلىك قاراپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئىشلار كاتتا، ئاكا، ئەل ـ ئاغىنىلەر قويۇپ بەرمەي، دەڭدە يېتىپ قوپۇۋاتىمەن.

## شاۋ ـ شۇۋ

بىخىللىقتا داڭق چىقارغان بىر كىشى سوقۇم سويۇپتۇ. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەھەللىدىكىلەر بىر سورۇندا بىخىلغا چاقچاق قىپتۇ:

— بۇرادەر، ھېچبىر شاۋ ـ شۇۋسىزلا سوقۇمنى جايلىۋاپسىز ـ ھە؟

توپ ئىچىدە ئولتۇرغان ھېسام گەپكە ئارىلىشىپتۇ:

— شاۋ ـ شۇۋنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ تېخى؟ قوشنىمىز كالىنى سويغۇچە ھېلى قېرىنىنى تۆكىدۇ، ھېلى ئۈچەيىنى سىيرىيدۇ، دەپ تەمەدە ساقلاپ تۇرغان بىرەر مىڭ قاغىنىڭ شاۋ ـ شۇۋى مەھەللىنى بىر ئالدىغۇ.

## ئاۋۋال سورىۋېلىڭ

گۆش دۇكىنىدا گۆشنىڭ لەش يېرى تەگكەن بىر خېرىدار قاسساپقا ئاچچىقلاپ:

— تونۇش ـ بىلىشىڭگە ساپلا ياخشى گۆش بېرىپ، باشقىلارغا سۆڭەك بېرىدىغان قانداق نائىنساپ ئادەمسەن؟ — دەپتۇ.

— بېرىمەن، قانداق؟ دەيدىغان يېرىڭگە بېرىپ دېمەمسەن! — دەپتۇ قاسساپ. ھېلىقى خېرىدار گۆشنى تارازىغا تاشلاپ:

— باشلىقىڭغا دېمىسەم، كۆرۈپتۇر! — دېگىنىچە تالاغا قاراپ مېڭىپتۇ. كىشىلەر قاتارىدا گۆشكە نۆۋەت ساقلاپ تۇر-

غان ھېسام ھېلىقى خېرىدارنى توختىتىپ دەپتۇ:
— ئاكا، بىرىپ دېيىشتىن ئاۋۋال بىرنېمىنى قاسساپتىن سورىۋېلىڭ.
— نېمىنى؟ — ھەيران بوپتۇ خېرىدار. ھېسام چۈشەندۈرۈپ:
— قايسى باشلىق ئۇنىڭدىن گۆش ئالمايدىغانلىقىنى ! — دەپتۇ.

## ئەندىشە

ھېسامدىن بىر شاگىرت بالا سوراپتۇ:
— نەچچە كۈندىن بېرى چاڭچاڭمىز بەك خاپىغۇ؟
— تېخى ئۇقمىدىڭمۇ، زاۋۇتتا يېڭىچە سايلام ئۆتكۈزمەكچى، شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېسام. شاگىرت بالا ھەيران بوپتۇ:
— بۇنىڭ ئەنسىرىگۈدەك نېمىسى بار؟ چاڭچاڭ بولمىسا باشقا ئىش قىلسا بولۇۋېرىدىغۇ؟
— بالىسەن - دە ! — دەپتۇ ھېسام، — بىزنىڭ چاڭچاڭ چاڭجاڭلىقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ.

## ئەمدى مەشرەپ سىزگە كەلدى

ھېسام يېزا ئىدارىسىدە ئالاقىچىلىك قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە ھۆكۈمەت كاتىپى دائىم باشقىلارنىڭ نامىدىن باغاق يېزىپ ھېسامنى تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدىكەن. ئىشتىن خەۋىرى يوق ھېسام باغاقلارنى تارقىتىۋېرىپ، ساھىبخانىلاردىن ئاھانەت ئاڭلايدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە كاتىپنىڭ باشقا ناھىيىدىكى قېيناند-



ـسى كۇيئوغلىنىڭكىگە
مېهمان بولۇپ كەپتۇ.
كاتىپنىڭ بورداۋاتقان
قوينى بۇ مۇناسىۋەت
بىلەن سويماقچى بو-
لۇۋاتقىنىنى ئاڭلاپ
قالغان ھېسام دەررۇ
كاتىپنىڭ نامىدىن با-
غاق يېزىپ ئۇن نەچچە
كىشىگە تارقىتىپتۇ.
كەچقۇرۇنلۇقى قوي
سويۇلۇپ گۆشى كانا-
رىغا ئېسىلىشىغا كا-
تىپنىڭ ئۆينى مېهمان
بېسىپتۇ. ئايالى سەن قوينى ئاپامنى دەپ ئەمەس، ئاغىنىلىـ-
رىڭنى دەپ سويۇپتىكەنسەن، دەپ جېدەل قوزغاپتۇ. ئىشنىڭ
سەۋەبىنى سەزگەن كاتىپ ھېسامنى تالاغا چاقىرىپ چىقىپتۇ -
دە، ئاچچىقلانغان ھالدا:

— ھەي ھېسام، نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ پوپوزا قىپ-
تۇ.

— سەكرىمەڭ، — دەپتۇ ھېسام خاتىرجەم ھالدا، — «بۇقـ-
نىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈن موزايغىمۇ بار» دەيدۇ، ئەمدى مەشرەپ
سىزگە كەلدى.

## بار ئىكەنلىكى تۈگىدى...

تۆت بەڭگى بىر باغقا كىرىپ ئۈزۈم بارىڭى تېگىدە پىـ-

نەكچە تاماكىسىنى راسا چېكىپ قىيسىيىشىپتۇ. بىر چاغدا بەگلەر قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقانىكەن، باشلىرى باراڭغا تاقىشىپتۇ ـ دە، ئېڭىشىپ باراڭدىن چىقىشىپتۇ. شۇ مۇكچەيگەن پېتى كوچىغا چىققاندىن كېيىنمۇ غاز قانىتى بولۇشۇپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ مېڭىشىپتۇ. بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ ئالدىدىن هېسام چىقىپ قاپتۇ. ئالدىدا كېتىۋاتقان بەگى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— هېسام، باراڭلىق تۈگىدىمۇ؟

— باراڭلىققۇ تۈگىدى، — دەپتۇ هېسام بەگلەرنىڭ تۇرقىدىن كۈلگىنىچە، — ئەمما، ساراڭلىق تېخى تۈگىمىدى...

## ئەڭ تەس ئىش

كەچقۇرۇن مەھەللە دوقمۇشىدا ئىككى هورۇن تام يۆلەپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىچە «دۇنيادا ھەممىدىن تەس ئىش قايسى؟» دېگەن مۇنازىرىگە چۈشۈپتۇ.

— ياندىما يەردە كېچىسى سۇ تۇتماق تەس، — دەپتۇ بىر هورۇن.

— ياق، كۈننىڭ ئىسسىقىدا ئورما ئورۇماق تەس، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان هېسام هورۇنلارنىڭ تالىشىشىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ـ دە، يېقىن كېلىپ:

— ھەر ئىككىڭلار تاپالمىدىڭلار، دۇنيادا هورۇننىڭ ئىش تاپمىقى ئەڭ تەس، — دەپتۇ.

## بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز...

هېسامنىڭ مال بېقىشنى بىلمەيدىغان قوشنىسى بىساتىدى-

كى بىرلا قوينىنى باقالماي جۇلمەرىتىۋېتىپتۇ ـ دە، بىر يەك-شەنبە كۈنى يېزا بازىرىغا ئەكىرىپ سېتىۋەتمەكچى بولۇپ، ھېسامنى بازارغا بىللە بېرىشقا قىچقىرىپتۇ. ھېسام ماقۇل بو-لۇپ، قوينىڭ ئىگىسى بىلەن قوينى بىرگە ھەيدىشىپ مال با-زىرىغا ئەكىرىپتۇ. مال بازىرىدا بۇ ئورۇق قوينى ھېچكىم سوراپمۇ قويماپتۇ. كەچكە يېقىن بىر خېرىدار كېلىپ قوينىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۇتۇپ كۆرۈپتۇ ـ دە:

— ئورۇقلاپ ئۆپكىسىمۇ قالمىغان جانىۋار ئىكەن، تەۋەك-كۇل، يىگىرمە سومغا بەرسەڭلار ئالاي، — دەپتۇ.

— بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز، — دەپتۇ جىلە بولغان ھېسام.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ خېرىدار تېرىكىپ.

— ئالدىراپ خاپا بولماڭ، — دەپتۇ ھېسام، — بىر سوم ئۆرلىۋەتسىڭىز، ئۆپكىسىنىمۇ بېكىتىپ بېرىمىز.

## باشلىق ئىزدەش

بىر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن مەلۇم بىر باشلىقنى بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كۈندە كېلىپ تاپالماي يۈرگەن ھېسام تولىمۇ جىلە بوپتۇ. شۇنداق جىلە بولۇپ قايتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تونۇش بىرى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قاپتۇ ـ دە:

— ھە، ھېسام، كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ ھازىر قەيەردە ئىشلەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون كۈنچە بولدى، خىزمىتىم ئۆستى، — دەپتۇ ھېسام، — شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىكى باشلىق ئىزدەش ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىمەن.

## ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى

ئىدارىدىكى كادىرلارنىڭ ئانكېتىنى تولدۇرۇۋاتقاندا، ئەل-لىككە تاقاپ قالغان بىر ئايال خىزمەتچى ئۆزىنىڭ يېشىنى ئوتتۇز بەش ياش، دەپ مەلۇم قىپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

— پاتەمخان، ھېچبولمىغاندا قىرىق ياش دەڭا، — دەپتۇ ئارىدىن بىرى.

— سىز ئارىلاشماي ئولتۇرۇۋېرىڭ، — دەپتۇ ئايالنىڭ يېنىدا تۇرغان ھېسام، — ھازىر ھەر ئادەمنىڭ ئۆز كۆز قا-رىشىنى قويۇش ئەركىنلىكى بار.

## ئوتتۇرىسىنى قانداق تاپىدۇ

مەھەللىنىڭ يولى ياسىلىۋاتقاندا، ھېسامنىڭ ئىنىسى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاكىسىدىن سوراپتۇ:

— ئاكا، يول ياسىغاندا نېمىشقا ئالدى بىلەن ئىككى چېتىدىكى ئېرىقنى ئالىدۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن، — دەپتۇ ھېسام، — ئىككى چەت-تىكى ئېرىقنى ئالمىسا، يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى قانداق تاپىدۇ؟

## قانچىسى ئوغۇل، قانچىسى قىز

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ئىنىڭىزنىڭ قانچە بالىسى بار؟ قانچىسى ئوغۇل، قان-چىسى قىز؟

— ۋايتاڭەي، — دەپتۇ ھېسام بېشىنى چايقاپ، — ئەي-

تاۋۇر ئـەتىگـەنلىكى قـارىسا ھەممىسىلا ئەينەك بىلەن تارغاق-
نى تالىشىدىغۇ !

## بەربىر يالتىيىۋالىسىز

ھېسام سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقىنىدا ئۆمەكتىكى بىر
سەنئەتچى قىز دائىم بىرەر يىگىتنى تاپىدىكەنۇ، بىرەر ئايدىن
كېيىنلا، مائاشى ئاز ئىكەن، ئانىسى بار ئىكەن، دېگەندەك باھا-
نىلەر بىلەن يالتىيىپ كېتىدىكەن. ھېسام قىزنىڭ بۇ قىلىقىغا
بەكمۇ خاپا بولۇپ يۈرۈپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە قارىسا قىز يەنە
بىر يىگىت بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگۈدەك. بىر قېتىم
يىگىت قىزنى ئىزدەپ سەنئەت ئۆمىكىگە كەلگەندە ھېسام ئۇ-
نىڭغا، پالانچى سىز بىلەن يۈرەلمەيدىكەن، مېنى ئېيتىپ قويۇ-
سىڭىز دېگەنتى، دەپتۇ. يىگىت رەنجىگەن ھالدا كېتىپ قاپتۇ ـ
دە، ئىككىنچىلەپ قىزنى ئىزدىمەپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن قىز كوچىدا يىگىتنى كۆرۈپ، نېمىشقا ئىز-
دىمىگەنلىكىنى سورىغانىكەن، يىگىت ھېسامدىن ئاڭلىغانلىرىنى
ئېيتىپ بېرىپتۇ. قاتتىق ئاچچىقلانغان قىز دەررۇ ئۆمەككە قايـ-
تىپ كەپتۇ ـ دە، ھېسامغا كايىپ:
— ھېسامكا، نېمانداق خەقنىڭ ئىشىغا چات كىرىپ يۈرد-
سىز؟ — دەپتۇ.
— چات كەرگىنىم يوق، كۆڭۈل بۆلۈپ قويدۇم، — دەپتۇ
ھېسام جاۋابەن، — ئاڭلىسام بۇ يىگىتنىڭمۇ ئانىسى بار ئىكەن،
بەربىر يالتىيىۋالىسىز.

## ئېشەك ھارۋا سېتىش

ھېسام ئۆزى ئىشلىتىپ يۈرگەن ئېشەك ھارۋىسىنى سات-

مىاقچى بولۇپ بازارغا ئاپىرىپتۇ. بىر ئالغۇچى ئېشەك هارۋىنى ئەرزان ئېلىۋېلىشنىڭ قازىندنى ئېيتىپ:



— هارۋاڭنىڭ ئىچ كامېرى كونا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. هېسام دەررۇ چاقنى چۆۋۈپ كۆرسىتىپتۇ. چاقتىن قۇسۇر چىقىرالمىغان ئالغۇچى يەنە باهانە كۆرسىتىپ:

— هارۋاڭ ياخشى بولغان بىلەن، ئېشىكىڭ ناچار تۇرمادۇ، — دەپتۇ

— سودىنى قىلىۋېرىڭ، — دەپتۇ هېسام، — خالىسىڭىز، ئېشەكنىمۇ چۆۋۈپ كۆرسىتىمەن.

## گۇناھ كىمدە

هېسام تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ زىغىرى بىر يىلى بۆلەكچىلا ئوخشاپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىللاپ بۇ ئەترەتكە دەسسىمەيدىغان كوممۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەررۇ مەهەللىگە كېلىپ ئېتىز - ئېرىقلارنى تەكشۈرۈپتۇ - دە، ئىسكىلاتقا كىرىپ زىغىرنى كۆرۈپ ماختاپتۇ:

— ھوسۇلۇڭلار قالتىس بوپتۇ. بۇ يىل زىغىردىن خېلى
پۇل قىلىۋالىسىلەرغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق، — دەپتۇ ئەترەت باشلىقى خۇشاللىق بىلەن.
— بۇ زىغىرنىڭ مېيىدا ئاشمۇ ئوخشايدىغۇ دەيمەن؟! —
دەپتۇ مۇدىر يەنە مەنىلىك قىلىپ. ئەترەت باشلىقى دەررۇ مۇ-
دىرنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپتۇ - دە، يەنە:
— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ۋە مۇدىر كەتكەندىن كېيىن ھارۋى-
كەش بالىدىن بىر مىشكاپ زىغىرنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بې-
رىپتۇ. بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ ھەممە ئەزانىڭ غە-
زىپىنى كەلتۈرۈپتۇ. كىشىلەر مەھەللە دوقمۇشىغا توپلىشىۋې-
لىپ، گۇناھ كىمدە، يۈزى قېلىن مۇدىردىمۇ ياكى كۆڭۈلچەك
ئەترەت باشلىقىدىمۇ، دېگەننى تالىشىپ قاپتۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئا-
رىسىدا باياتىن ئۈنچىقماي تۇرغان ھېسام گەپكە نۆۋەت ئاپتۇ - دە:
— سىلەر ھېچقايسىڭلار گۇناھكارنى تاپالمىدىڭلار، گۇناھ
مۇدىردىمۇ ئەمەس، ئەترەت باشلىقىدىمۇ ئەمەس.
— ئەمىسە گۇناھ كىمدە؟ — دېيىشىپتۇ كىشىلەر
ھەيران بولۇپ.
— گۇناھ مول ھوسۇلدا، — دەپتۇ ھېسام شۇ چاغدا چۈ-
شەندۈرۈپ، — ئەگەر بۇ يىل زىغىر مۇنچىلا ئوخشىمىغان بول-
سا، بايىقى مۇدىرمۇ بىزنىڭ ئەترەتكە زادىلا كەلمىگەن بولاتتى.

## ئورنىدا مەن ئوقۇيمەن

ھېسام مەكتەپنىڭ ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىدا، ئۇنى
قوڭغۇراق چېلىشقا بەلگىلەپ قويۇپتۇ. تۆۋەنكى سىنىپتىكى بىر
كەپسىز بالا توك قوڭغۇراقنى پات - پاتلا بىمەھەل چېلىۋېتىپ
نەچچە قېتىم ھېسامنى تەنقىدكە قويۇپتۇ. ئاخىرقى بىر تەن-

قىدتىن كېيىن ھېسام مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ ئەرز قىپتۇ:
— بۈگۈندىن تارتىپ مەن قوڭغۇراقنى ئۆتكۈزۈپ بەرسەم.
— كىمگە؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ مۇدىر.
— تۆۋەنكى سىنىپتا بىر قوڭغۇراقچى ئوقۇغۇچى چىقىپ قالدى، شۇنىڭغا.
ئەھۋالنى ئەمدىلا چۈشەنگەن مۇدىر كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:
— ئۇنداقتا سىز نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپتۇ. ھې-سام جاۋاب بېرىپتۇ:
— نېمە قىلاتتىم، مەن شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئورنىدا ئوقۇيمەن-دە!

## باشلىقنى ماختاش

ھېسامنىڭ باشلىقى دائىملا ئۇنى «مېنى سورۇنلاردا نې-مىشقا ماختىمايسەن؟» دەپ كايىيدىكەن. بىر قېتىم يۇقىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىگۈچىلەر كەلگەندە ھېسام باشلىقنىڭ ئالدىدىلا كەلگەنلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرىپتۇ:
— بىزنىڭ باشلىقتەك ئادەم شەھەردە يوق - دە. باشقى-سىنى دېمەيلا مۇشۇ قېتىمقى ئۆستەڭ چېپىشقا چىققاننى دەي، ئۆستەڭ پۈتكۈچە بىزنىڭ باشلىق كېچە - كۈندۈز يا تۈزۈك تاماق يېمەي، يا سۆزلىمەي...
— نېمە قىلدى؟ — دەپ سوراپتۇ كەلگەنلەردىن بىرى قىزىـ-قىپ. ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئۇخلىدى.

## ئەمدى سالقىنداپ قالدى

ئاشخانىدا سامسا يەپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ئالدىلىرىدىكى سامسىنىڭ تۈگىشىگە پۇل تۆلەشتىن قېچىپ، ئۆزىنى يەلپۈ-

گەن بولۇپ:

— پاھ ـ پاھ، ئاشخانىنىڭ ئىچى تازىمۇ ئىسسىپ كەتتى جۇمۇ، — دېيىشىپ بىر ـ بىردىن تالاغا چىقىۋاپتۇ. ئاشخانىدا بىر ئۆزىلا قالغان ھېسام يېڭى قومۇرغان سامسىدىن ئوتتۇزنى ئېلىپ تالادىكىلەرنى چاقىرىپتۇ:

— كىرىڭلار، ھەي ئاغىنىلەر، ئاشخانا ئەمدى خېلى سالقىنداپ قالدى.

## ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز

مەھەللە دوقمۇشىدا تۇرغان بىر يىگىت كوچىدىن ئۆتكەنلا قىزلارغا گەپ تاشلاپ سەل نېرىدا تۇرغان ھېسامنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا كوچىدىن چىرايلىققىنە بىر سەنئەتچى قىز ئۆتۈپ قاپتۇ. ھېلىقى يىگىت قىزغا ئاڭلىتىپ:

— ئېھ، سەنئەتچى بولسام ئىدىم، — دەپتۇ. بىرھازادىن كېيىن كوچىدىن خۇش پىچىم كىيىنگەن تەنھەرىكەتچى قىز ئۆتۈپتۇ. يىگىت بۇ دورەممۇ:

— ئېھ، تەنھەرىكەتچى بولسام ئىدىم، — دەپتۇ.

ئانچە ئۆتمەيلا نېرىدىن موزاي يېتىلىگەن بىر قىز كېلىپ قاپتۇ. يىگىت بۇ قېتىم ئۈنچىقماي تۇرۇپتۇ. ھېسام بولسا يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ دەپتۇ:

— قانداق ئىنىم، ئەمدىغۇ موزاي بولارسىز؟

## جازام يېتىشكۈچە

ھېسام بۆلۈم باشلىقى بولغاندىن كېيىنمۇ كادىرلار بىلەن ئىلگىرىكىدەك قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇۋېرىپتۇ. بۇنىڭغا چىد-

شى قېرىشقان ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭغا كايىپتۇ:

— ھېسامىدىن، سىز ئەمدى ئاددىي كادىر ئەمەس. سەل جا- زىڭىز بولمىسا، قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى باشقۇرالمايسىز جۇمۇ.

ھېسام ئۈنچىقماپتۇ. ئەتىسى ئۇ خىزمەتكە ئۆيدىكى قول ھارۋىنىڭ جازىسىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق ئە- جەبلىنىپتۇ:

— ھېسامىدىن، بۇنى نېمىگە كۆتۈرۈۋالدىڭىز؟

— تۈنۈگۈنكى تەنقىدىي مەسلىھەتىڭىز بويىچە، — دەپتۇ ھېسام، — ئۆزۈمدە سىزنىڭكىدەك جازا يېتىشتۈرۈۋالغۇچە، مۇشۇ جازىنى ئىشلىتىپ تۇراي دەيمەن.

## ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم

تەنتەربىيە زالىدا ۋالىبول مۇسابىقىسى راسا قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا، بىرنەچچە قېتىم توك كېتىپ تاماشىچىلار- نىڭ كەيپىنى بۇزۇپ- تۇ. ئاخىرقى قېتىم توك كەتكەندە، ئويۇن كۆرۈۋاتقان ھېسام ئورنىدىن تۇرۇپ ئەن- سىز ۋارقىراشقا باشلاپتۇ:



— ھېسام، ھەي ھېسام، نەدىسەن؟

— ئۆندەرەۋاتام-

سىز، ھېسامكا، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز چاقىرغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ ئەجەبلىنىپتۇ ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ياش يىگىت.

— ئۆندەرىگىنىم يوق، — دەپتۇ ھېسام، — قاراڭغۇدا ئۆزۈمنى يىتتۇرۇپ قويدۇم.

## راستمۇ

بىر قېتىملىق سورۇندا ھېسامدىن چاقچاقتا يېڭىلىپ قالغان بىر كىشى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي ھېسامغا: «چاقچاقتا ئۇستا دەپ قويسا، ئۆز - ئۆزۈڭنى چۇشۇرگىنىڭ راستمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلغانىكەن، ھېسام «راستمۇ» قاپىيىسىنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ تۆۋەندىكى ئون نەچچە چاقچاقنى كەينى - كەينىدىن كەلتۇرۇپتۇ:

— چاقچاقتا يېڭىلىپ قالساڭ، مۇشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

— ھۆپۆپنى يۇڭدىماي يەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالغىنىڭ راستمۇ؟

— ھاراقنى بىكارغا ئىچىپ، چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

— ھەرە تۇتىمەن، دەپ بېشىڭغا ھەسەل سۈركىگىنىڭ راستمۇ؟

— ماتروس بولىمەن، دەپ شەپكىنىڭ چېكىلىكىنى يۇلۇۋەتكىنىڭ راستمۇ؟

— لاباكۇ كىيىۋېلىپ، نەشكەشكە ئۇلپەت بولغىنىڭ راستمۇ؟

— كېچىچە تانسىغا پىرقىراپ، ئەتىسى ۋاي يۈرىكىم، دەپ خىزمەتكە بارمىغىنىڭ راستمۇ؟

— مەستلىكىڭدە ساقچىدىن قورقمايمەن، دەپ

ۋارقىراپ، ساقچى كەلسە ئاپام قارا چايغا ئەۋەتكەنتى دېگىنىڭ راستمۇ؟

— ھەرقانداق نوچىنى سىيرىيمەن دەپ، سىم تاناب تۇۋرۇ-كىگە مۈشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

— بۇرۇلكامنىڭ قىرىنى بۇزمايمەن دەپ، ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېگىنىڭ راستمۇ؟

— ئىككى سەر ئىچىپ، تۆت سەر مەست بولغىنىڭ راستمۇ؟

ھېلىقى كىشى ئۇن سۇرەلمەستىن ئۆزىنى شاڭخو قىلىپ كۈلۈۋاتقان جامائەتنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

## گۇناھ بولىدۇ

بىر كۈنى ھېسام جامائەت بىلەن خەتمىقۇرئان چېيىدا بىللە بولۇپ قاپتۇ. تۆردە ئولتۇرغان مەھەللە ئىمامى ھەدەپ:

— ئادەمنىڭ سۈرىتى بار ئۆيدە تەكبىر ئېيتىش گۇناھ بو-لىدۇ، تامغا رەسىم چاپلاش گۇناھ بولىدۇ ...، — دەۋېرىپ، ئۆيدى-كى ھەممىلا رەسىم ئەۋلادىنى ئالدۇرۇۋېتىپتۇ. ھېسام بىر چاغدا ئىمامنىڭ ئالدىغا قويۇلغان كونۋېرت ئىچىدىن بەش سوملۇق پۇلنى ئاپتۇ-دە، ساھىبخانىغا بېرىپ:

— بۇنىمۇ ئەكېتىڭلار، — دەپتۇ. ئىمامنىڭ كۆزى چەكچى-يىپتۇ-دە:

— ھېسامىدىن، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپتۇ پوكانىدەك قىزى-رىپ. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— تەقسىر، قارىسام پۇلدىمۇ ئادەم سۈرىتى بار ئىكەن، سىلىنى گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالمىسۇن، — دېدىم.

## تويدۇ ـ دە

ھېساملارنىڭ قوشنىسى دائىم دېگۈدەك مەست كېلىپ ياۋاش خوتۇنى بىلەن جاڭجاللىشىدىكەن، جاڭجاللاشسىلا مە ـ ھەللىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىلىپ:

— تويدۇم سېنىڭدىن، ئەزبىرايى تويدۇم! — دەپ ۋارقىرايدىكەن.

بىر قېتىملىق ئاشۇنداق جېدەلدە قوشنىسىنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىغان ھېسامنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەيرانمەن، قوشنىمىزنىڭ «تويدۇم» دەپ جار سېلىشى قانداق گەپتۇ، نېمە دېگىنى ئۇ؟

ھېسام ئۆيدىكىلىرىگە چۈشەندۈرۈپتۇ:

— تاماقنى قەرەلدە ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرىپ تۇرغاندىن كېيىن تويدۇ ـ دە!

## مەستلىكنىڭ سىرى

ئاشخانىدىن چىقىۋاتقاندا بىر ئاغىنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— دائىم جىق ئىچىسىڭىز مەست بولمايتتىڭىز، بۈگۈن ئازراقلا ئىچىپ تەڭشىلىپ قالدىڭىزا؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۈگۈن پۇل خەجلەپ قويدۇم ئەمەسمۇ.

## مېھمانلىرىڭنى كۈتۈۋالغىن

ھېسام «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «قارا يىپ» قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن ھېچكىم ئۇنىڭغا پاراڭ قىلمايدىغان، ئۆ ـ يىگىمۇ كىرمەيدىغان بوپتۇ. ھېيت كەلگەندە ئايالى نەچچە

دەستە ساڭزا سېلىپ، جوزىنى راسلاپ قويۇپتۇ، لېكىن ھېچ-كىم ئۇنىڭ ئۆيگە ھېيتلاپ كىرمەپتۇ. بۇنىڭدىن خاپا بولغان ئايالى كارىۋاتتا يېتىپ بىردەم يىغلاپتۇ ـ دە، كېيىن ئۇخلاپ قاپتۇ.

بۇ چاغدا ھېسام كىيىم ياپقۇچنى يۇلۇۋېلىپ ئايالىنىڭ ئۇستىگە يېپىپتۇ، ئۆزى بېلىگە ئۇزۇن ئاق لۆڭگىنى باغلاپتۇ ـ دە، ھويلىغا چىقىپ:

— ۋاي دوستۇم، ۋاي مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتكەن دوس-تۇم، — دەپ ئۇنىڭ بارچە يىغلاشقا باشلاپتۇ. ئەتراپتىكى قوش-نىلار ھېسامنىڭ ئايالى قازايى ـ قەدەر يېتىپ ۋاپات بولغان ئوخ-شايدۇ، دەپ ئويلىشىپ بىر ـ بىرلەپ ھېسامنىڭكىگە كىرد-شىپتۇ، بىردەمدىلا ئۆيگە ئادەم لىق توشۇپتۇ. ھېسام دەرھال بېرىپ ئايالىنىڭ يۈزىدىكى كىيىم ياپقۇچنى ئېلىۋېتىپ:

— تۇر، خوتۇن، ئۆيگە مېھمان توشۇپ كەتتى، ساڭزىلىد-رىڭنى ئوشتۇپ ئەزىز مېھمانلىرىڭنى كۈتۈۋال، — دەپتۇ.

## خىرىستا ئوخشمايدۇ

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەكتەپكە كەلگەن ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ باشلىقى ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىمدە ئۆزىگە تەڭ قىلمايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەلۇم جۇغراپىد-يە ئوقۇتقۇچىسى بىلەن سۆز تالىشىپ قاپتۇ.

— ياپونىيە ياۋروپاغا جايلاشقان، — دەپتۇ ئۇ.

— توغرا ئەمەس، ئاسىياغا جايلاشقان، — جۇغراپىيە ئو-قۇتقۇچىسى ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ.

باشلىق جاھىللىق بىلەن ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ.

جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى دەرھال تامدىن دۇنيا خەرىتىسىنى ئې-لىپ ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلاپتۇ. باشلىق تاتىرىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

باياتىن سۆھبەتنى تىڭشاپ تۇرغان ھېسام باشلىقنى ئو-ڭايسىزلىقتىن قۇتقۇزماقچى بولۇپ گەپكە ئارىلىشىپتۇ:

— ئۇكا، ھەر ئىككىڭلاردا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. ئەسلىدە باشلىقنىڭ خەرىتىسى بىلەن سىزنىڭ خەرىتىڭىز ئوخشىمايدى-كەن ئەمەسمۇ!

## خوتۇندىن قورققاننىڭ پايدىسى

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، خوتۇندىن قورققاننىڭ پايدىسى بارمۇ؟

— بار، — دەپتۇ ھېسام، — بىرلا پايدىسى بار.

— ئۇ قانداق پايدا؟ — سوئال سورىغۇچى قىزىقىپتۇ.

— ئاشپەزلىكنى ئۆگىنىۋالىسەن، — دەپتۇ ھېسام.



## ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلىمىسىز

ھېسام بىرنەچچە كىشى بىلەن بىر خىزمەتدىشىنىڭكىگە مېھمانغا بېرىپتۇ. ئۆي ئىگىسى ئەركە ئوغلىنى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ماختاپ:

— بالامنى ياۋروپاچە تەربىيىلىدىم، قالتىس بالا بولدى جۇ-مۇڭلار، — دەپتۇ. شۇ ئارىدا بالا ئۆزىنى ئەركىلەتكەن ھېسامنى ۋاققىدە بىرنى ئۇرۇپتۇ.

— بارىكاللا، — دەپتۇ ھېسام بالىنى ئۆزىدىن يىراقلىتىپ، خىزمەتدىشىغا، — ئوغلىڭىزنى ھېلىمۇ ياۋروپاچە تەربىيىلەپتىكەنسىز، ئەگەر باشقا يەرچە تەربىيىلىگەن بولسىڭىز، بۇ كەمگىچە بىزنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدىكەن.

## ھېلىمۇ ئويغىتىپ قويۇپتۇ ...

كەچ كىرگەندە توساتتىنلا ھېسامنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە ئاغىنىسى كېلىپ قاپتۇ. ھېسام ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، تاماق ئەكىرىپتۇ. ھېسام قارىسا ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى گەپكە ئارىلاشماي ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ھېسام گەپ ئارىسىدا، ئۇنىڭدىن:

— ئاداش، سىز بۇلار بىلەن نەدە ئۇچرىشىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى ئاغزىدىكى لوقمىنى يالماپ تۇرۇپ، — بۇلار كېلىپ «ھېسامنىڭكىگە بارىمىز» دەپ ئويغىتىشتى.

— ھېلىمۇ ئويغىتىپ قويۇپتۇ، — دەپتۇ ھېسام، — بولمىسا، ئاچ قورساق قانداقمۇ ئۇخلايتتىڭىز؟

# ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقمايتىمەن

مەلۇم باشلىقنى ھېسام تولىمۇ مەنسەپپەرەس، دەپ ئاڭلىغانىكەن. بىر قېتىم شۇ باشلىق بىلەن مەلۇم تويدا بىر تاۋاقتا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بىر چاغدا ساھىبخانا بوسۇغىدا تۇرۇپ ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىز قايسى تاۋاقتا قارىدىڭىز؟

ھېسام تاۋاقدىشىنى كۆرسىتىپ:

— ماۋۇ ئادەم بىلەن بىر تاۋاقتا ئولتۇردۇم، — دەپتۇ. بىراق، تاۋاقدىشى ئۇنىڭغا دەرھال گۈلىيىپتۇ:

— ھەي، قانداق نەرسە سەن، ماۋۇ ئادەم دەيسىنا، مېنى تونۇمامسەن؟

باياتىن ئۇنىڭ ھېلىقى مەنسەپپەرەس باشلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئولتۇرغان ھېسام ھودۇقماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— كەچۈرىسىز، سىزنىڭ ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمەن.

# خەۋەر تۇرماق

ھېسام مەكتەپتە ئىشلىگەندە يۇقىرىغا بىر پارچە ئەرز يازغانىكەن، لېكىن ئەرزىنىڭ ئۇچۇرى تاش سۇغا چۆككەندەكلا جىمىپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم مەكتەپتىكى گرامماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، يۇقىرىغا بەرگەن ئەرزىڭىزدىن خەۋەر بارمۇ؟

— نەدىكى دەيسىز، — دەپتۇ ھېسام، — خەۋەر تۇرماق ئىگىمۇ يوق.

## داتلىشىپ كېتىپسىز ـ دە

ھېسام يېڭى كۆچۈپ كەلگەن قوشنىسىدىن سوراپتۇ:
ـــ ھاراق ئىچىپمۇ قويامسىز؟
ـــ ۋاھ، بۇرۇن تازا ھاراق تۇڭى ئىدىم دەڭا، ـــ دەپتۇ قوشنىسى جاۋابەن، ـــ يىگىرمە يىل بولدى ئىچمىگىنىمگە.
ھېسام قوشنىسىغا چاقچاق قىپتۇ:
ـــ ئۇنداقتا تازا داتلىشىپ كېتىپسىز ـ دە !

## ئىگىسىنى دورىغان ـ دە

بەكمۇ شەخسىيەتچى بىر ئىدارە خادىمى كوچىدا ۋېلىسىپىت مىنىپ كېتىۋاتقانىكەن، ھېسام بىلەن بىللە كېلىۋاتقان بىرى ۋېلىسىپىتلىككە كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:
ـــ ھوي ئاغىنە، ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭ ئارقا چاقىغا قوراي قىستۇرۇلۇپ قاپتىغۇ؟
ـــ ئىگىسىنى دورىغان ـ دە، ـــ دەپتۇ ھېساممۇ تەڭلا ۋارقىراپ، ـــ قۇرۇق ماڭمايدۇ !

## ئەڭ تەس ئورما

قايسى ئاشلىقنىڭ ئورمىسىنى ئورۇماقنىڭ تەسلىكىنى تالىشىپ قالغان بىرنەچچە يىگىت ھېسامنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:
ـــ ھېسامكا، سىز كۆپنى بىلىدىغان ئادەم، ئېيتىڭا، زادى قايسى ئاشلىقنىڭ ئورمىسى ئەڭ تەس؟
ـــ مېنىڭچە، قولغا تەگمەيدىغان ئاشلىقنىڭ ئورمىسىنى ئورۇماق ئەڭ تەس.

## پۇل خەجلەش

ئاغىنىلىرى ھېسامنى دائىم «پۇل خەجلىمەيسەن» دەپ ئەيىبلەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار جەم بولغاندا ھېسام ئۇلارغا دەپتۇ:

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن ئاخشام چۈشۈمدە سىلەرنى كۆرۈپتىمەن.

— نېمە قىلىۋېتىپتىمىز؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ ئاغىنىلىرى.

— ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپتىمىز.

— پۇلنى كىم خەجلەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى كۈلۈمسىرەپ.

— پۇلنى مەن خەجلەپتىمەن، — دەپتۇ ھېسام، — قېنى، ئەمدى نۆۋەت سىلەرگە كەلدى.

## ئېشەكتىن چۈشسەم...



يازنىڭ بىر كۈنى ھېسام ئېشەك مىنىپ سەھرادىن يېنىپ كېلىۋاتقانىكەن، قورسىقى ئاچقان ئېشەك ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ. بىر چىمەنلىككە كەلگەندە ھېسام ئېشەكنى قويۇۋېتىپ بېقىپتۇ، كېيىن يولغا چۈشەي، دەپ ئېشەكنى تۇتماقچى بوپتىكەن، تويغان ئېشەك قېيغىتىپ زادىلا تۇتۇق

بەرمەپتۇ. ئاخىر ھېسام ئاچچىقىدا:

« بۇدا تۇتۇۋالسام، ئۇستۇڭدىن ئەسلا چۈشمەيمەن، چۈشسەم، خوتۇنۇم تالاق» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. ئاخىر مىلىك جاپادا ئېشەكنى تۇتۇپتۇ ـ دە، مىنىپ ئۆيىگە كەپتۇ. ھويلىغا كىرگەندە ئايالى ئۇنىڭ ئالدىغا چىققانىكەن، ھېسام ئېشەكتىن چۈشمەيلا:

— بول، خوتۇن، چېيىڭ قايىنىغان بولسا مەشەگىلا ئاچىق، قورساق ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. ئايالى ھەيران بولۇپ:

— ساراڭمۇ سىز، چاي دېگەننى ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۆيگە كىرىپ ئىچمەمدۇ؟ — دەپتۇ.

— سەن ھېچنېمىنى ئۇقمايسەن، — دەپتۇ ھېسام ئايالىغا، — ئەگەر ئېشەكتىن چۈشسەم سېنىڭ ئىشىڭ چاتاق.

## بېلىق يۆتكەش

بىر ئاغىنىسى ھېسامغا چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— ئاغىنە، ئالتايدىن نۇرغۇن بېلىق ئېلىۋىدىم، ماشىنا، هارۋا بىلەن يۆتكەپ كەلگىلى بولمايدىكەن، قانداق قىلسام بولار؟

ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، بېلىقلىرىڭىزنى تار ئېرىققا سولاپ ھەيدەپ كېلىڭ.

## جېدەل

ھېسامنىڭ ئايالى تولىمۇ ئۇرۇشقاق، زەھەر تىللىق ئايال ئىكەن. بىر قېتىم ماجىرالىشىپ قېلىپ ئايالى ھېسامنى

تىللاپتۇ:

— ئەر دېگەن سىزدەك بولامدۇ؟ مەنزە دۈلدۈلغا تەگدىم، دەپ ئېشەككە تېگىپ قاپتىكەنمەن ئەمەسمۇ؟

— گېپىڭ توپتوغرا، خوتۇن، — دەپتۇ ھېسامىمۇ، — سەن-مۇ مەندەكلا ئويلاپ قاپسەن.

— خوش، سىز نېمىنى ئويلاپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ئايالى چالۋاقاپ.

— مەنمۇ بۇلبۇلنى ئالدىم، دەپ كەكلىكنى ئالغانىكەنمەن ئەمەسمۇ؟

## كۆز ۋە قۇلاق

بىر بىلىم ھەۋەسكارى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندا نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال يو-رۇقنى كۆرۈپ كېيىن ئاۋازىنى ئاڭلايمىز؟

ھېسام ئەستايىدىل ئويلىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇنىڭ سەۋەبى بەكمۇ ئاددىي، كۆز قۇلاقنىڭ ئالدىدىراق ئەمەسمۇ !

## گۆشنى ئۇرۇش

ھېسام گۆش ئالغىلى بېرىپتىكەن، ناتونۇش قاسساپ گۆش-نىڭ بەكمۇ ناچار يېرىدىن تارتىپ بېرىپتۇ. ھېسام سوغۇقتا توڭلاپ دىردىيىپ قالغان گۆشنى كىچىك سومكىغا سىغدۇرال-ماي، سومكىنىڭ تېشىدىن ھەدەپ مۇشتلاۋاتقىنىدا، تونۇش بى-رەيلەن كېلىپ قېلىپ چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، گۆشتە نېمە گۇناھ، نېمانچىۋالا ئۇرىسىز؟

— قاسساپنى ئۇرغىلى بولمىسا قانداق قىلاي؟ — دەپتۇ

ھېسام جاۋابەن.

## مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز

بىر ئولتۇرۇشتا ساقىي نۆۋەت بويىچە هاراق سۇنغاندا، ھې-سامنىڭ قولى ئىختىيارسىز تىترەپ كېتىپتۇ - دە، رومكىدىكى هاراق يەرگە ئازراق تۆكۈلۈپتۇ. دەل شۇ پەيتتە راسا مەرغۇللىتىپ تەمبۇر چېلىۋاتقان سازەندىنىڭ كۆزى بۇنىڭغا چۈشۈپتۇ -دە، سازنى چىپلا توختىتىپ ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، قولۇڭلار نېمانداق تىترەيدۇ؟

— ئەتەي تىترەۋاتىدۇ، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ جاۋاب ياندۇرۇپ، — سىلەر تەمبۇرنى مەرغۇللىتىپ چالغاندەك بىز-مۇ هاراقنى مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز.

## شۇنچە ئۇزۇن يەرگە

بىر قېتىم ھېسامغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كەپتۇ. ھېسام تۇرۇپكىنى ئاغزىغا توغرىلاپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلاپتىكەن، يېنىدا ئولتۇرغان خىزمەتداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— ھېسامكا، بوشراق گەپلەشسەڭمۇ بولىدىغۇ، — دەپتۇ.

ھېسام ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:

— قىزىقكەنسەن، ئارىلىقىمىز شۇنچە ئۇزۇن تۇرسا، ۋارقىرىمىسام قانداق ئاڭلىنىدۇ؟

## دۇنيادا نېمە ئۇچلۇق

تولىمۇ نەپسانىيەتچى بىر ئادەم ھېسامدىن گەپ سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، بىلەمسىز دۇنيادا نېمە ئەڭ ئۇچلۇق؟



— سىزنىڭ ساقىلىڭىز ئۇچلۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام ئويلانمايلا.

— يوق گەپنى قىلماڭ، قاندىقىسىغا مېنىڭ ساقىلىم ئۇچلۇق بولىدۇ؟ — دەپتۇ چۆچۈپ ئۇ كىشى. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ساقىلىڭىز ئۇچلۇق بولمىسا، شۇنچىۋالا قېلىن يۈزىڭىزنى قانداق تېشىپ چىقاتتى.

## ئىتتەك ۋە بۆلبۆلدەك

نەشتەردەك سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھېسام بىرنەچچە ئاغىنىسى بىللەن بىللە كېتىۋېتىپ، چوڭ كوچىغا كەلگەندە مۆزلاپ كاس - كاس تىترەۋاتقان بىر ئاغىنىسىگە چاقچاق قىپتۇ:

— پاھ ! ئاغىنە، ئىتتەك تىترەۋاتىسەنغۇ.

ئاغىنىسى دەررۇ ئۆڭۈپتۇ:

— نېمىدەك دەيسەن؟

ھېسام دەرھال گېپىنى ئوڭشىۋاپتۇ:

— يوقسۇ، بۆلبۆلدەك تىترەۋاتىسەن دەيمەن -دە !

## شەھەر سوراش

ئىككى كىشى ئۆزئارا قىزىرىشىپ قېلىپ، بىرى يەنە بىردىگە ماختىنىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئۆزۈڭچە خەقنى كۆزگە ئىلمايسىنا، دادامچۇ، شەھەر سوراپ ئۆتكەن ئادەم، بىلەمسەن، شەھەر سوراپ ئۆتكەن.
— نېمە دەيسىنا؟ — يەنە بىر كىشى كۈلۈپ سوراپتۇ، — سېنىڭ داداڭ نەلەردە يۈرۈپ شەھەر سورىغانىكەن؟
چەتتە تۇرغان ھېسام گەپكە ئارىلىشىپتۇ:
— نەدە يۈرۈپ شەھەر سورىغان دەمسىزا، ئوقەت قىلىپ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرگەن چاغلىرىدا «ماۋۇ قايسى شەھەر؟ ئاۋۇ قايسى شەھەر؟» دەپ بىلمىگەن شەھەرلىرىنى سورىغان ـ دە.

## توپ ئوينىماقچىدۇق

ئىدارە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەشغۇلاتى ئۇيۇشتۇرۇلغان، ئۇ ـ چۈن ياستىلغان تىكتاك توپ ئۈستىلىنى بۆلۈم باشلىقى ئۆيىگە ئەكېتىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ھېسام بىر نەچچە كادىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، توپ، پالاق، سېتكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ باشلىقنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ـ دە، ئۇنى چاقىرىپتۇ.
— بىر يەرگە چاقىرىپ كەلگەن بولساڭلار بارالمايمەن، — دەپتۇ دەرۋازا ئالدىغا چىققان بۆلۈم باشلىقى، — ئۆيدە يۈزلۈك مېھمانلىرىم بار.
— ھېچ يەرگە چاقىرىپ كەلگىنىمىز يوق، — دەپتۇ ھېسام جىددىي قىياپەتتە، — مېھمانلىرىڭىزنى تالاغا ئاچىقىپ تۇرسىڭىز، بىز تىكتاك توپ ئوينايمىز.

## ئۆلمەيدىغان بولدۇق

بىر ئاغىنىسىنى ئېغىر ئاغرىق، دەپ ئاڭلىغان ھېسام ئۇنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا بېرىپتۇ. ئاغىنىسى ياتقان ياتاقنىڭ ئالدىدا

ئاغىنىسىنى تەكشۈرۈپ چىقمۋاتقان بىر تونۇش دوختۇر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ھېسام دوختۇردىن ئاغىنىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئۇنى ياخشىراق داۋالاشنى تاپىلاپتۇ.

ھېسام دوختۇر بىلەن خوشلىشىپ ئاغىنىسىنىڭ يېنىغا كىرىشىگە، كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغان ئاغىنىسى يىغلاپ:

— ئاغىنە، ياخشى بولالمايدىغان ئوخشايمەن، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، بالىلىرىم كىچىك ئىدى، — دەپتۇ.

ھېسام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ دەپتۇ:

— يىغلىما، ئاداش، مەن دوختۇرغا ئېيتىپ قويدۇم، ئۆلمەيدىغان بولدۇڭ.

## يۈرەكنىڭ داپ چېلىشى

ئىدارە ئاشخانىسىنىڭ تامىقى بىر مەزگىل بەكمۇ ناچارلىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى يۇقىرىدىن ئاشخانا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ باشلىق كېلىپ قالغاچقا، بىر ۋاخلىق تاماق بەكمۇ ياخشى ئېتىلىپ، ئادەتتىكىدىن كۆپ بېرىلىپتۇ. بىرنەچچە كىشىلەر قاتارىدا ھېسامنىڭمۇ ئاشقازىنى بۇنى كۆتۈرەلمەي، ئاغرىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇ دوختۇرغا بېرىپتۇ.

— يۈرىكىڭىز داپ چېلىپ قاپتىغۇ، بۇرادەر؟ — دەپتۇ ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن تونۇش دوختۇر چاقچاق قىلىپ.

— ھەئە، — دەپتۇ ھېسام، — ئاخشام ئاچچىق ئۈچىيىمدە توي بولغان، شۇڭا داپ چېلىنىۋاتىدۇ.

## كىرمتۇك چىش

ھېسامنىڭ ئۈتتۈر ئىككى چىشى يوق ئىكەن. بىر ئاغىنىسى ئۇنى مازاق قىلماقچى بولۇپ:

— ئاغىنە، چىشىڭنىڭ كەمتۈك يېرىگە تام سوقتۇرۇۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بەللى، بۇ جايدا مەسلىھەت بولدى! — دەپتۇ ھېسام، — ئۇنداقتا بىر يولى گېلىمغا قۇرۇلۇشمۇ سالدۇرۇۋالىدىكەنمەن - ھە!

— ياخشى گەپ، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — ئەمىسە باشقا يەرلەرنىمۇ قويۇپ، مەشرەپنى كۇندە سېنىڭ گېلىڭدىلا ئوينايدىكەنمىز - دە.

ھېسام دەررۇ دەپتۇ:

— مەشرەپچىلەر راسا قىزىغاندا بىرلا «ئۆھۆ» دېسەم، ھەممىڭ ئۆزۈڭنى يەردە كۆرۈشىسەن - دە...

## ئىككىسى ئىككى گەپ

ھېسامنىڭ قوشنىسى ئايالىدىن داداپ بېرىپتۇ:

— بەكمۇ يالغانچى دەڭا، ھېسام، تالاي قېتىم مېنى خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتتى.

— راسا ئەدىپىنى بەرسىڭىز بولمامدۇ! — دەپتۇ ھېسام قېنى قىزىپ، — ئەگەر مېنىڭ ئايالىم شۇنداق بولىدىغان بولسا، بىردەمدە موللا قىلىۋېتىمەن.

ھېسامنىڭ ئايالىنىڭ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ كانىيىدىن ئالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قوشنىسى قىزىشىپتۇ:

— سىزنىڭ ئايالىڭىزمۇ يەتكۇدەك ئازازۇلغۇ، نېمىشقا ئەدىپىنى بەرمەيسىز؟

ھېسام خىجىل بولماي باھانە كۆرسىتىپتۇ:

— بۇرادەر، شۇنىمۇ بىلمەمسىز، ئازازۇللۇق بىلەن يالغانچىلىق دېگەن ئىككىسى ئىككى گەپقۇ!

## تېلېفوندا سۆزلىشىش



ھېسام تېلېفوندا سۆز-لىشىپ كۆرمىگەنىكەن، بىر كۇنى مەلۇم ئىدارە بىلەن سۆزلىشىشكە توغرا كەپتۇ.

— ۋەي، — دېگەن ئاۋاز كەپتۇ تۇرۇپكىدىن، — تۇنۇ-گۇنكى ماتېرىياللاردىن سى-لەرگە نەچچىسى باردى؟

ھېسام دەررۇ تۇرۇپكىنى ئۇستەلگە قويۇپتۇ -دە، بىر قەدەم چېكىنىپ، قوچقىنى كەڭ يېيىپ:

— ۋەي، مانا مۇشۇنچىلىك كەلدى، — دەپتۇ.

## دانا جاۋاب

ھېسامنى بەكمۇ دانا، دەپ ئاڭلىغان بىر يىگىت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، مەن نېمىشقا مۇنچىۋالا سېرىق، شۇنى دەپ بېرىڭا.

ھېسام «مەن نەدىن بىلەي» دېسىمۇ يىگىت ئۇنىماي تۇرۇۋال-غاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— خوپ، دەپ بەرسەم دەپ بېرەي، ئاۋۋال شۇنى دېگىنە، داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— رىشالە ئېتىپ ساتىدۇ، — دەپتۇ يىگىت.
— ھە بولدى، — دەپتۇ ھېسام جاۋاب بېرىپ، — داداڭ تۇ-خۇمنىڭ ئېقىدا رىشالە ياساپ، سېرىقىدا سېنى ياسىغانىكەن.

## سېتىپ پۇل قىلىپ قويدۇم

ھېسام ئىدارىدە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىدارە باشلىقى ھېسامغا:
— گېزىتىمنى يىغىپ، ئاي توشقاندا بىراقلا بەرگىن، — دەپتۇ. ئاي توشقاندا ھېسام بىر ئايلىق گېزىتنى يىغىپ باش-لىقنىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپتىكەن، باشلىق:
— مېنىڭ ھازىر ئوقۇشقا ۋاقتىم يوق، سېتىپ پۇلىنى ئە-كىرىپ بەرگىن، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن ھېسام كېيىنكى ئايغا باشلىقنى گېزىتكە مۇشتەرىلىككە تىزىملاتماي پۇلىنى ساقلاپ قويۇپتۇ.
بىر كۈنى باشلىق ئۇنى بۆلۈمگە چاقىرىپ سوراپتۇ:
— بۇ ئايلىق گېزىتىمنى ئەكىرىپ بەرمەيسەنغۇ؟
ھېسام دەپتۇ:
— تاپشۇرۇۋېلىشقا بويىچە بۇ ئايلىق گېزىتىڭىزنىمۇ سې-تىپ پۇل قىلىپ قويدۇم.

## يۈز سىز

ھېسام كېپىل بولۇپ بىر قوشنىسىغا بىر ئاغىنىسىنىڭ ئېتىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. قوشنىسى دېگەن قەرەلىدە پۇلىنى بەرمەي، ھېسامنى ئاغىنىسىنىڭ ئالدىدا كۆپ يالغانچى قىپتۇ. ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتۈپ بىر كۈنى ھېسام ھېلىقى پۇلنى سۈيلەپ يەنە قوشنىسىغا يولۇقۇپتۇ.
— ۋاي بۇرادەر، — قوشنىسى دائىملىق ھېيلىسىنى

ئىشلىتىپ گەپ يورغىلىتىپتۇ، — شۇ پۇلنى ۋاقتىدا جايلاپ بېرەلمەي ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم قالمىدىغۇ زادى.

— خاتالاشتىڭىز، قوشنام، — دەپتۇ ھېسام، — سىز- دە ئەزەلدىنلا يۈز بولمىغان، يەنە نەنىڭ يۈزىنىڭ گېپىنى قى- لىپ يۈرىسىز؟

## مېنى چىشلىمەيدۇ

ھېسامنىڭ ئۆيىدە قونۇپ كېچىچە ھاراق ئىچىشكەن ئىككى ئاغىنىسى ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە ھاراق جېدەللىنى قىپتۇ:

— ئاغىنە، بىرەر رومكىدىن ئىچمەيلىمۇ؟

— ئەتىگەندىمۇ ھاراق ئىچەمدۇ، چاي ئىچىڭلار — دەپتۇ ھېسام.

— ھاراق ئىچكىنىمىز ياخشى، — دەپتۇ ئاغىنىلىرى، — سېنى ئاخشامقى ھاراق چىشلىۋالمىدىمۇ؟

ھېسام ئۇلاردىنمۇ قۇۋ كەپتۇ.

— يوقسۇ، — دەپتۇ ئۇ، — ئاخشامقى ھاراق مەن بىلەن تونۇش، مېنى چىشلىمەيدۇ.

## كۆڭۈل بۆلۈش

بىر كىشى ھېسامغا شىكايەت قىلىپ:

— ئاياغ كىيىم كارخانىسىغا بىر پارچە چېتىك سېتىۋې- لىش ئۈچۈن قاتراۋاتقىنىمغا ئىككى ئاي بولدى، يەنە نەچچە- لىك ماڭدۇراركىن؟ — دەپتىكەن، ھېسام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپتۇ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بىلسىڭىز بۇ سىزگە كۆڭۈل بۆل- گىنى، كۆپرەك يول ماڭسىڭىز، تېنىڭىز ساغلام بولىدۇ.

— ئەمىسە، پىكاپتا كەلگەنلەرگە دەررۇ ھەل قىلىپ بېرىدى-غۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى قانائەتلەنمەي. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:
— ئۇلارنىڭ دېگەن يۈرەك كېسەللى بار - دە ! تولا مېڭىشقا بولمايدۇ، كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## چىۋىن

بىر كۈنى ھېسام باشلىقلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا بېرىپتۇ. ھېسام دەسلەپتە قورۇنۇپ خېلىغىچە جىم ئولتۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە باشلىقلار ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ بىر - بىرىنىڭ لەقەملىرىنى ئېيتىشىپ چاقچاق قىلىشقىلى تۇرۇپتۇ. ھېسام جىمى باشلىقنىڭ لەقىمىنى بىلىۋېلىپ ئۈن سۈرمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.
— ھېسامىدىن، — دەپتۇ بىر چاغدا يېنىدا ئولتۇرغان بىرى، — بىردەم - يېرىمدەم چاقچاق قىلىپ بەرمەمسىز، قەنت سالغان چاينى ئىچىۋېرىپ يادۇرۇۋەتمەڭ.
بايىقى كۈسۈرلاشلاردىن بۇ كىشىنىڭ لەقىمىنىڭ چىۋىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ھېسام دەرھاللا جاۋاب بېرىپتۇ:
— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكا، چايغا چىۋىن چۈشۈۋالمىسىلا، ھەرگىز يادۇرۇۋەتمەيمەن.

## بىر نومۇر پايدا ئالامسىز

ھېسام قوشنىسىغا تەكلىپ بېرىپتۇ:
— بۇرادەر، توققۇزىنچى كالىچىڭىزغا ئونىنچى كالىچىمنى تېگىشسەك، قانداق؟
— نېمىشقا؟ — دەپتۇ قوشنىسى ئەجەبلىنىپ، — مېنىڭ كالىچىم يېڭى، سىزنىڭ كالىچىڭىز كونا تۇرسا.
— ئەخمەقكەنسىز، — دەپتۇ ھېسام، — كونا - يېڭىلىقى بىلەن نېمە كارىڭىز، تېگىشسىڭىز، بىر نومۇر پايدا ئالامسىز !

# دوكلاتچى

يىغىندىن چىقىۋېتىپ ھېسام يېنىدىكى كىشىگە دەپتۇ:


— بايىقى باشلىق ھاراق ئىچىشكە قارشى تۇرۇش ھەققىدە تازا كېلىشتۇرۇپ سۆزلىدى - ھە!

— سەن ئۇ كىشىنى تونۇمسەن؟ — دەپتۇ بۇرادىرى.

— تونۇيمەن، — دەپتۇ ھېسام، — تېخى تۇنۇگۇنلا ئاشخانىدا ئۇنىڭ بىلەن غەرق مەست بولغۇچە ئىچىشكەن.

# پىيما

ئەتىيازدا شەھەرنىڭ كۆپلىگەن كوچىلىرى ئادەم دەسسىگۈسىز پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسام پۇتىغا پىيما كىيىپ يول ئاسراش ئىدارىسىگە كىرىپتۇ.



— ھېسامىدىن، ئەتىيازدا پىيما كىيىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ئۇنى كۆرگەن يول ئاسراش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى.

— سىلەرنىڭ يوللارنى پاتقاقتىن تازىلاشقا ۋاقىت چىقىرالمىغىنىڭلارنى بىلگەچكە، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېسام باشلىققا، — پاتقاق قۇرۇتاي، دەپ كىيىپ چىققاندىم.

## مۇشائىرە

بىر ئاغىنىسى ھېسامنى مانتا ئېتىپ مېھمان قىپتۇ، ئاندىن قوندۇرۇۋاپتۇ. پىشمىغان مانتا كېچىچە ئۇنى بىئارام قىلىپ ياتـ قۇزماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاي ئۈستىدە ئاغىنىسى ئەدەبىياتـ تىن گەپ ئېچىپ، ھېسامنى مۇشائىرە ئېيتىشقا تەكلىپ قىپتۇ ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆزى باشلاپتۇ:

ئۆگزەڭگە قارىسام، مورىدىن تۈتۈن چىقتى.

تېخىچە قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىۋاتقان ھېسام جان ئاچچىـ قىدا مۇشائىرەگە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

ئاخشام يېگەن بەش مانتا كېچىچە پۈتۈن چىقتى.

## بىخەتەرلىك

ئىدارىدىكىلەر يازلىق سەيلىگە چىققاندا، كۆپچىلىك دەريادا سۇغا چۈمۈلۈپتۇ. ئىدارە باشلىقى ئۆزى سۇغا چۈشمەي، ھەـ دەپ باشقىلارنى سۇنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىنى بويلاپ بېقىشقا ئۈندەپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن مۇئاۋىن باشلىق سوراپتۇ:

— نېمىشقا ئۆزىڭىز قىرغاقتا تۇرۇۋېلىپ، باشقىلارنىلا سۇغا چۈشۈشكە ئۈندەيسىز؟

باشلىق ئاغزىنى سۆزگە ئۆمەللىگۈچە، ئۇنىڭ ئورنىغا ھېـ سام جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىخەتەرلىك بىرىنچى ـ دە !

## رەسسام

ھېسام قوشنىسىنى بىر رەسسام تونۇشىنىڭكىگە باشلاپ بېرىپتۇ. قوشنىسى ھېلىقى رەسسامدىن بىر پارچە رەسىم سىـ

زىپ بىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. رەسسام ماقۇل بولۇپ، بوياق بۇيرۇپتۇ.

— دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى تەييار، — دەپتۇ ھېسامنىڭ قوشنىسى رەسسامغا، — بىراق، ۋەننىڭجياۋ دېگەن مېيىڭىزلا يوق، بازاردىن ئىزدەپ تاپالمىدىم.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، سۇماي بولسىمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ رەسسام.

— بەللى، بۇ ئاسانلا ئىش بولدىغۇ، — دەپ خۇشال بوپتۇ ھېسامنىڭ قوشنىسى، — نەچچىلىك سۇماي كېتىدۇ؟

— بەش كىلو، — دەپتۇ رەسسام ئويلانمايلا. ھېسامنىڭ قوشنىسى چۆچۈپ كېتىپتۇ:

— كىچىككىنە بىر پارچە رەسىم شۇنچىۋالا ماي يەمدىكەن؟

— قىزىقكەنسىز، قوشنام، — دەپتۇ شۇ كەمگىچە جىم تۇرغان ھېسام، — جانسىز رەسىم چىغدا ماي يەيدۇ، جانلىق رەسسام قاراپ ئولتۇرامدىكەن؟

## ئېيتىڭىزچۇ ئۆلسەم قويدۇم

ھېسامنىڭ ئۆيىگە بىرنەچچە مېھمان كەپتۇ. مېھمانلارنىڭ



بىرى تازىمۇ كۆرەلا يىگىت بولۇپ، جوزىغا زادىلا قول ئۇزاتماي نو-غۇشتەك ئولتۇرۇپتۇ. چايدىن كېيىن تاماق تارتىلغاندا، ھېلىقى يىگىت ئالدىغا كەلگەن تاماقنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، ھېسامغا:

— رەنجىمەيسىز، ئەپىتىتىم[①] كەلمەيۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

يىگىتنىڭ گېپىگە غىدىقى كەلگەن ھېسام تاماقنى يەنە يىگىتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ:

— ئېلىۋېرىڭ، ئۇكا، تاماق جىق، ئەپىتىتىڭىزگىمۇ ئېلىپ قويدۇم، — دەپتۇ.

## تاڭگا سېتىش

ھېسام بىر ئولتۇرۇشتا خەقلەرگە شۇنداق ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ:

— ئاتام ئۆلۈپ كېتىپ، تۇرمۇشتىن قىسىلىپ قالدۇق. بىر كۈنى ئانام ماڭا: «ھېسام، داداڭ ئۆلۈپ كەتتى، ئىنىلىرىڭ تېخى كىچىك، سەن بولساڭمۇ بىر ئوقەت قىل!» دېدى. مەن: «نېمە ئوقەت قىلىمەن؟» دېدىم، «ئەڭ بولمىغاندا تاڭگا سات» دې-دى ئانام. شۇنىڭ بىلەن تاڭگا سېتىشقا باشلىدىم. بىر كۈنى تاڭگا سېتىپ يۈرۈپ يولدىن ئۈچ سوم پۇل تېپىۋالدىم، ئۇياق-بۇياققا قارىسام ھېچكىم يوق، ئۆز-ئۆزۈمدىن سورىدىم: «ھې-سام، تاڭگا يەمسەن؟»، «يەيمەن» دېدى ھېسام. شۇنىڭ بىلەن ھەممە تاڭگانى ئۆزۈم يەۋەتتىم-دە، تېپىۋالغان ئۈچ سومنى ئا-نامغا ئاپىرىپ بەردىم. ئانام مېنىڭ ئىتتىكلا يېنىپ كەلگىنىم-دىن گۇمان قىلدى. «بالام، تاڭگانى ساتماي يەۋەتكەن ئوخشاي-سەن، ھە، سېنىڭ قارنىڭ يامانراق، — دېدى ئانام، — ئوقەت قىلدىم، دەپ ماڭا ئاغرىنىپ بەرمىگىن، بۇنىڭدىن كېيىن يې-مەيدىغانراق نەرسىنى سات.»

---

① ئەپىتىت — (رۇسچە) ئىشتىها.

## سوئال - جاۋاب

بىر كىشى ھېسامغا دەپتۇ:
— ھېسامىدىن، بالىنى ئاز تېپىشنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە سىزدىن سوئال سورىماقچىدىم.
— سوراڭ، — دەپتۇ ھېسام. ھېلىقى كىشى سوراپتۇ:
— بالا بولسا بىر؟
— ئۆينايسىز پىر - پىر.
— بالا بولسا ئۈچ؟
— كېتىدۇ كۆپ كۈچ.
— بالا بولسا بەش؟
— كۈنىڭىز بولار تەس.
— بالا بولسا ئالتە؟
— قانات - قۇيرۇقىڭىز كالتە.
— بالا بولسا سەككىز؟
— غەم - غۇسسىڭىز چەكسىز.
ھېلىقى كىشى قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ.

## كۆۋرۈك يوق، كېتىپ قالدى

ھېسام بىر ئاغىنىسى بىلەن دەريا بويىدا ئولتۇرغاندا، ئۇ قاتتىن بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ دەريا ياقىلاپ بىر ئايلىنىپتۇ - دە، كەينىگە يېنىپ كېتىپتۇ. ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:
— ھېسام، ئايروپىلان كەينىگە يېنىپ كەتتىغۇ؟ — دەپتۇ.
— كۆۋرۈك يوق - دە، — دەپتۇ ھېسام، — شۇڭا دەريادىن ئۆتەلمەي كېتىپ قالدى.

## مۈشت قورۇپ يېدۇق

مەھەللىدىكى بىر لۈكچەك ھېسامىنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىغا چىدىماي، كېچىسى يولدا پايلاپ تۇرۇپ، ئۇنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

ئەتىسى ھېلىقى لۈكچەك كوچىدا يۈز ـ كۆزى ئىششىغان ھالدا كېتىۋاتقان ھېسامنى كۆرۈپ ھېچنېمە ئۇقمىغاندەك سوراپتۇ:

ــ ھېسامكا، نېمە بولدىڭىز؟

ــ ئاخشام دوقمۇش مەھەللىدىكى بىر مەشرەپكە داخىل بولۇپ قېلىۋېدىم، ئۇكا، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، ــ راسا كېلىشتۇرۇپ مۈشت قورۇغانىكەن، ئاچ قورساققا جىقراق يەۋېتىپتىمەن.

## باھانە

ھېسام مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا، بىر قېتىم دادىسى ئۇنىڭ تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ۋاراقلاپ بېقىپ ئاچچىقلىنىپتۇ:

ــ بالام، يازغان خەتلىرىڭ نېمانچە سەت؟

ــ ئۆزۈڭ مايماق يازىدىغان قەلەم ئېلىپ بېرىپسەن، ــ دەپتۇ ھېسام باھانە تېپىپ. دادىسى:

ــ ئەمىسە، ئەتە باشقا قەلەم ئېلىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟

ــ ئاۋارە بولما، ــ دەپتۇ ھېسام يەنە باھانە تېپىپ، ــ قانچە ياخشى قەلەم ئەكېلىپ بەرگەن بىلەنمۇ، ھازىرقى دەپتەرلەرنىڭ قۇرلىرى مايماق.

## مۇسابىقىدە

يۈز مېتىرغا تېز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە پەللىگە يېقىنلاپ قالغان ھېسام بىردىن توختاپ ئارقىسىغا يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ.

— ھوي ھېسام، نېمە بولدى؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان رېـ پىرى. ھېسام:

— رېپىرىلەرگە ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتنى بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ.

## ئەخمەق

مەلۇم ئولتۇرۇشتا بىر چاقچاقچى ھېسام بىلەن قاپىيىلىك چاقچاقلىشىشتىن بەسلىشىپتۇ. ھېلىقى چاقچاقچى ھېسامنى غىدىقلاش مەقسىتىدە «چاقچىقىغا خەق كۈلمىسە، غىدىقلاپ كۈلـ دۈرىدىغان ئەخمەق» دەپ چاقچاق قىلغانىكەن، ھېسام «ئەخمەق» قاپىيىسى بىلەن كەينى ـ كەينىدىن مۇنۇ ئون نەچچە چاقچاقنى كەلتۈرۈپتۇ:

چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسا، ئۆيگە بېرىپ خوتۇننى ئۇرىدىـ غان ئەخمەق.

چېچىنى گەدىنىگىچە ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئالىم بولدۇم دەيدىـ غان ئەخمەق.

يېڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن دەيدىغان ئەخمەق.

ئىككى پېتىكىنى مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق.

بالىلارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، ئۇچقۇچى بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق.

مەست ۋاقتىدا خوتۇننى قويۇۋېتىپ، ساقايغاندا يارىشىۋا-
لىدىغان ئەخمەق.
ئالىدىغان قىزى ياراتمىسا، دادىسىغا قېيىدايدىغان ئەخمەق.
ساق ۋاقتىدا بىر سوم خەجلىگىلى ئۇنىماي، مەست ۋاقتىدا
ئون سوم خەجلىۋېتىدىغان ئەخمەق.
كۆلكە پايدىلىق دېسە، ئاغرىق ياتقان چوڭ دادىسىنى غى-
دىقلايدىغان ئەخمەق.

## تالوننى ئالماشتۇرۇپ كېلىڭ

سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ھېسام بىر مېھمانخانىدا قونۇپ
قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان بىر يىگىت كېچىسى راسا
خورەك تارتىپ ھېسامنى زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. خېلىغىچە تاقەت قى-
لىپ باققان ھېسام ئاخىر چىدىيالماپتۇ ـ دە، يىگىتنى تۈرتۈپ ئوي-
غىتىپتۇ:
ــ تۇرۇڭ، ھەي يولداش، تۇرۇڭ !
ــ نېمە گەپ؟ ــ چۆچۈپ ئويغانغان يىگىت كۆزلىرىنى
ئۇۋۇلاپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.
ــ سىزگە ئۇيقۇنىڭ تالوننى كەسكەنىكەن، ــ دەپتۇ ھې-
سام جىددىي ھالەتتە، ــ يۇگۇرۇڭ، خورەكنىڭ تالونىغا ئالماش-
تۇرۇپ كېلىڭ !

## مەرگەن

قارىغا ئېتىش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھېسام ئاتقان بەش
پاي ئوقنىڭ بىر تېلىلا تاختىغا تەگمىگىنىنى ئاڭلاپ، رازى بول-
ماپتۇ ـ دە:
ــ ئىشەنمەيمەن، ــ دەپتۇ.



— ئەمىسە، كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈۋېلىڭ، — دەپتۇ ئېلان قىلغۇچى ئۇنى تاختا يېنىغا باشلاپ بېرىپ. ھېسام تاختا يۈزىدە بىر تاللا تۆشۈك تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ:

— ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئاتقان بەش پاي ئوقنىڭ بەرى تەگدى، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئېلان قىلغۇچى تېرىكىپ:

— ئەمىسە، قالغان تۆت پاي ئوقنىڭ ئىزى قېنى؟ — دەپتۇ. ھېسام ئىشەنچلىك قىلىپ:

— مېنىڭ مەرگەنلىكىمنى بىلمەمسىز، قالغان تۆت پاي ئوقمۇ دەل مۇشۇ بىر تۆشۈكنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ كەتتى - دە !

## مەنمۇ تېپىمەن

ئاخشىمى تۇيۇقسىزلا توك كېتىپ قاپتۇ. ھېسام قاراڭغۇدا تەمتىلەپ يۈرۈپ توك يولىنى تەكشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۆپ-چۆرىسىدە چۆرگىلەپ يۈرگەن ئايالى ئەنسىرەپ:

— دادىسى، پەخەس بولۇڭ ! توك تېپىۋەتمىگەي، — دەپتۇ. ھېسام ئىشتىن قولىنى ئۈزمەيلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— نېمە قورقاتتىڭ، ئۇ تەپسە مەنمۇ تەپمەيمەنمۇ !

## توقۇمچى

دائىم قاملاشمىغان ھېكايىلەرنى يازىدىغان بىر يازغۇچى ھېسامغا يېڭى ھېكايىسىنى ئوقۇپ بېرىپ پىكىر سوراپتۇ.

— بۇ ھېكايىڭىزدىكى ۋەقە قەيەردىن ئېلىنغان؟ — دەپ

سوراپتۇ ھېسام.

— بولمىغان ۋەقە، ئۇزۇم توقۇدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يازغۇچى كۆرەڭلەپ. ھېسام يازغۇچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ دەپتۇ:

— توختىڭا، توقۇمىچىلىق زاۋۇتىدا ئىشلىگەنمۇ سىز؟

## جەڭ

بىراۋ ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، جەڭنى كۆرگەنمۇ سىز؟

ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر ئەمەس تالاي كۆرگەنمەن.

— قاچان؟ — سورىغۇچى قىزىقىپتۇ. ھېسام ئېيتىپتۇ:

— دادام بىلەن ئاپام گەپ تالىشىپ قالغان چاغلاردا.

## چاقچاقنىڭ كېيمى

بىر يىگىت ئولتۇرۇشتا ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئەپسانە چاقچاق قىلغاندىن كېيىن بىر چاغدا ھېسامنى شاڭخو قىپتۇ:

— ھېسامكا، قېرىپسىز جۇمۇ، يۈزىڭىز چىمەرقۇتتەك قات-لىنىپ كېتىپتۇ.

— راست دەيسىز، — دەپتۇ ھېسام، — باياتىن بېرى قارد-سام چاقچاقلىرىڭىز ساپلا يالىڭاچ تۇرىدۇ، بىرەر كىيىملىك چىمەرقۇت بېرەيمۇ؟

## ئۆتكۈر تەنبىھ

ھېسامنىڭ ئالدىنقى كۈنلا يەنە بىر قېتىملىق تەنبىھ ئاڭ-لىغان ئوغلى كوچىدا يەنە باللار بىلەن مۇشتلىشىپ، باش - كۆزىنى يېرىپ كىرىپتۇ. بۇسۇغىدا شۈمشىيىپ تۇرغان ئوغلىغا

ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەن ھېسام ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ چىڭراق ئاۋازدا تەنبىھ بېرىپتۇ:

— يەنە گەپ ئاڭلىماپسەن ـ دە، ھە؟ خەير، تۈتىنچى مۇنداق قىلما، ئۇقتۇڭمۇ؟

## نېمىگە يارىغان

ھېسام توي قىلىپ ھەدېمەيلا قىلغان ئىشلىرى ئاياـ لىغا ياقماي، ئايالى ئۇنىڭغا كايىغىلى تۇرۇپتۇ. بىر قېتىم يەنە ئاچچىقى كەلگەن ئايالى كۆكەرمىلىك قىلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئوۋۋاش، مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئىشلىمەيدىغان قانداق باش ئۇ؟ زادى بۇ باش نېمىگە يارىغان؟

ھېسام ھودۇقماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— نېمىگە يارىلاتتى، ئىكاھدا دادىڭ ماڭا قويغان شەپكىنى كىيىشكە يارىغان ـ دە!

## ھاراق كۆتۈرۈش




خەقلەر ھېسامدىن سوراپتۇ:

— سىزنى بەك ھاراق كۆتۈرىدۇ، دېيىشىدۇ، زادى بىر قېتىمدا نەچچىلىك ھاراق كۆتۈرەلەيسىز؟

ھېسام ئويلىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— قورساققا گاڭ باغلىۋالسام، يول تۈزلا بولسا، ئەللىك كىلو ھاراقنى بوچـ كىسى بىلەن دەس كۆتۈرۈپ كېتىمەن.

## ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن...

ھېسام بىلەن بىرگە يول ياساشتا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ئىچىدە بەكمۇ ھورۇن بىرى بولۇپ، ئەتىدىن كەچكىچە گۈرجەككە تايىنىپ قوروق گەپلا ساتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كۈزنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدىلا قولاقچا كىيىپ ئىشقا كەپتۇ. ئىشچىلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئاغىنە، قىشنى كۆرمەيلا قولاقچا كىيىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — دېيىشىپتۇ. ھورۇن جاۋاب بەرگۈچە ھېسام ئېغىز ئېچىپتۇ:

— ئاغىنىمىز ئىشنى باشلاپ بېرەلمىگەندىن كېيىن قىشنى بولسىمۇ باشلاپ بېرەي، — دېدى ـ دە !

## ئەڭ ئۇزۇن كېچە

ھېسام ئۇيقۇسىزلىقتىن قىينىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسام، بىر يىل ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن كېچە قايسى چاغدا بولىدۇ؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇيقۇ قاچقان چاغدا.

## بوياش

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھويلىڭىزدىكى تۈل قوشنىڭىز قېرىپ قالغان ئايال ئىكەن، نېمانچە يۈزىنى بويايدىغاندۇ؟

ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— يىگىتلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن ـ دە !

## مەندەك ئاغرىب يۈرۈپسىز ـ دە

ھېسام مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ تېۋىپقا بېرىپتۇ. تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بىرھازا تۇرۇپ كېتىپ:
ــ يۈرىكىڭىز سانجىپ ئاغرىيدۇ، كۆزىڭىز قاراڭغۇلىشىدۇ، بەدىنىڭىز دەرمانسىزلىنىدۇ، راستمۇ؟ ــ دەپتۇ.
ھېسام ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە تېۋىپقا دەپتۇ:
ــ توۋا، سىزمۇ مەندەكلا ئاغرىپ يۈرۈپسىز ـ دە !

## يانچۇقچى چىۋىن

ھېسام ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى كۆرگەنلا نەرسىدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ھېسام ئىشخانىدا تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، بىر چىۋىننى قوغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئوپۇر ـ توپۇردىن دىققىتى بۇزۇلغان باشلىق ھېسامغا كايىپتۇ:
ــ ھېسام، بىر چىۋىن بىلەن نېمانچە ئېيتىشىۋېرىسەن؟
ــ ئۇنداق سەل قارىماڭ، باشلىق، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ بۇ چىۋىن ھازىرلا دەل چاپىنىمنىڭ مەيدە يانچۇقىغا قونۇپ ئۇچۇپ كەتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ يانچۇقچىمۇ، تۇتۇپ ئېنىقلاش لازىم ـ دە !
باشلىق ھويپىدە قىزىرىپ گەپ قىلالماي قاپتۇ.

## يەنە قايتىپ كېلەمدۇ

ئىشتىن قايتىپ ئاچ قورساق ئۆيگە ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھېسامنى تەكەببۇر بىر باشلىق چاقىرتىپتۇ ـ دە، بىر خالتا گۆشنى كۆتۈرتۈپ:
ــ بۇنى بىزنىڭ ئۆيگە تاشلىۋەت، مەن ھېرىپ قالغۇ ـ

دەكمەن، ــــ دەپ بۇيرۇپتۇ. ھېسام گۆشنى ئۇنچىقماي قولىغا ئېلىپ ئەدەپ بىلەن سوراپتۇ:
ــــ يەنە قايتىپ كېلەيمۇ؟
ــــ نېمىگە؟ــــ باشلىق ھەيران بوپتۇ. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:
ــــ ئاران بىر ئىلتىپاتىڭىزغا ئېرىشكەندە، ئۆزىڭىزنىمۇ ھاپاشلاپ ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قويايمىكىن، دەيمىنا!

## «ئىشتىن سىرتقى ساقال»

شەھەردىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مەسئۇل-لىرى ئارتىسلاردىن رولنى ياخشى ئېلىپ چىقىشنىلا تەلەپ قىلىپ، ئۇيۇنغا كېرەكلىك ماددىي نەرسىلەرگە زادىلا ئەھمىيەت بەرمەيدىكەن. بىر قېتىم ھېسام سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا، ئۆزى ئەپلەپ يېپىشتۇرۇۋالغان ياسىما ساقىلى چۈشۈپ كېتىپ، تاماشىبىنلارنىڭ كۈلكىسىگە قاپتۇ.

ئويۇن تۈگىشى بىلەنلا ئۆمەك باشلىقى يۈگۈرۈپ كېلىپ:
ــــ ھېسام، ئېيتقىنا، بۇ ساقىلىڭ زادى قانداق ساقال؟!ــــ دەپ ۋارقىراپتۇ ئاچچىقىدا. ھېسام ئەجەبلىنىپ:
ــــ بىلمىگەنمىدىڭىز، بۇ «ئىشتىن سىرتقى ساقال» ئەمەسمۇ؟

## جۆندەلگەن گەپ

ھېسام سىنىپىدىكى بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمما زادىلا گەپ قىلالماپتۇ. بىر كۈنى ئۇ سىنىپتا يالغۇز قېلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ھېلىقى قىزنىڭ يېنىغا كەپتۇ ـ دە، ئۇنى كىـ-نوغا تەكلىپ قىلىشقا بەل باغلاپ: «يۇرۇڭا، يۇرۇڭا» دەۋېرىپتۇ. قىز باشتا ئېرەنسىمەي كۈلۈپ قويۇپتۇ، ھېسام «يۇرۇڭا» دە-

ۋەرگەندىن كېيىن تېرىككەن قىز ئۇنىڭغا ۋارقىراپتۇ:
— ئوۋۋاش، نەگە يۈرىدۇ؟
قورقۇپ كەتكەن ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئەمدى ... قىرائەتخانىغا دەيمىنا...

## ئاپتوبۇس بىلەن كېتەي

ھېسام كوچىدا كېتىپ بارغاندا، بىر دىۋانە ياخشى سۆزلەرنى ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھېسام دىۋانىگە ئون تىيىن بېرىپتىكەن، دىۋانە ئاچچىقلاپتۇ:
— بەرسەڭ، تۈزۈك بەرمەمسەن، ئون تىيىننىڭ نېمە بولىدۇ؟ يولۇڭ يول بولماس ئىلاھىم.
ھېسام دەرھال كەينىگە يېنىپ:
— بەش تىيىننى قايتۇر، — دەپتۇ.
— نېمىشقا؟ — دەپتۇ دىۋانە ھەيران بولۇپ.
— يولۇم يول بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاپتوبۇس بىلەن كېتەي.

## گۆردىن - گۆرگە كۆچۈپ ...

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى كىشىلەر بىلەن پەقەتلا چىقىشالمايدىكەن، شۇڭا ئۇلار دائىم كۆچۈپ يۈرىدىكەن.
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاغىنىسىنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئاغىنىسى روزا ھېيتمۇ كېلىپ قاپتۇ.
— ھېسام ئاداش، مەن ئايەت ئوقۇشنى بىلمەيمەن، دادامنىڭ بېشىغا بىللە چىقساڭ، — دەپتۇ ئاغىنىسى. ھېسام ماقۇل

بولۇپ، قەبرىستانلىقتا بىللە چىقىپتۇ. قەبرىستانلىق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بەلگە تاش قويۇلمىغاچقا، ئاغىنىسى دادىسىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ زادىلا تاپالماپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېسام ئا-غىنىسىگە قاراپ:

— ئاداش، داداڭ ھايات ۋاقتىدىمۇ ئۆيدىن - ئۆيگە كۆچۈپلا يۈرىدىغان، بۇ يەردىمۇ گۆردىن - گۆرگە كۆچۈپ كەتتىمۇ، نې-مە؟ — دەپتۇ.

## نېمە تېتىيدۇ

بىر ئاشپەز ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىدارە ئاشخانىسىدىن گۆش، سەي ئوغرىلاپ ئۆيىگە توشۇيدىكەن. بىر قېتىم ئۇ ھې-سامنى ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىپ، ئوغرىلاپ كەلگەن گۆش - سەيدە تاماق ئېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. تاماق يەۋې-تىپ ئۆي ئىگىسى ماختىنىش ئاھاڭىدا دەپتۇ:

— ھېسامىدىن، سىزنى كەلدى، دەپ سەينى ئالاھىدە قو-رۇۋەتتىم جۇمۇ، دەپ بېقىڭا، سەي نېمە تېتىيدۇ؟

— سەينىڭ تەمىنى يېمەي تۇرۇپلا بىلىپ بولغانتىم، — دەپتۇ ھېسام، — پۇتۇنلەي قاقتى - سوقتى تېتىيدۇ.

## قوشۇپلا دەپ بېرەي

قولى ئەگرى بىر يىگىت ھېسامغا ئەرزان باھالىق قول سا-ئىتىنى تەڭلەپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ھېسامكا، سىز ئابرۇيلۇق ئادەم، مۇشۇ سائەتنى سىزگە تۇتتۇم. ئۇيەر - بۇيەرگە بارغاندا مېنىڭ ياخشى پارد-ىگىمنى قىلىپ قويارسىز.

— ئىلتىپاتىڭغا رەھمەت، — دەپتۇ ھېسام، — مۇشۇ سائەتنى

ئىگىسىگە بىر ئۆتسەڭ، تۈزۈلۈپ كەتكىنىڭنى قوشۇپلا دەپ يۈرەي.

## ياۋايى ھايۋان

بەتخۇي بىر ئادەم ھېسامنى كوچىدا كۆرۈپ چاقچاق قىپتۇ:
— ھە ھېسام، ئاڭلىسام سىنى ھايۋانات باغچىسىدا ياۋايى ھايۋانلارغا قارايدىغان خىزمەتكە قويۇپتۇ دەيدىغۇ، راستمۇ؟
— توغرا ئاڭلاپسەن، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — بۇنىڭدىن كېيىن سەنمۇ مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمغا ئۆتتۇڭ.

## تۇرمۇشنى بىلىش

ھېسامنىڭ يېڭىدىن يازغان ھېكايىسىنى كۆرگەن بىر يازغۇچى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ھېكايىڭىز خاڭچىلىق ھەققىدە ئىكەن، ئۆزىڭىز كۆمۈر ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى بىلەمسىز؟
ھېسام ماختىنىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— ۋاھ بىلمەيچۇ، كۆمۈر باسقان ماشىنىغا نەچچە قېتىم چۈشكەنمەن.

## تويلۇق سوۋغا

ھېسامنىڭ بىر تۇغقىنى قىزىنىڭ تويىنى قىپتۇ. توي كۈنى ئۇ ھېسامغا ماختىنىپ:
— كۈيئوغۇل تەرەپتىن ئالغۇلۇقنى ئىلگىرى - كېيىن ئالدىم. ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەرمۇ سوۋغا - سالام ئەكەلدى. سىزچۇ، ھېسامدىن، ئۆزىڭىز نېمە سوۋغا ئەكەلدىڭىز؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام ئالدىرىماي، — يۈزىڭىز قىپ-لىپ ئىكەن، شىلىپ نېپىزلىتىدىغانغا بىر ئىتتىك ئۇستىرا ئەكەلدىم.

## ئادەم چېلىۋاتىمىز

تويدا بىر يىگىت سازنى تىڭشاتماي، ھەدەپ ئۆزىنى ماخ-تاپ، خەقنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ساھىبخانا تالا-دىن كىرىپ:

— ھېسامكا، بىردەم ساز - پاز چالغاچ ئولتۇرايلىچۇ، — دەپتىكەن، ھېسام تېخىچە مەدداھلىق قىلىۋاتقان يىگىتنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— تىش... ش، پەيزىمىزنى بۇزمالىق، ھازىر بىز ئادەم چېلىۋاتىمىز.

## ئېغىر لىشىپ كېتەمدۇ



ھېسام بىر تۇغقىنىغا زاكاز خەت سالماقچى بو-لۇپ، پوچتا خادىمىغا يې-گىرمە تىيىنلىق ماركا چاپلانغان خەتنى سۇنغان-كەن، پوچتا خادىمى خەتنى جىڭلاپ كۆرۈپ دەپتۇ:

— خېتىڭىز يىگىرمە تىيىنغا ئېغىر كەلدى، يە-نە تۆت تىيىنلىق بىر ماركا چاپلاڭ.

— يەنە بىر ماركا چاپلىسام، خەت تېخىمۇ ئېغىر كېلىپ كەتمەمدۇ؟ — دەپتۇ ھېسام.

## ئىتىڭىزنى ئىزدەيمەن

ھېسام كۆپتىن بېرى بارمىغان بىر تۇغقىنىنىڭكىگە بې-رىپتىكەن، ھويلىدىن ئۆي ئىگىسى بىلەن تەڭلا بىر قارا ئىت يۈگۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، ھېسامغا قاراپ خىرىس قىپتۇ.

— قورقماڭ، چىشلىمەيدۇ، بۇ ئىت ئادەم تونۇيدۇ، — دەپتۇ ئۆي ئىگىسى، — بىراق، سىز كىمنى ئىزدەيسىز؟

— بارىكاللا، — دەپتۇ ھېسام، — ئىتىڭىز ئادەم تونۇيدى-كەنۇ، ئۆزىڭىز تونۇمايدىكەنسىز. مەن ئاشۇ مېنى تونۇغان ئىتى-ڭىزنى ئىزدەيمەن.

## تاماكا ۋە ئۆپكە

ھېسام بىر ئاغىنىسىدىن سوراپتۇ:

— تاماكىنى تاشلىدىم دەۋاتاتتىڭىز، يەنە چېكىۋاپسىزغۇ؟

— قانداق قىلاي، — دەپتۇ ئاغىنىسى خىجىللىق بىلەن، — خەق تۇتۇپ قويغان تاماكا تۇرسا...

ھېسام ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— خەق ئۆپكىسىنىمۇ بىللە تۇتمىغاندۇ؟!

## شۈكۈر قىلىڭ

ھېسامنىڭ ئايالى تولىمۇ ۋات - ۋات ئىكەن. بىر كۈنى

ھېسامنىڭ بالىسىنى ئوقۇتۇۋاتقان مۇئەللىم ھېسامنى يولدا كۆرۈپ قېلىپ شىكايەت قىپتۇ:

— ھېسامكا، بالىڭىز بەكمۇ تولا گەپ قىلىدىكەن جۇمۇ، نېمانداق ئۆگىتىۋەتكەنسىز؟

— شۇكۇر قىلىڭ، — دەپتۇ ھېسام، — ھېلىمۇ تەلىيىڭىز بار ئىكەن، ئاپىسىنى ئوقۇتقان بولسىڭىز، كۆرگۈلۈكنى كۆرەتتىڭىز.

## بالام نېمىشقا ماڭمايدۇ

ھېسامنىڭ بىر باشلىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. بىر قېتىم ئىككىسى مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندا ئاغىنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسام، بالام ئىككى ياشتىن ئاشتى، تېخىچە ماڭالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟

— سەۋەبى، خۇشامەتچىلەر دائىم بالاڭنى كۆتۈرۈپ ماڭغىلى قويمايدۇ - دە، — دەپتۇ ھېسام.

## كالاچ ئىزدەش

ئەتىياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر كىشى ھېسامغا دەپتۇ:

— پاتقاقچىلىقتا قالغۇچە كالاچتىن بىرنى ئېلىپ كىيىۋالاي دېسەم، ماگىزىنلاردا بەشىنچى كالاچلا تۇرىدۇ. ئونىنچى كالاچنى زادىلا تاپالمىدىم. قانداق قىلسام بولار؟

— باشقىچە ئامال بولمىسا، — دەپتۇ ھېسام ئەقىل كۆرسىتىپ، — بەشىنچى كالاچتىن ئىككىنىلا ئېلىڭ.

— ئۇنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى چۈشەنمەي.

— بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئونىنچى كالاچ قىلىۋالامسىز، —

دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ.

## ئايالنى ماختاش

ھېسامنىڭ ئايالى تولىمۇ ماختانچاق ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھېسامغا كايىپتۇ:

— سىز مېنى بىرەر قېتىممۇ خەقنىڭ ئالدىدا ماختاپ قويمىدىڭىز !

— بولىدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — بۇ قېتىم مېھمان كەلگەندە سەن «كۆزۈمگە ئىس كىرىپ كەتتى» دېگىن، مەن دەرھال «ئىس دېگەن چىرايلىقىقا ئامراق بولىدۇ» دەپ سېنى تازا بىر ماختاپ قو-ياي.

مېھمان كەلگەن كۈنى ھېسامنىڭ ئايالى ئوت قالاۋېتىپ ئەتەي:

— كۆزۈمگە ئەجەب ئىس كىرىپ كەتتى، — دەپتىكەن، ھېسام دەپتۇ:

— ئىس دېگەن مورىغا ئامراق بولىدۇ، بەلكى سېنى مورىغا ئوخشاتقان بولسا كېرەك.

## لەگمەنگە زاكاز

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئايالى تولىمۇ قىزغانچۇق ئىد-كەن. بىر كۈنى ھېسام بىر ئىش بىلەن ئۇ ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قاپتۇ. ئاغىنىسىنىڭ لەگمەن سوزۇۋاتقان ئايالى ھېسامنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ. ئايالنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن ھېسام

ئىش پۈتكەندىن كېيىنمۇ قوزغالماي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

ھېسامنى كەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئايال ئا-خىر داستىخان سېپتۇ -دە، قاپىقىنى ئاچماستىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، لەگمەننى ئىسسىق يەمسىز ياكى سوغۇق يەمسىز؟

ھېسام ئالدىرىماي - تېنىمەي جاۋاب بېرىپتۇ:

— بىر تەخسىنى سوغۇق، بىر تەخسىنى ئىسسىق يەي.

## مىجەزگە بېقىپ

دائىملا باشقىلارنىڭ گېپىنى ئارىلاپ ئاقساقاللىق قىلى-دىغان بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، چېچىم قاپقارا تۇرىدۇيۇ، ساقىلىم ئاقىرىپ كەتتى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇ؟

— سەۋەبى ئېنىققۇ، — دەپتۇ ھېسام، — چاچ - ساقال-نىڭ رەڭگى مىجەزگە بېقىپ ئۆزگىرىدۇ ئەمەسمۇ!

## ماشىنىچىغا جاۋاب

بىر ماشىنىچى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، سىز ئادەمنىڭ ئېسىگە كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىپتىپ چاقچاق قىلىدىكەنسىز، شۇ ئىشلارنىڭ ھەم-مىسىنى ئۆزىڭىز بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەنمۇ، قانداق؟

ھېسام سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئۇستام، سىلى تىككەن چاپان - ئىشتانلارنىڭ ھەم-مىسىنى ئۆزلىرى كىيىپ باققانمۇ؟

## ئازراق چىداپلا...



قىشقا يېقىن يىراق سەپەرگە ئاتلانغان ھېسامغا ئاغىنىلىرى:

— ئاداش، يامان چاغدا كېتىۋاتىسەن -دە، بۇ يىل ساڭا قارلىق تاشلايلى دېگەنتۇق، — دەپتۇ.

ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئازراق چىداپلا ئەتىيازدا يامغۇرلۇق تاشلىنامسىلەر.

## رەخت ۋە پۇل

بىر كۈنى ھېسام دۇكاندىن بىر چاپانلىق رەخت ئالغاندىكەن، مال ساتقۇچى رەختنى ئالدىراش ئۆلچەپلا قىيپاش يىرتىپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ھېساممۇ ئۈنچىقماي، قولىدىكى پۇلنىڭ چېتىدىن قىيپاش يىرتىۋېلىپ مال ساتقۇچىغا بېرىپتۇ.

— ساراڭمۇسىز، ساپمۇساق پۇلنى يىرتىپ بېرىۋاتىسىزغۇ؟ — دەپتۇ مال ساتقۇچى ئاچچىقلىنىپ، — بۇرجىكى يوق پۇلنى كىم ئالىدۇ؟

ھېسام دەررۇلا:

— قىيپاش يىرتىپ بەرگەن رەختنى مەن ئالىمەنۇ، بۇرجىكى يىرتىلغان پۇلنى سىز ئالامسىز؟ — دەپتۇ.

## قالغىننى باشقىلاردىن سوراڭ

بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، بىراۋ ئەگەر بىرەر نەرسىڭىزنى بۇزۇپ - سۇندۇرۇپ قويسا قانداق قىلىش كېرەك؟

— تۆلىتىش كېرەك، — دەپتۇ ھېسام دەرھاللا.

— ئەگەر بۇزۇپ قويغۇچى ئايالىڭىزنىڭ تۇغقىنى بولسىچۇ؟

ھېسام ئۆيى تەرەپكە ئىتتىك بىر قاراپ دەپتۇ:

— ئىنساپ قىلىڭ، بۇرادەر، بىر سوئالغا مەندىن جاۋاب ئالدىڭىز، ئەمدى باشقىلاردىنمۇ سوراپ كۆرۈڭ - دە.

## بۇداقىسىنىڭ ئىسمىنى...

ھېسام ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن ئاغىنىسىنىڭكىگە بېرىپ-تۇ. ئاغىنىسى ئۈچ ئوغلى ۋە ئېغىرئاياغ خوتۇنى بىلەن ئۇنىڭ ئال-دىغا چىقىپتۇ. ھېسام بالىلارنى ئەركىلەتكەچ، ئاغىنىسىدىن سوراپتۇ:

— بۇ بالاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— مۇرات.

— بۇنىڭچۇ؟

— خالمۇرات.

— كىچىكىنىڭچۇ؟

— دىلمۇرات.

— بەللى، — دەپتۇ ھېسام ئېغىربوي ئايالغا بىرقۇر قارد-ۋېتىپ، — بۇداقىسىنىڭ ئىسمىنى ئالگىرات قويغىن، ئاداش.

## باشلىقنىڭ ئايالى

بىر كىشى كوچىدا ھېسامنى توختىتىپ سوراپتۇ:

— ما جۇرېنىنى كۆرمىگەنسىز؟ كىچىككىنە ئەرز ـ ھالىم بار ئىدى، ئېيتاي دەپ ئۆيىگە بارسام يوق ئىكەن.

— ئالايىتەن ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئايالىغا ئەرزىڭىزنى ئېيتىپ قويۇپ يانسىڭىز بولمامدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ ھېسام. ھېلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ:

— باشلىق ما جۇرېن تۇرسا، ئايالىغا نېمىدەپ ھال ئېيتاتتىم؟

— بىلمەيسىز ـ دە، — دەپتۇ ھېسام، — ئىدارىدە ما جۇرېن سىزنى باشقۇرغان بىلەن، ئۆيدە ئايالى ئۇنى باشقۇرىدۇ ئەمەسمۇ!

## قول باغلىشىش

— مەن بۈگۈندىن باشلاپ ھېچكىم بىلەن قول باغلاشمايمەن، — دەپتۇ ھېسام بىر كۈنى ئاغىنىلىرىگە.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ قىزىقىپ ئارىدىن بىرى.

— سەۋەبى، — دەپتۇ ھېسام، — يېقىندا بىزنىڭ قوشنىلاردىن ئىككى يىگىت تاماق يېيىشتىن بەسلىشىپ بىرى بالنىتسىغا كىرىپ قالدى.

— مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا قول باغلاشمايدىغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ سوئال سورىغۇچى، — ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمەمسەن، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ قىزىشىپ، — ئۇنداقتا كەل، بىر قول باغلىشىپ باقايلى!

## ئالامەت جاۋابلار

ھېسام ئوقۇۋاتقىنىدا بىر كۈنى مۇئەللىم دوسكىغا قان تومۇرلىرى يېپىلغان يۈرەكنىڭ سۈرىتىنى سىزىپتۇ ـ دە، ھېسامنى تۇرغۇزۇپ سوراپتۇ:

— بۇ نېمە؟

— يىلتىز، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ. مۇئەللىم رەنجىپتۇ:

— ئوبدانراق قارا، ئادەمنىڭ مەيدىسىدە نېمە بولىدۇ؟

— ئەمچەك، — دەپتۇ ھېسام بۇ قېتىم بىرئاز ئويلىنىپ.

مۇئەللىم يەنە رەنجىپتۇ:

— ھەي، تېشىدا ئەمەس، ئىچىدە نېمە بولىدۇ دەيمەن؟

ھېسام بۇدا ئۇزاق ئويلىنىپتۇ ـ دە، جاۋاب بېرىپتۇ:

— سۈت.

## سىلەرنى ئاۋارە بولمىسۇن دەپ...

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تازا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش مەزگىلىدە ھېسام بىر كۈنى كوچىغا چىقىپ، قىزىل بەلگە تاقىۋالغانلارنىڭ ئۆتتۈر كەلگەن يەردىكى دېرىزە ـ ئىشىكلەرنى چېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا ھېسام ئايالى بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ، ئايالى ئاچچىقىدا جىمى دېرىزىنى چېقىۋېتىپتۇ. دەل شۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل بەلگە تاقىغان ئىككى كىشى ھېسامنى ئىزدەپ كەپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— ساق دېرىزىلەرنى نېمىشقا چېقىشىسەن؟

— سىلەرنى چاقىمىز، دەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ، — دەپتۇ ھېسام، — ئۆزىمىز چېقىپ تۇرۇۋاتىمىز.

# خىجىل بولغاچقا...



ھېسام بىر دۇكاندىن مال ئالماقچى بوپتۇ، ئاچ كۆز دۇكاندار مالغا تازىمۇ يۇقىرى باھا قويۇۋېلىپ بىر تەيىنمۇ كېمەيتمەي ھېسام بىلەن ئۇزاق تالىشىپتۇ ـ دە، ئاخىردا:

— ھېسامدىن، ئادەمنى خىجىل قىلماڭا. — دەپتۇ.

— توغرا دەيسىز، — دەپتۇ ھېسام، — خىجىل بولغاچقا تالىشىۋاتىمىز ـ دە، بولمىسا بۇلاپلا ئالاتتىڭىز.

# چاقچىقىغا يارىشا چاقچاق

تېتىقسىز بىر يىگىت ئۆزىنى چوڭ چاقچاقچى چاغلاپ، مەشرەپتە ھېسام بىلەن تۇتۇشماقچى بوپتۇ ـ دە، بىرھازا ئۇنى ـ بۇنى دېگەندىن كېيىن ئاخىردا:

— ئاپام ئاخشام كالا ساغدىغۇ، ۋەيت ! — دەپ ئۆز چاقچىقىغا ئۆزى كۈلۈپتۇ. ھېسام دەررۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپ:

— سەن موزاي تۇتۇپ بېرىپسەنغۇ، ۋەيت ! — دەپتۇ.

# مۇشتقا ئىشتىها ساقلاۋاتىمەن

ئولتۇرۇشتىكى بىرنەچچە يولسىز يىگىت ھېسامنىڭ

چاقچىقىغا چىدىماي، قايتقاندا ئۇنى ئۇرىمىز، دەپ پىچىرلى- شىپتۇ. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ قالغان ھېسام پولۇ تارتىلغاندا، ئاشقا قول ئۇزاتماي ئولتۇرۇۋاپتۇ. بايىقى يىگىتلەردىن بىرى:

— ھېسامكا، تاماقنى ئېلىڭا، يەنە نېمىگە ئىشتىھا ساقلاۋا- تىسىز؟ — دەپتۇ يېقىنچىلىق قىلغاندەك. ھېسام خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك:

— كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، — دەپتۇ دەررۇ، — يولدىكى مۇشتقا ئىشتىھا ساقلاۋاتىمەن.

## سارائگلاردىن باشقىلار

ئاپتوبۇستا بىرنەچچە يىگىت تېتىقسىز چاقچاقلارنى قى- لىپ، ئاپتوبۇسنى بېشىغا كىيگۈدەك قاتتىق كۈلۈشۈپ يولۇ- چىلارنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپتۇ. ئاپتوبۇستا كېتىۋاتقان ھېسام يىگىتلەرنى بىرنەچچە قېتىم ھاي دېسىمۇ ئۇنىمى بولماپتۇ، ئا- خىر ئەتەي جىددىي تەرزدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇكىلىرىم، خاپا بولماي سارائگلاردىن باشقىلار بىر ئاز جىم بولۇڭلارچۇ، — دەپتۇ.

يىگىتلەر شۇ زامان جىم بولۇشۇپتۇ.

## خىجىللىق

بىر ياش سازەندە ھېسامغا مەلۇم بىر پېشقەدەم سازەندى- نىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ بېرىپتۇ:

— ئاخشامقى تويدا ئۇنىڭ مەن سايرىتىۋەتكەن مەرغۇلنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ تالاغا چىقىپ كەتكىنىنى بايقىدىڭىزمۇ؟

— بايقىدىم، — دەپتۇ ھېسام، — مەن يەنە خېلى كۆپ ئادەمنىڭ سىزنىڭ چالغىنىڭىزدىن خىجىل بولۇپ تالاغا چى-

قىپ كەتكىنىنىمۇ بايقىدىم.

## ھەممىسى ھېسام بولۇپ كەتسە...

ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىغا قايىل بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە يىگىت ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ھېسامكا، بىزمۇ ئىسمىمىزنى ھېسامغا ئۆزگەرتىۋالاي-مىكىن دەۋاتىمىز.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان ھېسام.

— سىزدەك چاقچاقچى بولۇپ كېتەمدۇقكىن دەيمىز - دە.

ھېسام دەپتۇ:

— ھەممىلا ئادەم ھېسام بولۇپ كەتسە، ھېسامنىڭ گېپىگە كىم كۈلىدۇ؟!

## سوۋغات ۋە ئاۋاز

ھېسامنىڭ نام - ئاتىقى چىقىپ، چوڭ باشلىقلار بىلەن ئۇلپەتلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن دەۋاسى تۈگىمەس قوشنىسى ھېسامغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— ھېسامدىن، سىزگە ئازغىنا سوۋغىتىم بار ئىدى، ئۇ-نىڭغا ئەكىرىپ بېرەيمۇ ياكى مەشەدىلا بېرىۋېتەيمۇ؟

— ياخشىسى، بەرمەيلا قويۇڭ، — دەپتۇ ھېسام، — ئىلگە-رى سىزگە جاڭ - جاڭ سۆزلەپ يۈرەتتىم، سوۋغىتىڭىزنى ئې-لىپ قويسام، ئاۋازىم خىرىلداپ قالارمىكىن، دەپ قورقىمەن.

## يامان تېسىرىنىڭ قېپقالدى

بىر بەتقىلىق يىگىت كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىغا قارىماي، ئۆچىرەتنى بۇزۇپ، قىستىلىپ تۇرۇپ بورداق گۆشتىن ئاپتۇ -

دە، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كېلىپ بوسۇغىدىلا ھېسامغا ۋارقىراپتۇ:

— ھېسامكا، قاراپ باققىنا، دۇكاندا مېنىڭ بىرەرنەرسەم قېپقالدىمىكىن؟

— ھەئە قېپقالدى، — دەپتۇ ئۈچىرەتتە تۇرغان ھېسام، — دۇكاندا سېنىڭ يامان تەسىرىڭ قېپقالدى.

## چېكىشلىك تاماكا

يېنىغا زادىلا تاماكا سالماي خەقنىڭكىنى چېكىدىغان بىر كىشى بىر قېتىم تاماكىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە سۆز قىلىپ، ھېسامنىڭ پىكرىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ئېيتىڭا، ھېسام، قانداق تاماكا چېكىشلىك بولىدۇ؟

ھېسام ھايالسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— سوراپ چەككەن تاماكا.

## شۇمەك

ھېسامنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق ئايالى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— دادىسى، ئالدىنقى قېتىمدا قىز تۇغسام، بىر بىلەزۈك ئېلىپ بەرگەنتىڭىز، بۇدا ئوغۇل تۇغۇپ بەردىم، نېمە ئېلىپ بېرىسىز؟

ھېسام دەرھال دەپتۇ:

— خاتىرجەم يېتىۋەر، شۇمەك ئېلىپ بېرىمەن.

## سىلىنى يېقىن تۇتالمايدىكەنمەن

بىر سورۇندا مەھەللە ئىمامى ۋەز - نەسىھەت قىپتۇ:

— سىلەر شۇنداق ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزۈڭلارغا

يېقىن تۇتۇشلاركى، ئۇ باشقىلارغا كۆپ بېرىپ، ئاز ئالىدىغان كىشى بولغاي!

سورۇندا ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— تەقسىر، بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن رەنجىمىسىلە، ئەمدى سىلىنى ھەرگىز ئۆزۈمگە يېقىن تۇتالمايدىكەنمەن.

## ھېسامنىڭ رەھمىتى



ھېسام كوچىدا يېڭىدىن كىتابى چىققان بىر يازغۇچىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۇنى توختىتىۋېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، كىتابىڭىز مېنى بىر چوڭ كېسەلدىن قۇتۇلدۇردى.

— قانداق كېسەلدىن؟ — دەپ سوراپتۇ يازغۇچى خۇشاللىق بىلەن. ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدىن.

## تۆمۈر تۇڭ ۋە گۆش تۇڭ

ھېساملارنىڭ مەھەللىسىدە بىر هاراقكەش بار ئىكەن، هاراق ئىچىشتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيدىكەن. بىر كۈنى مەھەللىدىكى ھېسام باشلىق بىرنەچچەيلەن ھېلىقى هاراقكەشنىڭ كاۋاپدانىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىۋېلىپ، قوشنا دۇكاندىكى تۆمۈر تۇڭدىن ئۇدۇللۇق هاراق قۇيدۇرۇپ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— ياﺋاللا، بۇرادەر، بۇنچە ئىسسىقتا نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىلاردىن بىرى چۆچۈگىنىچە. هاراقكەش گەپ قىلغۇچە ھېسام گەپ قىستۇرۇپتۇ:
— كۆرمىدىڭىزمۇ، بۇ قوشنىمىز ئاۋۇ تۆمۈر تۇڭدىكى هاراقنى گۆش تۇڭغا يۆتكەۋاتىدۇ.

## سۇرەتچىمۇ بىلىدىكەن

ھېسام ياقا يۇرتتىن كەلگەن تولىمۇ خەسىس تۇغقىنى بىلەن بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ئۇنى خاتىرە ئۈچۈن سۇرەتكە چۈشۈشكە تەكلىپ قىپتۇ.
— سۇرەتنىڭ پۇلىنى كىم تۆلەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تۇغقىنى دەررۇ.
— مەن، — دەپتۇ ھېسام.
سۇرەتكە تارتىش ئالدىدا سۇرەتچى ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇش تۇرقىنى تەڭشەپتۇ.
— سىز بۇياققا ئالمىشىڭ، ھېسامكا، — دەپتۇ سۇرەتچى، — ئاكا، سىز بۇياققا ئۆتۈڭ، مۇنۇ تۇرقىڭىزدا يامانمۇ پەس كۆرۈنىدىكەنسىز.
— ياﺋاللا، بۇرادەر، — دەپتۇ ھېسام شۇ مەھەل تۇغقىنىغا قاراپ مەنىلىك كۈلگەن ھالدا، — سىزنىڭ پەسلىكىڭىزنى سۇرەتچىمۇ بىر قاراپلا بىلىۋاپتۇ!

## ئۆز قولى بىلەن

ئىدارە پارتكومىنىڭ كاتىپى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە كەلگەن شەخسىي خەتلەرنىمۇ ئېچىپ كۆرۈپ ئاندىن ئىگىسى-

گە بېرىدىكەن. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك نارازى بوپتۇ.
بىر كۈنى ھېسامنىڭ يىراقتىكى تۇغقىنىدىن خەت كەپ-تۇ. ھېسام خەتنى ئاچماي، چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە كەل-گەندە كاتىپنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.
— كاتىپنى نېمە قىلىسىز؟ قولىڭىزدىكى نېمە خەت ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ شۇجى ئۇنىڭدىن.
— باشقا مۇھىم ئىشىمغۇ يوق، — دەپتۇ ھېسام، — بۈگۈن تۇغقىنىمدىن سالام خەت كەلگەنىكەن، كاتىپنى ئۆز قولى بىلەن ئاغزىنى ئېچىپ بېرەمدىكىن، دەپ ئىزدەپ يۈرىمەن.

## قانتى بوغۇقلىقمىكەن

بىر پوچى خەقلەرگە پو ئېتىپ بېرىپتۇ:
— يېقىندا بىر كۈنى قىرغاۋۇل ئاتقىلى بېرىپ «تاڭ ! تاڭ ! تاڭ !» ئېتىۋەردىم، قىرغاۋۇل «پوك ! پوك ! پوك !» چۈشۈۋەردى...
تىڭشاپ ئولتۇرغان ھېسام پوچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپتۇ:
— بۇرادەر، بىرنەرسىنى سورىۋالسام، سىز ئاتقان قىرغا-ۋۇللارنىڭ قانتى بوغۇقلىقمىكەن؟

## چىڭ تۇرۇش

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— سىلەرنىڭ ئىدارە باشلىقىنى پرىنسىپتا چىڭ تۇرار-مىش، دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟
— راست، — دەپتۇ ھېسام، — ھەدېسىلا، ھازىرقى ئولتۇراق ئۆيۈم مەنسىپىمگە ماس كەلمەيدۇ، پرىنسىپ بويىچە

سەكسەن كۋادرات مېتىرلىق ئۆيدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك، دەپ چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

## ئەينەن چىقىسىز



ھېسامنىڭ بىر خىزمەتدىشى دائىم تېلېفون ئارقىلىق ئەھۋال ئىگىلەپلا گېزىتكە خەۋەر يازىدىغان ئىختىيارىي مۇخبىرلاردىن ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ ھېسامغا مەسلىھەت ساپتۇ:

— ھېسام ئاغىنە، بىر مەسلىھەت كۆرسىتىڭا، مۇخبىرلار ژۇرنىلىغا سۈرىتىمنى باسىدىكەن، سۈرەتكە قانداق قىياپەتتە چۈشسەم بولار؟

ھېسام ئەستايىدىل مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەڭ ياخشىسى، تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشتە چۈشۈڭ، ئەينەن چىقىسىز.

## يۆتكەش

بىر ئىش بىلەن شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا يۈرگەن ھېسامغا بىر ئاغىنىسى يولۇقۇپ قاپتۇ. ئاغىنىسى ھېسامدىن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— تەشكىلات بۆلۇم باشلىقىنى نېمىگە ئىزدەيسەن؟ — دەپ قىزىقىپ سوراپتۇ ھېسام. ئاغىنىسى دەپتۇ:
— خوتۇنۇمنى يۆتكەپ كېلىشۋالايمىكىن، دېۋىدىم.
— ۋاھ، بۇ قانداق گەپ؟ — دەپتۇ ھېسام، — خوتۇنۇڭنى توي كۈنى كەچتىلا ئۆيۈڭگە يۆتكەپ قويغان ئەمەسمىدۇق.

## تېجىملىك جاۋاب

تولىمۇ ماختانچاق بىر يىگىت ھېسامغا ماختىنىپ دەپتۇ:
— دەپ بېقىڭا، ھېسامكا، مەن بىلگەننى قايسىبىرى بىلىدۇ؟
ھېسام بېشىنى لىڭشىتىپتۇ:
— راست دەيسەن، ھېچكىم سەندەك ماختىنىشنى بىلمەيدۇ.

## كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت

بىر يىگىت ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:
— مەن يەڭگىل ھەم كۆڭلۈمدىكىدەك بىر خىزمەت تاپ-سام دەپلا ئويلايمەن، بارمىدۇ؟
— بار، — دەپتۇ ھېسام ئىشەنچلىكلا.
— قانداق خىزمەت؟ — يىگىت ئالدىراپ سوراپتۇ. ھې-سام ئېيتىپتۇ:
— تاتلىق چۈش كۆرۈش، ئورنى يوتقان ئىدارىسىدە.

## چامباشچى

ھېسامنىڭ تام قوشنىسى بەكمۇ تاياقچى ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھېسامغا ماختىنىپتۇ:
— قوشنام، بىلەمسىز، يېقىندىن بېرى چامباشچىلىقنى

مەشىق قىلىۋاتىمەن.
— بىلىمەن، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ. قوشنىسى ئەجەبلىنىپتۇ:
— نەدىن بىلدىڭىز؟
— دائىم مەست كەلسىڭىز، ئايالىڭىزغا پەشۋا ئاتىسىزغۇ، شۇنىڭدىن بىلدىم.

## تەدبىر قوللىنىش

چىش دوختۇرى يولدا ھېسامغا يولۇقۇپ دەپتۇ:
— ئايالىڭىزنىڭ چىشى ئاغرىپ قالسا، ئۈچ كۈنگىچىمۇ نېمىشقا بىرەر ئامال قىلمىدىڭىز؟
— ئامال قىلدىمغۇ، — دەپتۇ ھېسام. دوختۇر ئەجەبلىنىپتۇ:
— نېمە ئامال قىلدىڭىز؟
ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
— قۇلىقىمغا پاختا تىقىۋالدىم.

## چايدان سېتىۋېلىش

ھېسام بىر دۇكانغا كىرىپ مال ساتقۇچى يىگىتتىن سوراپتۇ:
— ئۇكام، ئاخشامقى چايدان ئەينىكىدىن يەنە بارمۇ؟ بولسا ماڭا بىرنى سېتىپ بەرسىڭىز.
— قانچە باڭلىق چايدان ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ مال ساتقۇچى. ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ، چايداننى ئۆيگە ئاپىرىپ قايناق سۇ قۇيۇشۇمغا بىر قېتىم «باڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا بىر باڭلىق چايدان ئوخشايدۇ.

## ئايدىڭ

مۇئەللىم دوسكىدىكى ھېسابنى چۈشەندۈرۈپ بولـۇپ، ھـېـ-سامدىن سوراپتۇ:

— ساۋاقداش ھېسام، ئايدىڭ بولدىمۇ؟

باياتىن خىيالى باشقا يەردە بولۇپ ئولتۇرغان ھېسام ئەجەب-لەنگەن قىياپەتتە جاۋاب بېرىپتۇ:

— مۇئەللىم، ھازىر كۈندۈز تۇرسا، ئايدىڭ نېمە ئىش قىلسۇن؟

## سېنى تونۇيدىكەنغۇ

ھېسام ئايالى بىلەن بازاردا كېتىۋېتىپ يولدىن توغرا كې-سىپ ئۆتۈشكە ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان بىر ماشىنا ئۇلارنى سو-قۇۋېتىشكە تاسلا قاپتۇ. شوپۇر كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، تېخىچە ماشىنا ئالدىدا تۇرۇۋالغان ھېسامنىڭ ئايالىنى ئەيىبلەپتۇ:

— نېرى ئۆتمەمسەن، ھەي دۆت خوتۇن!

— توۋا، — دەپتۇ ھېسام بۇ گەپنى ئاڭلىشى بىلەن ھەيران-لىقتا ياقىسىنى تۇتقىنىچە، — ھەي ئاپىسى، ئۇ شوپۇر سېنى تونۇيدىكەن ئەمەسمۇ!

## ئىككى ئەرۋاھنى كېسەل قىلىپ...

بازاردىن قايتقان ھېسامغا باش - كۆزى يېرىلغان قوشنىسى مەست ھالدا يولۇقۇپتۇ. ھېسام ئۇنى يۆلەپ دوختۇرغا ئېلىپ بې-رىپتۇ، دوختۇرغا كۆرسىتىپ بولۇپ ئىككىلىرىگىچە ئاپئاق داكىلانغان مەستنى ئەكېلىۋاتقاندا، يولدا بىرنەچچە تونۇشلىرى

ئۆچرىشىپ قىلىپ ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامىدىن، بۇ كىم؟
— بۇ ئۆلۈك، — دەپتۇ ھېسام، — ئىككى ئەرۋاھنى كېپىل قىلىپ، بۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا كۆرۈشتۈرگىلى ئەكېتىۋاتىمەن.

## تېلېۋىزور ۋە ھېسام

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، تېلېۋىزور سېتىۋالغانسىز؟
— يوقسۇ، — دەپتۇ ھېسام، — تېلېۋىزور ئالساڭ، كۆندە قوشنىلار كىرىۋېلىپ ئادەمنى ئارامخۇدا قويمايدىكەن !
— ئەمىسە تېلېۋىزورمۇ كۆرمەيدىكەنسىز - دە؟
— ياقەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — كۈندە قوشنىلارنىڭكىگە كىرىپ كۆرۈپ تۇرىمىز.

## توغرا دىئاگنوز

ھېسام دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئالدىغا كەلگەن بىر كېسەلنىڭ كېسىلىنى زادىلا تاپالماي ئاخىر ئۆزىدىن سوراپتۇ:
— سىز بۇرۇن مۇشۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانمۇ؟
— شۇنداق، — دەپتۇ كېسەل ئالدىراپ. ھېسام دەررۇ دىئاگنوزنى مۇقىملاشتۇرۇپتۇ:
— ھە، دۇرۇس، ئاشۇ كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپتۇ.

## سىز كەلمىسىڭىزلا...

ھېسامنىڭ سەپەرگە ماڭماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلىغان بىر بەتقىلىق يىگىت ئۆزىچە چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامكا، سىز كەتسىڭىز، ئۆيدىكىلەرنىڭىز قورقامدۇ؟
ھېسام دەپتۇ:
— سەن كەلمىسەڭلا، قورقمايدۇ.

## ئالامەت يەر ئىكەن

بىر كۈنى ھېسام يىراق بىر يېزىغا كۆچۈپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭكىگە مېھمان بولۇپ چىقىپتۇ. شۇ يېزىدىن ئۆيلىنىۋالغان ئاغىنىسى ئۆزگىرىپ خوتۇنىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. ھېسامنى كەلدى دەپ مېھمان چاقىرغاندا، ئاغىنىسى تاماق ئېتىپ، ئايالى بولسا، مېھمانلار قاتارىدا كىرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. زىياپەت ئاخىرلىشاي دېگەندە ئاغىنىسىنىڭ قېيناتىسى ھېسامدىن:
— يىگىت، مەھەللىمىز دىتىڭىزغا ياقتىمۇ، قانداقراق يەر ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېسام دەررۇلا:
— ۋاھ، ئالامەت يەر ئىكەن، ئەرلىرى چۆچۈرە تۈگۈپ، ئاياللىرى ساقىي بولىدىغان يەر ئىكەن دېسىلە، تاغا! — دەپتۇ.

## تەڭگە يېگۈزۈۋەرگىن

ھېسامنىڭ ئوغلى بەش تىيىنلىق تۆمۈر پۇلنى ئويناۋېتىپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ئايالى بالىنى دەررۇ دوم قىلىپ قۇستۇرغانىكەن، بالىنىڭ ئىچىدىن تۆمۈر پۇلدىن ئىككىسى چىقىپتۇ.
— قارىڭا، دادىسى، — دەپتۇ ئايالى ھېسامغا، — بالىمىز تەڭگە پۇلدىن بىرنى يەۋېلىپ، ئىككىنى قۇستى.
— ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا داۋاملىق تەڭگە يېگۈزۈۋەرگىن، — دەپ ۋارقىراپتۇ ھېسام خۇشال بولۇپ.

## «خۇشامەت»نىڭ مەنىسى

ھېسام ئۆتۈپ كەتكەن مەنسەپپەرەس باشلىقنىڭ بۆلۈمى-دىن تېرىكىپ چىقىۋاتسا، بىر خىزمەتدىشى ئۇنى توسۇۋاپتۇ:

— ھېسامكا، بىلەمسىز، «خۇشامەت»نىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟

— لۇغەت مەنىسىنى بىلمەيمەن، تۇرمۇش مەنىسىنى بىلىمەن، — دەپتۇ ھېسام، — «خۇشامەت» دېگەن «خوش - خوش» دەپ تۇرساڭ ئامەت بار دېگەن گەپ.

## ئاقىدىغان يەر

قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر باشلىق ئۆزىچە ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:

— نامىم مۇدىر بولغان بىلەن قۇرۇق جازىمەن، ھېسامى-دىن. ھوقۇقۇمنى ئاقتۇرىدىغان يەر تاپالمىدىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ ھېسام، — دەر-يا يېقىنغۇ، ھوقۇقىڭىزلا ئەمەس، ئۆزىڭىزمۇ بەھۇزۇر ئاقىسىز!

## قانات سۆرەۋاتىدۇ

بىر يىگىت دۇكانغا يېڭى ئۆتۈك كىيىپ كىرىپتۇ - دە، نېرى - بېرى مېڭىپ ئۆتۈكىنى غاچىلدىتىۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ھېسام قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، ئۆزىمۇ تېخى يېقىندىلا كىيگەن ئۆتۈكىنى ئەتەي قاتتىق غاچىلدىتىپ دەس-سىگىنىچە يىگىتنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكە باشلاپتۇ. بۇنىڭ-دىن ھەيران بولغان يىگىت سوراپتۇ:

— ھېسامكا، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام، — بىزنىڭ غاچ - غاچ سىنىڭ غاچ - غىچىڭغا قانات سۆرەۋاتىدۇ.

## ئۆزىڭىز نىمە دېگەن

ھېسام بىر يايمىچىنىڭ دۇكىنىدىكى چاپاننى كىيىپ كۆرۈشكە، يايمىچى:

— بەللى، ھېسام، نەق ئۆزىڭىزنىڭلا چاپىنى ئىكەن، ئېلىۋېرىڭ، — دەپتۇ. يايمىچىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا ھېسام چاپاننى كىيگەن پېتى يولغا چۈشۈپتۇ. ھەيران قالغان يايمىچى ۋارقىراپتۇ:

— ھېسامدىن، پۇلىچۇ، چاپاننىڭ پۇلىنى بەرمەمسىز؟

— نىمە پۇلنى؟ — دەپتۇ ھېسام يايمىچىدىن بەتتەر ئەجەبلەنگەن ھالدا، — ئۆزىڭىز «نەق سىزنىڭ چاپىنىڭىز ئىكەن، ئېلىۋېرىڭ» دېدىڭىزغۇ، ئۆزۈمنىڭ چاپىنىغا يەنە نىمىدەپ پۇل تۆلەيدىكەنمەن؟

## سۈرەت ۋە دورا



بىر كىشى ھېسامنىڭ داۋالىنىش كىنىشكىسىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، كىنىشكىغا كېسەل چىراي سۈرىتىڭىزنى چاپلىۋالغۇچە، تۈزۈكرەكىنى چاپلىسىڭىز بولمامدۇ؟

— ئەخمەقمۇسەن؟ — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — كېسەل

چىراي سۇرەتنى چاپلىمىساڭ، دوختۇر ياخشى دورا بېرەمدۇ؟

## ياخشى كۆرىدىغان نەرسە

تىياتىرخانىدا ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىرى ئويۇن كۆرۈۋېتىپ تىنماي ئۈنلۈك ئاۋازدا ئويۇننى ماختاپ، ئەتراپ-تىكىلەرگە ئويۇننىڭ سۆزىنى زادىلا ئاڭلاتماپتۇ. بىر چاغدا ئۇ يېنىدىكى ھېسامنى نوقۇپ:

— بۇرادەر، مەن ئويۇن كۆرۈشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، سىزچۇ؟ نېمىنى ياخشى كۆرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئارانلا چىداپ ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— جىمجىتلىقنى.

## يېقىنلىق

بىر ھاجەتمەن ھېسامدىن سوراپتۇ:

— بىلەمسىز، شەھەر باشلىقىغا كىم ئەڭ يېقىن؟

— ئۇنىڭ شوپۇرى، — دەپتۇ ھېسام ئويلانمايلا.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ قىزىقىپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بىلىمەن - دە، — دەپتۇ ھېسام، — بۇ باشلىق نەگىلا بارسا شوپۇرنى ئېلىپ بارىدۇ ئەمەسمۇ.

## پالچى ۋە ھېسام

بازاردا قۇملاق سېلىپ ئولتۇرغان بىر پالچى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېسامنى توختىتىۋېلىپ ماختىنىپتۇ:

— مەن سىزنىڭ شۇ تاپتا ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىر كارامەت

بىلەن بىلىۋالدىم.

— ئەمىسە يولنى تومسالىڭ، — دەپتۇ ھېسام، — مەن سىزنى قىپقىزىل ئالدامچىغۇ، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

## تەخلا ئۈسۈش

بىر تونۇشى ھېسامغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، يېقىندا يەنە مائاش ئۆسكۈدەك.

— ئاپلا ! — دەپتۇ ھېسام بۇنى ئاڭلاپ. ھېلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ:

— خۇشال بولماقتا يوق، ئاپلا دەيسىزغۇ، نېمە بولدى؟

ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— مائاش ئۆسسە، بىزنىڭ ئايالمۇ يەنە تەڭلا ئۆسىدىكەن - دە !

## خەيرىيەت

ھېسام چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇنى بىرى پىچاق كۆتۈرۈپ قوغلاپ يۈرگۈدەك ئىمىش. ھېلىقى نەرسە ئاخىر ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپتۇ... دەل شۇ چاغدا ھېسام چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە، ئۆزىچە شۈكۈر كەلتۈرۈپتۇ: « خەيرىيەت، ھېلىمۇ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن، بولمىسا، ھېلىقى ناكەس پىچاقنى سېلىۋېتەتتى - دە ! »

## سۆزىڭىز كېرەك

ھېسام سودىلىق ئۈچۈن دۇكانغا كىرىپ پوكەي ئالدىدا ئۇزاق ساقلاپ قاپتۇ. مال ساتقۇچى قىز ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي

بىر خېرىدار بىلەن پاراڭنى دۆك سوقۇۋېرىپتۇ. سەۋر قاچىسى تاشقان ھېسام مال ساتقۇچىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىقراق چا-قىرىپتۇ، مال ساتقۇچى قىز توڭلۇق بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ئوۋۋاش، نېمە كېرەك سىزگە؟

— سىزنىڭ سۆزىڭىز كېرەك، — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا، — سۆزىڭىزنىڭ ھەممىسىنىلا ماڭا سېتىپ بەرسىڭىز، خې-رىدارلار كەلگەندە ۋاقىتنى ئالماسسىزمىكىن، دېۋىدىم.

## ئەكسىچە

تولىمۇ تېتىقسىز ناخشىلارنى ئېيتىشنى ئادەت قىلغان بىر ھەۋەسكار ناخشىچى يىگىت بازاردا ھېسامغا يولۇقۇپ قېلىپ:

— ھېسامكا، تازا پەيزى ناخشىلارنى ئۆگەندىم، ئېيتىپ بەر-سەم ئاشپۇزۇلغا باشلامسىز؟ — دەپتۇ.

— ئەكسىچە، — دەپتۇ ھېسام، — شۇ ناخشىلىرىڭىزنى ھېچ يەردە ئېيتمىساڭ، تازا بىر مېھمان قىلاي.

## ئون تىيىنلىق سامسىنىڭ ئىچىدىن...

ھېسام ئاشخانىدا تاماق كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، يېنىدا سامسا يەۋاتقان بىر يىگىت بىر چاغدا قاتتىق ئاچچىقلىنىپ سامسىپەزگە ۋارقىراپتۇ:

— ھەي ئۇستام، سامسىنىڭ ئىچىدىن لاتا چىقىۋاتىدىغۇ، قانداق گەپ بۇ؟

سامسىپەز جاۋاب قايتۇرغۇچە ھېسام گەپ ئارىلاپتۇ:

— قىزىقكەنسەن، ئۇكا، ئون تىيىنلىق سامسىنىڭ ئى-چىدىن لاتا چىقماي تاۋار چىقاتتىمۇ؟

## يەكمۆيەك

مەشرەپتە تەمبۇر چېلىۋاتقان سازەندە دەم ئېلىش ئارىلىقىدا ماختىنىپتۇ:

— ھەرقانداق تەمبۇرچىنىڭ بولسا ئەكېلىش، يەكمۆيەك بەسلىشىمەن!

بىردەمدىن كېيىن جوزىغا لەگمەن كەپتۇ. سازەندە نېرىقاپ:

— مەن لەگمەن يېمەيمەن، — دەپتۇ. سازەندىنىڭ بايىقى لاپلىرىدىن غىدىقى كېلىپ ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ ئالدىغا بىر تەخسە لەگمەننى تارتىپ ئېلان قىپتۇ:

— ھەرقانداق لەگمەنچىنىڭ بولسا ئەكېلىش، يەكمۆيەك بەسلىشىمەن!

## خۇشامەتچىگە جاۋاب

باشلىق ئۆتكۈزگەن نەزىرگە كېچىكىپ كېلىپ قالغان بىر خۇشامەتچى كىشى دەرۋازىدىن كىرىپلا ھېسامنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپتۇ:

— ۋاھ ھېسامىدىن، باشلىقنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز، دەپ بۈگۈن تەخسىكەشلەرنىڭ ھەممىسىلا قاق سەھەردە كېلىۋالغانمۇ، نېمە؟

— يوقسۇ، سىزدىن باشقىسى، — دەپ خۇددى شۇنداقلا پىچىرلاپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام.

## ياخشى ئامال

ئىدارىدىكى بىر ياش يىگىت قولىنىڭ كىچىككىنە يېرىنى

كىسىۋېلىپ، ئەتىسى كال-
لەك داكا تېڭىپ كەپتۇ.
خىزمەتداشلارنىڭ بىرى
سوراپتۇ:
— بارمىقىڭىزنىڭ
كىچىككىنە يېرىنى كېسى-
ۋېلىپ، نېمانداق جىق
داكا يۆگىۋالدىڭىز؟
يىگىت دۇدۇقلاپ
قاپتۇ. ھېسام يىگىتكە



بولۇشقاندەك ئېغىز ئېچىپتۇ:
— نادان ئىكەنسىز، داكىغا قاراپ دەم ئېلىشمۇ جىق بولىدىغان
گەپ - دە!

## ھاراق تېپىلمىسا...

ھېسامنى كۆپ ئىچىدۇ، دەپ ئاڭلىغان بىر يىگىت سوراپتۇ:
— ھېسامكا، ھاراق تېپىلسىغۇ ئىچەرسىز، بولمىسا
قانداق قىلىسىز؟
ھېسام ناھايىتى تەبىئىيلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
— ھاراق تېپىلمىغان كۈنى ئۆزۈمنىڭ مېڭىشى بولۇۋېرىدۇ.

## ياخشى مەسلىھەت

بىر قوشنىسى ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:
— ئۆيلىنەي دېسەم دېگەندەك لايىق چىقمايۋاتىدۇ، ئۆزى
چىرايلىق، گەپ قىلماي كۈلۈپلا تۇرىدىغان، ماڭ دېسەم مېڭىپ،

تۇر دېگەن يېرىمدە قىمىر قىلمايدىغان بىر ئايال چىقسا بولاتتى.

— ئۇندىقىدىن بارغۇ، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — ماگىزىندىكى قونچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىڭ.

## ئەپۇ قىلىڭ

ئاپتوبۇستا بىر يىگىت ھېسامنىڭ بىقىنىغا بىرنى سوقۇۋېتىپ، بەخىرامان تۇرۇۋېرىپتۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دەپتۇ ھېسام ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ.

— نېمىگە؟ — دەپتۇ يىگىت چۈشەنمەستىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

— بىقىنىم جەينىكىڭىزنى ئاغرىتىۋەتتىمىكىن دەيمىنا، — دەپتۇ ھېسام تېخىچە ئاغرىۋاتقان بىقىنىنى سىلاپ تۇرۇپ.

## ئېزىپ كىرىپ قاپتىمەن

ھېسام مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بېرىپتىكەن، دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئوكۇل بۇيرۇپتۇ. ھېسام ئوكۇل بۆلۈمىگە كىرىپ، سېستىرالارنىڭ كېسەللەرنى ئۆرە تۇرغۇزۇپلا ئوكۇل ئۇرۇۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، دەررۇ ئۇنلۇك قىلىپ: « ھوي، مەن ئېزىپ كىرىپ قاپتىمەن» دەپلا كەينىگە يېنىپتۇ. ھېسامنى تونۇيدىغان بىر سېسترا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قولىڭىزدا ئوكۇل قەغىزى تۇرسا، ئېزىپتىمەن دەيسىزغۇ، ئوكۇل بۆلۈم مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداقمۇ ؟ — دەپتۇ ھېسام، — مەن تېخى ئوكۇل سېلىشىڭلارنى كۆرۈپ، مال دوختۇرخانىسىغا كىرىپ قالدىممىكىن دەپتىمەن.

## ھېسامنىڭ ئامالى

ھېسامنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:
— ھويلىغا قۇدۇق كولىسام، توپىسى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، قانداق قىلسام بولار؟
— چارىسى ئوڭاي، — دەپتۇ ھېسام، — يەنە بىر قۇدۇق كولاڭ ـ دە، توپىسىنى شۇنىڭغا تىندۇرۇڭ.

## خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭ

ھېسام ماگىزىنىدا ئىشلەۋاتقىنىدا، ماگىزىن باشلىقى ھەدېسىلا ناچار ماللارنى يۆتكەپ ماگىزىنىنى تولدۇرۇۋېتىپتۇ. بىر كۈنى بىر خېرىدار ماگىزىن باشلىقى بىلەن بىرگە تۇرغان ھېسامدىن سوراپتۇ:
— يولداش، ئاۋۇ چاپاننىڭ سۈپىتى قانداقراقكىن؟
— خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭ، — دەپتۇ ھېسام يېنىدىكى ماگىزىن باشلىقىغا قاراپ قويۇپ، — بۇ چاپان ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇ ماگىزىنىدا تۇرىدۇ، زادىلا رەڭگى ئۆڭۈپ ياكى يىرتىلىپ كەتمىدى.

## چىرايلىق

ھېسام بۇرۇت قويۇپ كوچىغا چىقىپتىكەن، بىر كىشى ئۇنىڭ بۇرۇتىنى ماختاپتۇ:
— ھېسامىدىن، بۇرۇتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، شۇنداق چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋاپسىز، يارىشىپتۇ.
— ئۇقۇشماسلىق بولمىسۇن، — دەپتۇ ھېسام رەنجىگەندەك قىياپەتتە، — ئەسلى ئۆزۈم چىرايلىق، ئەللىك

يىلدىن بىرى چىرايىمغا ئىشەنچ قىلىپ يۈرسەم، تېخى بۇ-گۈنكى بۈرۈتنى ماختايسىزا!

## بىرلا تەجرىبىمىز بار

ئەترەت كادىرلىرى تولا ئالمىشىدىغان يىللاردا ھېسام تۈرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭمۇ يۇقىرىقى سەۋەب تۈپەيلى زادىلا ئىشى ئىلگىرى باسماپتۇ. بىر قېتىم يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى دەل مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، دېھقانلاردىن پىكىر ئاپتۇ.

— ھېسامىدىن، سىز ئېيتىپ بېقىڭا، ئەترىتىڭلارنىڭ رەھبەرلىك سايلاش تەجرىبىسى قانداق؟

— بىرلا تەجرىبىمىز بار، — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — يازدا، ئىش كەپلەشكەندە سايلاپ تىكلىۋالىمىز، قىشتا، ئەس-نەشكەندە سايراپ يىقىتىۋالىمىز.

## بىلىمىز

ھېسام بىر سورۇندا مەلۇم كىشىنىڭ گېپىنى قىپتۇ:

— ئۇ ئادىشىمىز تازا پوچى نېمە بولۇپ كېتىپتۇ جو-مۇڭلار، بىزچۇ، بىلىمىز ئۇنى، بىلىمىز...

دەل شۇ چاغدا ھېلىقى كىشى تۇيۇقسىزلا ئۆيگە كىرىپ كەپتۇ ۋە غەزەپ بىلەن سوراپتۇ:

— خوش، نېمىنى بىلىسىز؟

ھېسام دۇدۇقلىمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— يا ئەمدى، سەل كېچىكىپ بولسىمۇ كېلىدىغىنىنى بىلىمىز دەيمەن - دە!

## گال ۋە قۇلاق

ئاۋازى پۈتۈپ خىرىلداپ قالغان ھېسام دورىخانىغا كىرىپ قۇلاق ئاغرىقىنىڭ دورىسىنى سوراپتۇ.

— گېلىڭىزغا دورا ئالماي، قۇلاق دورىسىنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ ھەيران بوپتۇ دورا ساتقۇچى. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئاياليمنىڭ قۇلىقى ئېغىر ئىدى، شۇنىڭ قۇلىقى ئېچىلسا، مېنىڭ ئاۋازىمۇ ئېچىلىپ قالاتتى.

## ئەخمەق

بىر ئولتۇرۇشتىن قايتقاندا ھېسام ساھىبخانا تەڭلىگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋاپتۇ. يېنىدا تۇرغان سازەندە ئۆزىگە تېگىدىغان نەپىنىڭ كېمىيىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئىچى تىتىلداپ، يول بويى ھېسامنى «ئەخمەق» دەپ ئەيىبلەپ مېڭىپتۇ. خېلىغىچە شۈك ماڭغان ھېسام ئاخىر چىدىماستىن جاۋاب ياندۇرۇپتۇ:

— نېمانچە تولا كوتۇلدايدۇ ماۋۇ ئەخمەق، ئاغزىڭ قېنى دېسە گەجگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەخمەق، ئېشەككە تەتۈر مىنگەن ئەخمەق، چاقماق چېقىلسا ئاسمانغا ئوت كەتتى دەيدىغان ئەخمەق، ئېشەك ھاڭرىسا دادام ئۆلۈپتۇ دەپ يىغلايدىغان ئەخمەق، دەريادىكى بېلىقنى كۆرۈپ بۇنىڭ ئىگىسى كىم دەيدىغان ئەخمەق، ساتىراشخانىغا كىرىپ «پولۇ بارمۇ؟» دەيدىغان ئەخمەق، ھاجەتخانىغا سالام قىلىپ كىرىدىغان ئەخمەق، ماگىزىنغا كىرىپ پاختىلىق كۆسار بارمۇ دەيدىغان ئەخمەق، ئۆگزىگە ئىككى ھارۋا شاخ بېسۋېلىپ، كارخانىچى بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق، ئەخمەقنىڭ چار خالتىسى ئەخمەق، پولۇ كەلسە مۇقامغا، سۇيۇقئاش كەلسە لەپەرگە چالىدىغان ئەخمەق، ساھىبخانىدىن ئاز پۇل ئېلىپ قالسا يېرىم كېچىدە

خوپى تۇتىدىغان ئەخمەق!

شېرىك سازەندە ئاغزى - بۇرنىغىچە تويۇپ، لام - جىم دېمەي مېڭىپتۇ.

## چوڭ ئىشقۇ يوق

ھېسامنىڭ قىزغانچۇق بىر تۇغقىنى دائىملا خەق ئۆيۈمگە كىرمىسۇن، دەپ ئىشىكىگە قىزىل لاتا باغلاپ قويىدىكەن. ھېساممۇ بىرنەچچە قېتىم بېرىپ، بوسۇغىدىن يېنىپتۇ.

بىر قېتىم ھېلىقى تۇغقىنى ھېسامنىڭكىگە كەپتۇ. مېھماننى دېرىزىدىن كۆرگەن ھېسام ھاپىلا - شاپىلا تالاغا چىقىپ، ئىشىك تۇتقۇچىغا قىزىل لاتا باغلاشقا باشلاپتۇ.

— ھېسام، نېمە بولدى، ئالدىراپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ تۇغقىنى ئەنسىرەپ.

— چوڭ ئىشقۇ يوق، — دەپتۇ ھېسام، — تېخى ئالدى. ڭىزدىلا بىر چۈشىنىمىز بوشىنىۋىدى.

## ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ

ھېسام ئايالىغا توپلەي ئېلىپ ماگىزىندىن چىقىۋاتسا، بىرنەچچە پاسون يىگىتلەر يولۇقۇپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، ئايالىڭىزغا نېمانداق پاكار پاشنىلىق ئاياغ ئېلىۋالدىڭىز؟

ھېسام دەپتۇ:

— قانداق قىلاي، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغنى ھەرقايسىڭلار ئېلىپ، ماگىزىندا قويماپسىلەر ئەمەسمۇ؟

## ساق يېرىمى بىلەن

بىر خىزمەتدىشى ھېسامغا شىكايەت قىپتۇ:
— مۇھىم بىر ماتېرىيال بار ئىدى، يازاي دېسەم، بېشىمنىڭ يېرىمى ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.
ھېسام مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ:
— كېرەك يوق، بېشىڭىزنىڭ ساق يېرىمى بىلەن ئويلاپ، يېزىۋەرمەمسىز !

## مېتىننىڭ تىرىبى

ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ يېشىغا يەتكەن ئوغلى ئەتىگەندە ياسىنىپ چىقىپ كەتسە، ئاخشىمى كەيپلىكتىن دەلدەڭلەپ، سالۋاراپ قايتىپ كېلىدىكەن. بىر قېتىم ئوغلىنىڭ شۇ ئەپتىنى كۆرگەن ئاتا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ھېسامغا دەپتۇ:
— قاراڭا، ھېسامدىن، بۇ بەچچىغەر مۇشۇ كۈنلەردە نېمە قىلىپ، نېمە قويۇۋاتىدۇ؟
— مەنمۇ خىلىدىن بېرى سەپسىلىپ يۈرۈۋاتىمەن، — دەپتۇ ھېسام جاۋاب قايتۇرۇپ، — ئىنىمىز ئەتىگەندە توقۇغان سېۋەتتەك چىقىپ كېتىدۇ، كەچتە چۇۋۇلغان سېۋەتتەك قايتىپ كېلىدۇ.

## چېقىش

بىر چېقىمچى ئادەم كەچكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىدا ھېسامغا بىر سىقىم شىمىشكا تەڭلەپ چاقچاق قىپتۇ:
— ئاغىنە، چىشلىرىڭىزنىڭ تايىنى يوق، شىمىشكا چا-

قالامسىز؟

ھېسام بىمالال جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئادەم چېقىشتىن باشقا ھەممىنى قىلالايمەن.

## چۇشۇپ كېتەي

ھېسام ئايروپىلانغا بىرىنچى قېتىم چۇشۇپ ئۇرۇمچىگە ماڭغانىكەن، يولدا بىردىن بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئايىنىشقا باشلاپتۇ، بىردەم چىداپ بېقىپ، بولالمىغاندىن كېيىن ۋارقىراپتۇ:

— ھاي ئۇچقۇچى، ئايروپىلاننى توختاتقىنا، مەن چۇشۇپ كېتەي!

## سىنى تىللاپتۇ




مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە شوئار يېزىلغان تاختىلارنى كۆتۈرۈپ كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، پۇزۇر كىيىنگەن بىر يىگىت ھېسامدىن:

— ھېسامكا، ئاۋۇ قىزنىڭ قولىدىكى تاختايغا نېمە دەپ يېزىپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېسام تاختايدىكى «ساۋاتسىزلىق — نومۇس» دېگەن خەتنى ئوقۇپتۇ - دە، يىگىتكە مەنىلىك قاراپ:
— سېنى تىللاپ يېزىپتۇ، — دەپتۇ.

## ئولتۇرۇشنىڭ يوجاڭزىسى

كەچكى ئولتۇرۇشتا بىر يىگىت مەست بولۇۋېلىپ بىر - نەچچە تەخسىنى، ئۇستەلدىكى تېرموسنى چېقىۋېتىپتۇ. ئولتۇرۇشتىكىلەردىن بىرنەچچىسى خاپا بولۇپ يىگىتكە كايىپتۇ:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ئاغىنە، بۇ نېمىسى؟
ھېچنېمە بولمىغاندەك ھىجاراپ تۇرغان مەستكە قاراپ قويۇپ، ھېسام ئېيتىپتۇ:
— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاغىنىلەر، بۇ دېگەن ئولتۇرۇشنىڭ پوجاڭزىسى.

## بۆلۈپ ئۇرماسەن

ھېسامنىڭ سەپرا ئايالى تاماقنى ئاغزىغا كەپلەپ تىقىپ يەۋاتقان بالىسىغا تىنمايلا:
— تاماقنى بۆلۈپ - بۆلۈپ يېمەمسەن، — دەپ ۋايساپ، بالا گېپىگە كىرمىگەندىن كېيىن ۋاقىدە بىرنى سايتىكەن، بالا ۋارقىراپ يىغلاپتۇ.
بالىنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان ھېسام ئايالىغا:
— ھەي، بالىنى مۇنداق ئۇرساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ.
— قانداق ئۇرىدۇ ئەمىسە؟ — ئايالى چېكەتكىدەك ئېتىلىپ ھېسامغا قادىلىپتۇ.
ھېسام ئالدىراپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— يا ئەمدى، بۆلۈپ - بۆلۈپ ئۇرماسەن دەيمىنا !

## ئوخشىتىش

ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئاز - تولا پۇل تېپىپ، موتسىكلىت سېتىۋاپتۇ - دە، ھەدېسە كەينىگە قىزلارنى ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، كوچا - كويلاردا قالايمىقان غارقىراپ ئۆتۈپ ئەھلىمەھەللىنىڭ چىشىغا تېگىپتۇ. بىر كۈنى شۇنداق چىشى قېرىشقانلارنىڭ بىرى ھېسامدىن ئاسماقچىلاپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قوشنىڭىزنىڭ مۇنۇ بايۋەچچىسىنى قىزىل كۆڭلەكلىك ئايالنى كۆرسە، قىزىل چىراغ ياندى، دەپ توختايدۇ دەيدىغۇ؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، يېشىل كۆڭلەكلىكنى كۆرسە، يول ئېچىلدى، دەپ موتسىكلىتنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ.

— راستىنلا نەدە ئىشلەيدۇ ئۇ بالا؟

ھېسام تەخىرسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— قىز توشۇش ئىدارىسىدە.

## كىتاب ئوغرىسى

بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— كىتاب ئوغرىلاش ئوغرىلىققا كىرەمدۇ؟

ھېسام دەررۇ دەپتۇ:

— ئوغرىلىققا كىرمىسە قانداق ئوغرىلايدۇ؟

## ماختىنىش نۆۋىتى

بىر سورۇندا ئىككى ئادەم ھېسامغا نۆۋەت بىلەن ماختىنىپ بېرىپتۇ:

— قاراڭ، ھېسامدىن، — دەپتۇ بىرىنچىسى، — بىز -

نىڭ بىر ئاغىنە گارازدا باشلىق دەڭدا، ماشىنا ئىشلەتتىمۇ، بىكارغا دەۋىرىڭ...

— بىزچۇ، ھىسامىدىن، — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — گۆشنى ئەرزىنىگە ئالىۋىرىمىز، قۇشخانىدىكى بوغالتىر تۇغقان كىلىدۇ - دە!

ھىسام نۆۋەتتى كەلگەندە بىر ماختىنىپتۇ:

— سىلەرنىڭمىغۇ راستتۇ، ئەمما بىزمۇ بوش ئادەم ئەمەس، يىڭى سالغان ھاجەتخانىغا قارايدىغان بالىنى تونۇيتتىم دەڭە، ئۇ كۈنى بىرىپ پۇل تۆلىمەي نەچچە كىردىم دەڭلا...

## دۈشمەن ئاياغ

ئاياغ كىيىم تاللاپ يۈرگەن ھىسام بىر سودىگەرنىڭ دۇكىنىدىن بىر پارە ئاياغنى ئىلىپ، قىزىقىپ قاراپ كىتىپتىكەن، دۇكاندار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مىلىنى ماختاپتۇ:

— ئىلىڭ، بۇرادەر، بۇ شۇنداق چىداملىق ئاياغ، سىزنى قىرىتىدۇ.

ھىسام دەرھال ئاياغنى جايىغا قويۇپتۇ:

— مىنى قىرىتىدىغان دۈشمەننى ئىلىپ نىمە قىلاي!

## ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ

گىزىتخانا مۇھەررىرى ھىسامنى يولدا ئۇچرىتىپ سوراپتۇ:

— ھىسامىدىن، ئۆتكەندە يازغان خەۋىرىڭىزدىكى ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باقساق مۇنداق ئىش يوقكەنغۇ؟

— بەلكىم، — دەپتۇ ھىسام تەمتىرىمەي، — ئەھۋال ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

## كۆينى كۆرۈش

بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، خەقلەر سىنى كۆپنى كۆرگەن دېيىشىدۇ، راستمۇ؟

— راست، — دەپتۇ ھېسام، — ياش چېغىمدا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇۋېلىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم ئەمەسمۇ.

## ئەجەب ئەمەس

بىر كىنو رېژىسسورى ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:

— بىرنەچچە كىنو ئىشلىدىم، تاماشىبىنلار قايسىنىلا كۆرسە ئۇخلاپ قېلىشىدۇ. قانداق قىلسام بولار؟

ھېسام يول كۆرسىتىپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىگەن كىنولىرىڭىزدا جەڭنى كۆپرەك كۆرسىتىڭ. ئۇخلاپ قالغان تاماشىبىنلار ئوق - بومبا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كېتىشسە ئەجەب ئەمەس.

## غەم قىلىش ۋاقتى

بىر كۈنى ھېسام غەم قىلىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇنى كۆر- گەن بىر تونۇشى سوراپتۇ:

— ھېسام، نېمىگە غەم قىلىپ ئولتۇرىسىز؟

— قوشنام پۇل قەرز سورىۋىدى، شۇنىڭغا غەم قىلىپ ئولتۇرىمەن، — دەپتۇ ھېسام.

— ئەخمەقمۇ سىز؟ — دەپتۇ ھەيران بولغان تونۇشى، — بەرمىگەن پۇلغا نېمە غەم قىلىش؟

— ئەخمەق دېگەن سىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — قەرز بېرىپ بولۇپ قانداق ئالارمەن، دەپ غەم قىلغاندىن، بەرمەي تۇرۇپ غەم قىلغان ياخشى ئەمەسمۇ!

## يېمەيدىغان تاماق

بىر قىزغانچۇق قوشنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— قانداق تاماقنى يېگۈڭىز كەلمەيدۇ؟
ھېسام دەپتۇ:
— جوزىنىڭ تېگىدىن ئالغان تاماقنى.

## چۈشەندىم

ھېسام ئىشسىز يۈرگەن كۈنلەردە بىر كارخانىغا نەچچە رەت كېلىپ، باشلىقنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپتۇ. كېيىنكى كېلىشلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەگىتمە پاراڭ بىلەن ئۇ-يەدە بىر قوينى بورداۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە باشلىقنىڭ قاچانراق بوش ۋاقتى بارلىقىنى سوراپتۇ.
ھېسام قايتار چاغدا باشلىق توساتتىن:
— ھېسام، ئەتە كەلگىن، — دەپ قاپتۇ.
— نەگە؟ — سوراپتۇ ھېسام ئۇقماسقا سېلىپ.
— ئۆزۈڭ ئىشقا، ھە...
— چۈشەندىم، — دەپتۇ ھېسام ھايالشىماي، — قويۇم چىشقا.

## ئوخشىتىش

ئۆزى ياقتۇرمايدىغان خىزمەتچىلىرىنى ھجىيىپ تۇرۇپ

ئەدەپلەيدىغان بىر باشلىق ھەققىدە بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ئۇ قانداقراق كىشى، بىلەمسىز؟
— قانداق كىشى بولاتتى، — دەپتۇ ھېسام، — جۇۋىنى تېشىغا ئۆرۈپ، ئىچىدىكى يۇڭىنى توزۇتىدىغان كىشى.

## ھوقۇقى بار

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، قوشنىڭىزنىڭ سۆلىتى خېلى بار ئىكەن، ئىدارىسىدە بىرەر ھوقۇقى بارمۇ، نېمە؟
— بار، — دەپتۇ ھېسام.
— نېمە ھوقۇقى بار؟
— پېنسىيىگە چىققۇچە ئۆز ئورنىدا ئىشلەپ تۇرۇش ھوقۇقى بار، — دەپتۇ ھېسام.

## قانداق چۈشەتتۇق

ھېسامنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ھېلىقى سۈرەتنى ئەكەلدىڭىزمۇ، قانداقراق چۈشۈپتىمىز؟
— قانداق چۈشەتتۇق، — دەپتۇ ھېسام، — بىر-بىرىمىز ئۆرە تۇرۇپ، بىرىمىز ئولتۇرۇپ چۈشۈپتىمىز.

## چاپلايدۇ

ھېسام كامېرى تېشىلىپ قالغان ۋېلىسىپىتىنى رېمونتخا-نىغا ئېلىپ بارغانىكەن، بىر ياش رېمونتچى كامېرنى قولىغا ئې-لىپ چاپلايمەن، دەپ ئەپلەشتۈرەلمەي، كامېرنى ئۇيان چۆرۈپ - بۇيان چۆرۈپ قاراۋېرىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ھېسامنىڭ ئىچى

پۇشۇپ ئولتۇرسا، بىرەيلەن ھېلىقى يىگىتتىن:

— چاپلىيالامسەن، ئاغىنە؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېسام دەررۇ سۆز قىستۇرۇپ:

— چاپلايدۇ، — دەپتۇ، — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلىغان بالىلار كامېرنى چاپلىيالامدۇ!

## قانۇنىيەت بويىچە

بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ماگىزىنلار نېمىشقا قىشتا قىسقا، يازدا ئۇزۇن ئېچىلىدۇ؟

— ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە، — دەپتۇ ھېسام، — ئاڭلىمىغانمۇسىز، جىسىملار ئىسسىقلىقتىن كېڭىيىپ، سوغۇقلۇقتىن تارىيىدۇ ئەمەسمۇ!

## شاتۇتى



دائىم باشقىلارنىڭ گېپىنى ئۆزىنىڭ گېپى قىلىپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، شاتۇتى دېگەن قۇش بار دەپ ئاڭلايمەن، بىراق زادىلا كۆرمىدىم، سىز كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمەيچۇ، — دەپتۇ

ھېسام دەررۇ، — مەن ھازىر شاتوتى بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن.

## سىزگە يېتىش نەدە

كوچىدا بىر تونۇشىنىڭ لىق يۈك بېسىلغان ھارۋىنى زورۇقۇپ سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھېسام ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ھارۋىنى خېلى يەرگىچە سۆرىشىپ بېرىپتۇ. تونۇشى ھېسامغا رەھمەت ئېيتىپ بولۇپ:

— كۆچىڭىزمۇ خېلى بار ئىكەن، بىراق سۆرەشتە ئې-شەككە يەتمەيدىكەنسىز، — دەپتىكەن،

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېسام، — سىزگە يېتىش نەدە !

## پۇل خەجلىسەڭ تەرلەيسەن

ھېسام بىر بېخىل ئاغىنىسىنى ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ ئۆيىگە يوقلاپ بارسا، ئاغىنىسى يىغلا تېۋىپقا بېرىپ كېلىپ ئولتۇرغانىكەن.

— تېۋىپ نېمە دېدى، بىرەر دورا بۇيرۇمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسام.

— بۇيرۇدى، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — تازا بىر تەرلىسەڭ ساقىيىسەن، دەيدۇ، قانداق قىلىپ تەرلىسەم بولاركىن؟

ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھېلىقى ۋاقىتتىكىدەك پۇل خەجلىسەڭ تەرلەيسەن.

## ئىتنىڭ ئادىتى

ھېسام بىر ئاغىنىسى بىلەن كېتىۋاتسا، تار كوچىدىن بىر يا-مان ئىت چىقىپ، ئارقىدا قالغان ھېسامغا قاراپ ھەدەپ ھاۋشىغى-

لى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاغىنىسى ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:
— بۇرادەر، مۇنۇ ئىتنىڭ تامىقىنى تەڭ تالىشىپ يەۋال-غانمىدىڭىز، نېمە، سىزگىلا قاۋايدىغۇ؟
— يوقسۇ، — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — ئىت دېگەن مىجەزى ئۆزىگە ئوخشاشمىغان ئادەملەرگە قاۋايدۇ.

## زۇكامنىڭ پىچىقى

ئولتۇرۇشتا بىرى زادىلا ئىچكىلى ئۇنىماپتۇ:
— زۇكام بولۇپ قاپتىمەن، زادىلا كېسەلمەيۋاتىمدۇ.
— ئەمىسە ھاراقنى ئىچىڭ، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — بىلەمسىز، ھاراق دېگەن زۇكامنىڭ پىچىقى.

## ھازىرچە كىرەلمەيمەن

ھېسام بىلەن بىر يىلدا تۇغۇلغان بىر ئاغىنىسى بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:
— ئىككىمىز بۇ يىل توپتوغرا ئەللىك ياشقا كىرىپ قالدۇق، ھە؟
— ياقەي، مەن بۇ يىل قىرىق توققۇزغا كەلدىم، — دەپ-تۇ ھېسام. ئاغىنىسى ھەيران بوپتۇ:
— نېمە دەۋاتىسەنوي؟ ئىككىمىز بىر يىلدا تۇغۇلمىدۇقمۇ؟ مەن ئەللىككە كىرگەندىكىن، سەنمۇ ئەللىككە كىرمەمسەن؟
ھېسام قاپىقىنى تۈرۈپ ئېيتىپتۇ:
— كىرگۈڭ بولسا ئۆزۈڭ كىرىۋەر، مەن بۇ بىر - ئىك-كى يىلدا ئەللىككە كىرەلمەيمەن.

## قىزىتىپ بېرەمەن

بىر يىگىت مەشرەپ قىلىپ، ھېسامىنىمۇ چاقىرىپتۇ. مەشرەپ راسا قىزىغاندا يىگىتنىڭ مۆتىۋەر ئاتىسى تۇيۇق- سىز ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ قاپتۇ ـ دە، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپتۇ:

— ھەي، ھەي، قىرىق يىللىق ئىبادەت ھارام بولدى ـ دە، ئەمدى بۇ ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ !

شۇنداق قىلىپ، يىگىتنىڭ ئاتىسى شۇ كېچىسى ئۆگزىدە يېتىپتۇ. ئىككىنچى يىلى ھېلىقى يىگىت ھېسامىنى يەنە مەشرەپكە ئېيتىپ كەپتۇ:

— ھېسامكا، بۇ يىلمۇ سورۇننى قىزىتىپ بېرەرسىز؟

— چاتاق يوق، — دەپتۇ ھېسام، — داداڭنى ئۆگزىدە ياتقۇدەك قىلىپ قىزىتىپ بەرسەم بولار؟

## تاشلىۋەتمىسۇن

ھېسام ناھىيىگە چىقماقچى بولۇپ، ئاپتوبۇسقا چۈشۈپتۇ. يولدا بىر ئادەم شوپۇر بىلەن گەپ تەگىشىپ قاپتۇ:

— نېمىشقا بېلەتنى قىممەت ساتىسەن؟

— تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە، — دەپتۇ شوپۇر ھۆر- رەكلىك قىلىپ، — بۇ ئاپتوبۇسنى كۆتۈرۈۋالغانمەن، قانداق ساتسام ئىختىيار ئۆزۈمنىڭ.

ھېسام دەرھال جىدەلگە ئارىلىشىپتۇ:

— بولدى قىلىڭ، ئۇكا، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەمگە، — ئۇستام ئاپتوبۇسنى كۆتۈرۈۋاپتىكەن ئەمەسمۇ، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋەرسىڭىز تاشلىۋەتمىسۇن يەنە !

## كېينكى قېتىم

— ھېسامكا، يېقىنىنىڭىياقى بىزنىڭ مەھەللىدىكى تۇغقىد-
نىڭىزنى يوقلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى ھېسامدىن.
— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېسام، — مۇشۇ ئايدىلا ئىككى
قېتىم يوقلىدىم.
— ئەجەب مەن بىر قېتىملا كۆردىما ؟ — دەپتۇ ھېلىقى
كىشى تېڭىرقاپ.
— ئەجەبلىنىشىڭىزمۇ توغرا، — دەپتۇ ھېسام، — كې-
يىنكى قېتىم چۈشۈمدە يوقلاپ كېلىۋىدىم.

## ھېسامنىڭ شەرھلىشى

تولا ئىچىدىغان بىرى مەلۇم سورۇندا ئۆزىنى سىپايە
كۆرسىتىپ:
— مۇشۇ ھاراق دېگەننى ئايدا ئىچسەك، ھە؟ — دەپتىكەن،
ئۇلپەتلەردىن بىرى ئۇنى مازاق قىپتۇ:
— كۈندە ئىچمىسىڭىز، چىدىيالمايسىز، يەنە ئايدا ئىچ-
سەك دەيسىزغۇ؟
ھاراقكەش دۇدۇقلاپ قاپتىكەن، ھېسام ئۇنىڭغا بولۇشقاندەك گېپىنى شەرھلەپتۇ:
— ياقەي، بۇ ئاغىنىمىز يەر شارىدا جىق ئىچىپ كەت-
تۇق، ئەمدى ئايدا ئىچسەك دەۋاتىدۇ !

## شۇنىڭغىمۇ كېلەمسىز

ھېسام جان بېقىش ئۇچۇن سائەتچىلىك قىلىپ يۈرگەن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىرى دەۋاغا كەپتۇ:
— ئۇستام، ئۆتكەن ھەپتىلا رېمونت قىلغان سائىتىڭىز يەنە بولمايۋاتىدۇ!
— نەرى بولمايۋاتىدۇ؟
— ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ.
— شۇنىڭغىمۇ كېلەمسىز؟ — دەپتۇ ھېسام ھەيران بولۇپ، — ئارقىدا قالغان بولسا، پات - پات ئالدىغا ماڭدۇرۇپ تۇرسىڭىزلا بولمىدىمۇ!

## سەۋىيىسى بار

سورۇندا بىرى ئۆزىنى سەۋىيىلىك ئادەممەن، دەپ ماختىنىپ، ھېسامنى گۇۋاھلىققا تارتىپتۇ:
— مېنىڭ سەۋىيەم بار - يوقلۇقىنى ھېسامدىن سوراڭلار، ئۇ بىلىدۇ، — دەپتۇ.
— بىلىمەن، — دەپتۇ ھېسام، — سەۋىيىڭىز بولغاچقا، موخۇركا ساتىدىغانلاردىن گېزىت ئېلىپ ئوقۇيسىز ئەمەسمۇ!

## سىلدىن كېيىن بولىدۇ

بىرنەچچە يىگىت ھېسامنى ئارىغا ئېلىپ، ھاراق ئىچىشمەكچى بولۇشۇپتۇ. گۆش توغراشقا پىچاق تېپىلمىغانىكەن، يىگىتلەردىن بىرى يېنىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، ھېسامدىن سوراپتۇ:
— تىرناقئالغۇچىنىڭ پىچىقى بولامدۇ؟
ھېسام دەرھال جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
— بىر بوتۇلكا تۈگىگەندىن كېيىن بولىدۇ.

## سىلەردىن ئۆگەنگەن

بىر قوشنىسى ھېسامنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىز كىشىلەر بىلەن مۇشتىلاشسىڭىز، ئۇلارنى قۇچاقلىۋېلىپ يەردە دومىلايدىكەنسىزغۇ، ئۇنى كىمدىن ئۆگەنگەن؟

ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزنىڭ ئايالىڭىز بىلەن سوقۇشقىنىڭىزدىن.

## ئالاھىدە قوي

جازانىخور بېدىك تۇتۇپ تۇرغان قوينى بىرى ھېسامغا كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— قارىغىنا، ھېسامكا، مۇشۇ ئىسكىلىتنى يۈز سوم دەيدۇ، نېمانچە قىممەت قوي بۇ؟



— ئالغۇك بولسا يانما، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام، — ئالاھىدە قوي بۇ.

— نەرى ئالاھىدە؟ — ھېلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ.

ھېسام دەپتۇ:

— ئۆگزىدە ئوتلىغان - دە.

## ئىچىلىپ ...

ھېسام ياتاقتىكى چېغىدا ئولتۇرۇش قىپتۇ.
سىرتتىن كەلگەن بىر ئاغىنىسىمۇ ئولتۇرۇشقا داخىل بوپتۇ ۋە ئولتۇرۇش داۋامىدا مەستلىككە سىلىپ تولا ۋارقىراپ باشقىلارنى بىزار قىپتۇ:
— ئىچىلىپ !...
ئاخشىمى ھېلىقى ئاغىنىسى ياتاقتا قونۇپ قاپتۇ ۋە ھەدېسىلا يوتقاننى ئۆزىگە تارتىۋېلىپ ئاۋارە قىپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن ھېسام بىر چاغدا يوتقاننى بىر اقلا ئۆزىگە تارتىۋاپتۇ ـ دە، ۋارقىراپتۇ:
— ئىچىلىپ !...

## مۇھەببەت ئىزى

مۇھەببەت ھەققىدە پاراڭ بولۇۋاتقاندا، بىر تاياقچى ماخ-تىنىپ دەپتۇ:
— ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن ياخشى كۆرگەن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىز قالدۇرۇش دېمەكتۇر. مانا مېنىڭ دەل شۇنداق...
— راست دەيسىز، — دەپتۇ ھېسام ھېلىقى كىشىنىڭ گې-پىنى بۆلۈپ، — ئايالىڭىزنىڭ يۈز ـ كۆزىدە يىتمەيدىغان كۆك ئىز ئاشۇ ئەمەسمۇ !

## چېكىش

ھېسامنىڭ قوشنىلىرىدىن بىرى دائىملا يېرىم كېچىگىچە تالادا يۈرۈپ، قايتىپ كەلگەندە ئايالىغا ئىشىكنى ئاچقۇزالماي سائەتلەپ سىرتتا تۇرىدىكەن. بىر كۈنى بىرى شۇ كىشى توغرى-سىدا سوراپ قاپتۇ:

— مۇشۇ قوشنىڭىز چىكەمدۇ قانداق؟
— تاماكىغۇ چەكمەيدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمما، كۈندە يېرىم كېچىدە سائەتلەپ ئىشىك چېكىدۇ.

## بۇرۇنقىسىمۇ، ئەمەسمۇ

ئەمىلى ئۆسكەن بىر تونۇشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ھې-سام بۇرۇنقىدەكلا قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا قول ئۇزاتقانىكەن، يېڭى باشلىق خالار - خالىماي قولىنى سۇنۇپتۇ. قولىنى ئىتتىك تارتىۋالغان ھېسام ھېلىقى تونۇشىدىن سوراپتۇ:
— ئۇكا، مۇشۇ بۇرۇنقى قولىڭىزمۇ، ئەمەسمۇ؟

## بالدۇر ئەمەس

ئىككىنچى نومۇرلۇق ئائىلىلىكلەر بىناسىغا ئۇل سېلىن-غان كۈنى، لاۋازىمەتچى ھېسام باشلىقنىڭ ئالدىغا ئۆي تەق-سىم قىلىش جەدۋىلىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ.
— نېمە قىلىق بۇ؟ — ئاچچىقلاپتۇ باشلىق، — ھېلىـ-تىن تەقسىماتنى ئويلاشساق، بەك بالدۇر ئەمەسمۇ؟
— زادىلا بالدۇر ئەمەس، — دەپتۇ ھېسام، — بىرىنچى نومۇر-لۇق بىنا پۈتكىنىگە بىر يىل بولدى، تېخىچە تەقسىم قىلىنمىدى. قارىغاندا لايىھىنى بىر يىل ئىلگىرى تۈزمىسەك بولمىغۇدەك...

## تىك تۇرىدۇ

ھېسام تولىمۇ خەسىس ئاغىنىسى بىلەن چەت ناھىيىگە چىققانىكەن، ئۇ كۈنى ئاغىنىسىگە بىكار ھاراق ئۇچراپ قېلىپ جىقراق ئىچىۋالغاچقا، سەنتۈرۈلۈپ تۇرالماپتۇ. ئاغىنىچە بىر-

نەچچەيلەن كېلىپ ھېسام بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ھېسام ئۇلارغا ئا-غىنىسىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. كەلگەنلەرنىڭ بىرى چاقچاق قىپتۇ:
— ھېسامكا، بۇ ئاغىنىڭىزغا نېمە بولغان، تىك تۇرالمايدىغۇ؟
— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ ھېسام، — بۇ ئاغىنىمىز يەردە تىك تۇرالمىغان بىلەن ئىككى تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ.

## ئەخمەق

بىر سورۇندا بىر كىشى ھېسامغا چاقچاق قىلىپ:
— باشقىلار چاقچىقىنى يىغىپ ئەۋەتسە، قەلەم ھەققىنى مەن ئالىمەن دەيدىغان ئەخمەق، — دەپتىكەن، ھېسام ئارقا-ئارقىدىن مۇنداق چاقچاق كەلتۈرۈپتۇ:
تۆت ئادەم توپلىشىپ تۇرغان يەرگە ماجىرا بولدى، دەپ بارىدىغان ئەخمەق.
ئوغرىلىق قىلىپ چۈش كۆرسە، ئەتىسى ئۆزىنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان ئەخمەق.
باشقىلار ناسوس سورىسا، يېلى تۈگەپ كېتىدۇ، دەپ بەر-مەيدىغان ئەخمەق.
تۈگمەنگە زىغىر ئاپارغان ئەخمەق.
تېرە پۇلكەن دېسە، جۇۋىسىنى سۆكىدىغان ئەخمەق.
مەزىن ئەزان توۋلىسا، ئۆگزىدىن چۈشەلمەي ۋارقىراۋاتى-دۇ، دەيدىغان ئەخمەق.
ئالدىغا بىر چېلەك سۇنى قويۇپ، ئىسقىرتىپ بەرسە، قورسىقى يېرىلغۇدەك ئىچىدىغان ئەخمەق.

## تۆتتىن قورقمايدۇ

شالاقشىپ كەتكەن ئەسكى بىر ۋېلىسىپىتنى مىنىپ

يۇرگەن ھېسام زاڭلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى دائىم:
— مېنىڭ ۋېلىسىپىتىمنى بوش كۆرمەڭلار، بۇ دېگەن تۆتتىن قورقمايدۇ، — دەپ توۋلايدىكەن.
— قايسى تۆتتىن، ھېسامكا؟
— ئوغرىدىن، يامغۇردىن، بوراندىن، ئۆرۈلۈپ كېتىشتىن.
بىر كۈنلەردە شۇ ۋېلىسىپىتنى ئوغرى ئاپتۇ. شۇنىڭدا بىر شەپشەك يىگىت سوراپتۇ:
— ھېسامكا ھېلىقى ۋېلىسىپىتىڭىز نەچچىدىن قورقمايتتى؟
— ئۈچتىن، — دەپتۇ ھېسام تەپ تارتماي.

## ئەجدىھا

ھېسام ئۆينىڭ يېمەك - ئىچمىكىگە پۇلدىن قىسىلىپ ئۆيدىن چىقىپ مەھەللە دوقمۇشىدا تۇرسا، خەقتىن تولا سو- ئال سورايدىغان قوشنا يىگىت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:
— ئەجدىھا دېگەن بار نەرسىمۇ، يوق نەرسىمۇ؟
— بار نەرسە، — دەپتۇ ھېسام، — بىز- نىڭ ئۆيدىمۇ بىرى بار.
— نېمە؟ — يى- گىتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ، — يوق گەپنى قىلماڭا !
— ئىشەنمىسى- ڭىز يۈرۈڭ، كۆرسى- تىپ قوياي، — دەپ-



تۇ ھېسام ۋە يىگىتنى ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ ـ دە، ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقنى كۆرسىتىپتۇ، — مانا، ئەجدىھا مۇشۇ، ماۋۇ قىپقىزىل ئاغزى، ئەمدى قۇيرۇقى بولسا ئۆگزىدە، چىقىپ ئۇنىمۇ كۆرۈپ باقامسىز؟

## ئۇ چاغدا تۇخۇم بار ئىدى

ھېسام كىچىكىدە ئاپىسى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، ئوكۇل بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھېسام كىرگىلى ئۇنىماي يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئاپىسى:

— ئوكۇلدىنمۇ قورقامسەن، سۇنىەت تويۇڭنى قىلغاندىمۇ يىغلىمىغانىدىڭغۇ، — دەپ كايىپتۇ. ھېسام ئاپىسىغا شۇ ھامان باھانە كۆرسىتىپتۇ:

— ئۇ چاغدا ئاغزىمدا تۇخۇم بار ئىدى ئەمەسمۇ.

## سۆز بىرىكمىسى

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، «كەنت باشلىقى» دېگەن سۆز تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىمۇ ياكى تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسىمۇ؟

— ئەلۋەتتە تۇراقسىز ـ دە، — دەپتۇ ھېسام. ھېلىقى كىشى يەنە سوراپتۇ:

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، — دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ، — يەنە بىر سايلامدا ئۇنىڭ سايلىنىدىغان ـ سايلانمايدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ـ دە !

## ئادەم بولاي دەيمەن

ھېسام شېئىر يېزىپ يۈرگىنىدە بىر كۈنى بىر بەتخۇي كىشى ئۇنىڭغا چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، شېئىرلىرىڭىزدا بىردەم پەرۋانە بولاي دېدىڭىز، بىردەم تاغ بولاي دېدىڭىز، بىردەم دەرەخ بولاي دېدىڭىز، ئەمدى نېمە بولاي دەيسىز؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەمدى ئەسكى مىجەزلىرىمنى تۈزىتىپ قايتىدىن ئادەم بولاي دەيمەن!

## ماختىنىش

ھېسام زۇكام بولۇپ قېلىپ دوختۇرغا بېرىپتىكەن، تونۇش دوختۇر دورا يېزىپ بېرىۋېتىپ ماختىنىپتۇ:

— ھېسامكا، بىلىپ قويۇڭ، سىزگە يېزىپ بەرگەن دورا ئاددىي دورا ئەمەس جۇمۇڭ!

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېساممۇ دەررۇ، — بىزنىڭ بۇ زۇكاممۇ ئاددىي زۇكام ئەمەس - دە!

## جايىدا جاۋاب

ھېسامنىڭ بىر قوشنىسى دائىم باشقىلارنىڭ تۇخۇسىنى ئوغرىلاپ ئارام بەرمەيدىكەن. بىر كۈنى قوشنىلار يىغىلىپ تېلېۋىزوردا پۇتبول مۇسابىقىسىنى كۆرۈۋاتقاندا، كۆزى ئاجىز تۇخۇ ئوغرىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، شۇنچە جىق ئادەم ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ نېمە قىلىشىۋاتىدۇ؟

ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— توخۇ قوغلىشىۋاتىدۇ.
قوشنىسى دۇدۇقلاپ، زۇۋان سۈرەلمەپتۇ.

## قورقماسلىقنىڭ سەۋەبى

گەۋدىلىك كەلگەن، نوچى سۈپەت بىر يىگىت ئولتۇ-رۇشتا ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، ئاياللىرىڭىزدىن قورقامسىز - قورقمامسىز؟
— قورقمايمەن! — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا. يىگىت ئىشەنمەپتۇ:
— مۇشۇ بەستىم بىلەن مەن ئايالىمدىن قورقىمەنۇ، سىز قورقمامسىزا!
ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:
— چۈنكى، مەن ئايالىم نېمە دېسە «ماقۇل» دەيمەن ئەمەسمۇ!

## ئىككى خىل مەسىلىك

بېخىلراق بىر ئاغىنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— هاراق ئىچكەندە مەن قانداقراق مەست بولىدىكەنمەن؟
— باشقىلارنىڭ پۇلىغا ئىچسىڭىز، خۇشال كەيپ بولىدىكەنسىز، ئۆزىڭىزنىڭ پۇلىغا ئىچىپ قالسىڭىز، ئوسال كەيپ بولىدىكەنسىز، — دەپتۇ ھېسام.

## تاڭ ئاتقاندا

ئەمدىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ھېسامنى ئايالى تۈرتۈپ ئويغىتىپتۇ:
— ئىشكنى ئىلغانمىدىڭىز؟
— ئۇيقۇنى بۇزمىساڭچۇ، — دەپتۇ ھېسام كۆزلىرىنى

ئاچمايلا، — تاڭ ئاتقاندا ئىلىنۇپتەرمىز.

## ياندۇرۇش

زىياپەتتە ھېسامنىڭ خېلىلا ئىچىپ قويۇۋاتقىنىنى كۆرگەن بىر يىگىت قىزىقىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، سىزمۇ ياندۇرامسىز؟
— ياقەي، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — بىكارغا بەرگەن نەرسىنى زادىلا ياندۇرمايمەن.

## قانداق كىشى

بىرى ھېسامدىن ئۇنىڭ قوشنىسى ھەققىدە سوراپ قاپتۇ:
— قوشنىڭىز قانداقراق كىشى؟
— قانداق كىشى بولاتتى، — دەپتۇ ھېسام، — يەرگە بىر تىيىن چۈشۈپ كەتسە، بىر سقىم توپا بىلەن قوشۇپ سقىمداپ ئالىدىغان كىشى.

## ھازىرلا بېرىۋېتىڭ

مەلۇم بىر كىنو سۇرەتكە ئېلىنىۋاتقاندا، رېژىسسور ھېسامنى رولغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان پېرسوناژنىڭ رولىنى ئېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ھېسام رېژىسسورنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇ ـ دە، ئالدىراپ سوراپتۇ:
— ئوق تېگىپ يىقىلغاندىن كېيىن دەررۇ تۇرۇپ كېتەمەنمۇ ياكى شۇ ياتقانچە يېتىۋېرىمەنمۇ؟
— ئەلۋەتتە يېتىۋېرىسىز، — دەپتۇ رېژىسسور.
— ئەمىسە، — دەپتۇ ھېسام، — ئاخىرەتلىكىمنى ھازىرلا بېرىۋېتىڭ، ئۇششاق بالىلىق ئادەممەن.

## تەجرىبە توغۇشتۇرۇش

ھېسامنى ئىسكىرىپكىغا ئۇستا، دەپ ئاڭلىغان بىر ساز ھەۋەسكارى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىز ئىسكىرىپكىنى قانداق ئۆگەنگەن؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۈچ قوشنىنى كۆچۈرۈپ.


## ئىشتاننىمۇ تەتۈر كىيىۋالىمەن

ھېسام بالنىتسىدا ياتقاندا، ئوكۇلنى تولىمۇ قوپال ئۇرىدىغان سېستىرا نۆۋەتتىكى ئوكۇلنى ئۇرغىلى كىرگەندە ھېسامنىڭ ئۇستۈېشىغا قاراپ كۇلۇۋېتىپتۇ ۋە:

— ھېسامكا، كۆڭلەكنى تەتۈر كىيىۋاپسىزغۇ؟ — دەپتۇ.

ھېسام دەررۇ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئەگەر ئوكۇلنى يەنە ئەتىگەنكىدەك ئۇرىدىغان بولسىڭىز، كەچتە ئىشتاننىمۇ تەتۈر كىيىۋالىمەن.



## مۇھەم نۇقتا

ھېسام ئۆي ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئىدارە باشلىقى خىزمەتچىلەردىن سىناق ئېلىپ، نۆۋەت ھېسامغا كەلگەندە:

— ھېسامىدىن، نۆۋەتتە ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىسى قايسى؟ — دەپ سوراپتۇ. ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— بىر ئېغىز ئۆي تېپىش، — دەپتۇ.

## ئىشىنىدىم...

پاينەكۋاش بىر كىشى ئولتۇرۇشتا ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن چىرقىراپ سۆزلەپ ھەممىنىڭ پەيزىنى قاچۇرۇپتۇ. ئىچى پۇشقان ھېسام بىر چاغدا سوراپتۇ:

— ئۇنىڭىز ئەجەبمۇ ساز ئىكەنا؟

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى چاقچاق قىلىپ، — ئۆزىمىز سازلىقتا تۇغۇلغان ئەمەسمۇ.

— راست، — دەپتۇ ھېسام، — شۇڭلاشقا بېشىڭىزنى پاقا يالاپ كەتكەنىكەن ـ دە !

## ئۇنداق بولسا...

ھېسام بىر ماگىزىنغا كىرسە چالغۇ ئەسۋابلىرى ساتىدىغان پوكەيدىكى، مال ساتقۇچى بىر گىتارنى تولىمۇ قوپاللىق بىلەن چېلىپ ئولتۇرغانىكەن، بۇنى كۆرگەن ھېسام:

— ساتىدىغان مالنى قالايمىقان چالسىڭىز بۇزۇلمامدۇ؟ —

دەپتىكەن، قوشنا پوكەيدىكى كىيىم ساتىدىغان مال ساتقۇچى كەسىپدىشىغا بولۇشۇپ:

— چاتىقىڭىز نىمە، قانداق قىلساق ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى، — دەپ كايىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا رەنجىمەڭ، — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا، — مېنى دېسىڭىز سىزمۇ پوكەيدىكى ئىشتاندىن بىرنى كىيىۋېلىڭ.

## غەلىتە ئىش

ئېشەك لەقەملىك بىر كىشى كوچىدا ھېسامغا يولۇقۇپ قاپتۇ ـ دە، ئالاقزادىلىك بىلەن سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، ئېشەك كۆردىڭىزمۇ؟

— توۋا! — دەپتۇ ھېسام جاۋاب ئورنىغا كۈلۈپ. ئېشەك يوقاتقان كىشى ھەيران بولۇپ:

— نىمە، مېنىڭ ئېشەك ئىزدىگىنىم غەلىتە ئىشمۇ؟

— غەلىتە ئىش ئەمەس، — دەپتۇ ھېسام، — بىراق، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز ئىزدەپ يۈرگىنىڭىز غەلىتە ئىش ـ دە!

## ئۇزۇن چاقچاق

بىر ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى قىزىقچى ھېسابلايدىغان ياش يىگىت ھەدېسە ھېسامغا چاقچاق قىلىپ، بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىپتۇ. ھېسام ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن، مەنىسىز چاقچىقىنى تۈگەل ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىگىتكە دەپتۇ:

— قالتىس چاقچاق قىلىدىكەنسىز، ئۇكا، بۇنداق ئۇزۇن چاقچاقتا بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئاياللار كىر يايىدۇ.

## پۇلنىڭ خىسلىتى

ھېسامنىڭ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان قوشنىسى پاراڭدىن ـ پاراڭ چىقىپ سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، پۇل ئادەمگە دۈشمەنمۇ ياكى دوستمۇ؟

— پۇل پىخسىق ئادەمگە دۈشمەن، مەرد ئادەمگە دوست.

## سىزنىڭمۇ چىقىدۇ...

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، ئىسمى گېزىتكە چىقىدىغان ئادەملەر قانداق ئادەملەردۇ؟ بىزنىڭمۇ ئىسمىمىز ئۆمرىمىزدە بىرەر قېتىم گېزىتكە چىقارمۇ؟

— غەم قىلماڭ، — دەپتۇ ھېسام كۆيۈنۈپ، — مەن دېگەندەك قىلسىڭىز، ئىسمىڭىز گېزىتكە چىقىدۇ.

— قانداق قىلسام؟ — قوشنىسى جانلىنىپ سوراپتۇ. ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— جاي خېتىڭىزنى يىتتۈرۈۋەتسىڭىز.

## خاتىرجەم بول

ھېسام كىچىك ۋاقتىدا ئاپىسى بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇپتۇ:

— بالام، قۇشقاچ بالىسى تۇتىدىغان باللار بىلەن بىللە دەرەخكە چىقما جۇمۇ !

— خاتىرجەم بول، ئاپا، — دەپتۇ ھېسام بەخىرامان، — ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەن چىقىپ چۈشكەندىن كېيىن چىقىدۇ !

## تامغا يۆلىنىۋالساڭ...

زادىلا هاراق ئىچىپ باقمىغان بىر يىگىت ھېسامىدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، هاراق ئادەمنى تۇتىدۇ، تۇتىدۇلا دەيدۇ، تۇتۇۋالسا قانداق قىلىدۇ؟

ھېسام دەپتۇ:

— مەن تالاي سىناپ باققان، تامغا يۆلىنىۋالساڭ، ھېچنېمە قىلالمايدۇ!

## ۋېلسىپىتىنىڭ بەلگىسى

بىر كۈنى ھېسام ۋېلسىپىتىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ساقچىلار ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ۋېلسىپىتىڭىزنىڭ بەلگىسى بارمىدى؟

— ۋاھ، بولمامدىغان، — دەپتۇ ھېسام.

— قانداق بەلگىسى بار ئىدى؟

— ئېنىق ئىككى بەلگىسى بار ئىدى، — دەپتۇ ھېسام— بىرىنچىسى قۇلۇپى بار، ئىككىنچىسى، نومۇر ئۇرۇلمىغان.

## چۆچۈرىخانىغا كىرىپ قايتىمىز —دە

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسى يېڭى ئېچىلغان بىر ئاشخانىنى ماختاپ، ئۇنى باشلاپ كىرىپتۇ. مانتىلارنىڭ ئالدىنقى قېتىمدىن خېلىلا كىچىكلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاغىنىسى ھېسامدىن خىجالەت بولۇپ:

— ئۇستام، قاسقانغا تىزغانلىرىڭىز چۆچۈرىدەكلا مانتىلارغۇ؟ — دەپتۇ مانتىپەزگە.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دەپتۇ ھېسام چاندۇرمىغاندەك قىد-لىپ، — ئۆزىمىز مانتا يەيمىز دەپ، چۆچۈرىخانىغا كىرىپ قالـ-دۇقمۇ يا.

## توغرا جاۋاب

تېببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھې-سامدىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچى سوراپتۇ:

— ئوپېراتسىيە پىچىقى كېسەلنىڭ يۈرىكىگە يەتكۈچە قانداق ئىشلار بولىدۇ؟

ھېسام چاقماقتەك جاۋاب بېرىپتۇ:

— كېسەل ئۇ ئالەمگە، دوختۇر تۈرمىگە ماڭىدۇ.

## خەسىسنىڭ يىغىسى

بىر سازەندە ھېسامغا ماختىنىپ بېرىپتۇ:

— قەيەردىن كۈن چىقتى، ئاخشام پالانى خەسىس مېھمان چا-قىرىپتىكەن، بېرىپ ئىلگىرى - كېيىن چېلىپتىكەنمەن، ھېلىقى خەسىسمۇ يىغلىۋەتتى دەڭا...

— ئەخمەق بولماڭ، — دەپتۇ ھېسام سازەندىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئۇ خەسىس سىزنىڭ سازىڭىزغا ئەمەس، چىققان چىد-قىمغا يىغلىغان گەپ!

## ئازدىن باشلىنىدۇ

ھېسام مەكتەپكە بېرىپ ھەدىگەندىلا تاپشۇرۇقتىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قاپتۇ.

— بالام، بىسمىللاسىغىلا ئاز نومۇر ئالغىنىڭ نېمىسى؟ —

دەپتۇ ھېسامنىڭ دادىسى تاپشۇرۇق دەپتەرنى ۋاراقلاۋېتىپ. ھې-سام كۆزلىرىنى مىت قىلماي دەرھال گەپ قايتۇرۇپتۇ:

— دادا، ئۆزىڭىز دائىم «ھەرقانداق ئىش ئاز - ئازدىن باش-لىنىدۇ» دەيتتىڭىزغۇ!

## ئۆلەتتىمغۇ، بىراق...

ھېسام ساياھەتتىن قايتىپ كېلىپ قولۇم - قوشنىلىرىغا پو ئېتىپ بېرىپتۇ:

— بىر كۈنى دېڭىزدا ئۈزۈۋاتسام، مېنى كىت يۇتۇۋەتتى...

ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئىشەنمەپتۇ:

— قويۇڭا، ھېسامكا، كىت يۇتۇۋەتسە، ئۆلمەمسىز، — دەپتۇ بىرەيلەن بېشىنى چايقاپ. ھېسام گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ئۆلەتتىمغۇ، بىراق كىت چىرايىمدىن سەسكىنىپ دەر-ھال ياندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامان قالدىم.

## ياشاپ كەت

ھېسامنىڭ بالىسى ئىمتىھان قەغىزىنى ئەكېلىپ كۆرسەت-كەنىكەن، بالىسىنىڭ ئوتتۇز نومۇر ئالغىنىنى كۆرگەن ھېسام دەپتۇ:

— ياشاپ كەت، ئوغلۇم، داداڭ كوممۇنىدا ئون نەچچە يىل ئىشلەپمۇ ئون نومۇر ئالالمىغان، سەن تۇنۇگۈن مەكتەپكە كې-رىپ، بۈگۈن ئوتتۇز نومۇر ئاپسەن!

## ياقىلىق

كىچىككىنە تۇرۇپ بۇرۇت قويۇۋالغان بىر بالىدىن ھېسام

سوراپتۇ:



— ئۇكام، بۇرنىڭىز مۇزلامدۇ، نېمە؟ — ياقەي، قانداق؟ — بالا ھەيران بوپتۇ. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— بۇرنىڭىزنىڭ تېگىگە ياقىلىق تارتىۋالغىنىڭىزغا قاراپ دېگىنىم - دە!

## سىزنى يوقلاپ بېرىۋىدىم

بىمەنە بىر ئادەم مەلۇم سورۇندا ھېسامنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامكا، سىزنى ئۆتكەن ھەپتە بىرى تۇرمە تەرەپتە كۆردۇم دەيدۇ، نېمىگە بارغانتىڭىز؟

ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزنى يانچۇقچىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ بارغانىدىم.

## كۆن كۆرۈش

مېڭىشقىمۇ ئېرىنىدىغان بىر مەھەللىدىشىدىن ھېسام ئەھۋال سوراپتۇ:

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

— ياخشى، ھەرھالدا ئوبدان كۈن كۆرۈۋاتىمىز، — دەپتۇ مەھەللىدىشى جاۋابەن. ھېسام باش چايقاپ دەپتۇ:

— ھەيتاڭ، مېنىڭچە كونىنى تازا ئوبدان كۆرەلمەيۋاتىسىز-غۇ دەيمەن؟

— قانداق دەيسىز؟ — مەھەللىدىشى ئەجەبلىنىپتۇ. ھېسام:

— چۈنكى، ھەر كونى چۈشكىچە ئۇخلايسىز ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

## ھېلىمۇ ئىچىدۇ

بىرى بىر سورۇندا ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېلىقى ئىچەرمەن قوشنىڭىز يەنە ئىچىپ يۈرەمدۇ، قانداق؟

— ئىچىپ يۈرىدۇ، — دەپتۇ ھېسام. سوئال سورىغۇچى ئەجەبلىنىپتۇ:

— نېمە؟ ئۇ كېسەلنى ھاراقتىن تاپتىم، ئەمدى ئۆلسەممۇ ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچمىۋىدىغۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ھېسام، — ئاغرىپ قالسا قەسەم ئىچىدۇ، ساقىيىپ قالسا ھاراق.

## چاقچاقنىڭ نەرخى

ئۆتكى قارا بىر كىشى ھېسامنى گەپتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامكا، بەزىلەر سىزنى چاقچاق بىلەن جان باقىدۇ دەيدۇ، بازىرى قانداقراق؟

— بازىرى يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ كەلتۈرۈپ، — سەرخىل چاقچاقلىرىمىزنىڭ بازىرى ئىتتىك، بىراق ئۆزىڭىزدەك قارىداپ كەتكەنلىرىنىڭ بازىرى كاسات.

## ھېسداشلىق

ئانچە ـ مۇنچە بىرنېمە يازىدىغان بىرى خەقلەرنىڭ ئالدىدا ماختىنىپتۇ:

— بىر ئايدا بەش پوۋېست يازدىم.

— قويۇڭا، — دەپتۇ باشقىلار گۇمانلىنىپ، — بىر ئايدا قانداقمۇ بەش پوۋېست يازغىلى بولسۇن !

باياتىن جىم تۇرغان ھېسام يازارمەنگە بولۇشقاندەك گەپ قىستۇرۇپتۇ:

— ماۋزۇسىنى يازىدۇ ـدە !

## ئۇنتۇپ قالىدىكەن

مەھەللىنىڭ بىر مۇتتۇرى بىر كۈنى ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامدىن، ئاڭلىسام ساڭا ئاغىنىلىرىڭلا پۇل خەجلەيدىكەن، سەن نېمىشقا خەجلىمەيسەن؟

ھېسام شۇئان جاۋاب بېرىپتۇ:

— تەقسىر، ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئادەم دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالسا، پۇل خەجلەشنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن.

## پەرھادنىڭ تاغقا قېچىشى

تولىمۇ سەت بىر قىزدىن ھېسام سوراپتۇ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— شېرىن، — دەپتۇ قىز نازلىنىپ.

— ياﺋاللا، — دەپتۇ ھېسام، — پەرھادنىڭ تاغقا قېچىپ كەتكىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە.

## كۆزۈمگە كىرىپ كەتمىسۇن دەپ...

ۋالاقتەگكۇرلۇكتە جۇپتى تېپىلماس، قۇرۇق گەپ بار يەردە ئاغزى بېسىلماس بىرى، بىر ئولتۇرۇشتا مېھمانلارنىڭ بىرەر ئىبغىز سۆزلىشىگە پۇرسەت بەرمەي ۋاتىلداۋېرىپتۇ. بۇنىڭدىن بىزار بولغان ھېسام كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان ۋالاقتەگكۇر:

— ھېسامكا، شۇنچە گەپلەرنى قىلىپ بېرىۋاتسام كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىسى بولاتتى، ئۇكام، — دەپتۇ ھېسام، — گېپىڭىزنىڭ كېپىكى كۆزۈمگە كىرىپ كەتمىسۇن، دەپ كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

## مۇشۇمۇ قويمۇ

مال بازىرىدا ھېسام ئورۇقلۇقىدىن ئارانلا يەر دەسسەپ تۇرغان قوينى تۇتۇپ تۇرغان ساتارمەننىڭ ئالدىغا كەپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— مۇشۇنىمۇ قوي دەپ ساتامسىزا ؟

— قوي بولماي نېمكەن بۇ؟ — دەپتۇ ساتارمەن تېرىكىپ. ھېسام تەمتىرىمەي گېپىنى ئىزاھلاپتۇ:

— بۇنىڭ نەرى قويغا ئوخشىسۇن، تېرە يېپىپ كەلگەن ئۇستىخانغۇ بۇ؟

## ياخشى سوراپ قالدىڭىز

ھېسام كوممۇنىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئەترەت باش-

لىقى ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئېتىبارغا ئالماستىن، شالنىڭ قىد-رىنى سوقۇشقا بۇيرۇپتۇ. بىر چاغدا ئېتىز ئارىلاپ يۈرگەن كوممۇنا شۇجىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، سوراپتۇ:

— ھېسامكا، بىر كۈندە شال قىرىدىن نەچچىلىك سوقالاي-دىكەنسىز؟

— بۇنى ياخشى سوراپ قالدىڭىز، شۇجى، — دەپتۇ ھېسام ئەترەت باشلىقىغا قارىۋېلىپ، — باشقىلار بىر كۈندە سوققان قىرنى مەن ئۈچ كۈندە ئايلىنىپ بولىدىكەنمەن.

## بىز چىقمىساق...

ھېسام قار يېغىپ
توختىغان ھامان ئۆگزىگە
چىقىپ قار ئادالايدىكەن.
بۇنى كۆرگەن بىر ھۆرۈن
قوشنىسى ھېسامدىن
سوراپتۇ:

— ھېسامكا، ھەدې-
سىلا ئۆگزىگە چىقىدىكەن-
سىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ
ھېسام، — بىز چىقمىساق،
ئۆگزە چۈشىدۇ ئەمەسمۇ؟



## كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋېتىڭىز

ھېسام بالا ۋاقتىدا تالادا ئويناپ - ئويناپ كىرىپلا مومى-

سىغا نان دەيدىكەن. مومىسى بەرگەن نانغا تويمىغان ھېسام بىر كۈنى كۆزەينەك تاقىۋالغان مومىسىدىن سوراپتۇ:

— موما، كۆزەينىكىڭىز چوك كۆرسىتەمدۇ ياكى كىچىكمۇ؟

— چوڭ كۆرسىتىدۇ، — دەپتۇ مومىسى.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ھېسام، — ماڭا نان بېرىدىغان چاغدا كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋەتسىڭىز.

## ئاۋارە بولماستىن...

دائىم ھاراق ئىچىپ پاتقاقتا مىلىنىپلا يۈرىدىغان بىر رەسسام ھېسامغا دەپتۇ:

— ئاڭلىسام، شەھەردە ھەجۋىي رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئېچىلغۇدەك، مەن قانداق رەسىم سىزسام بولار؟

— مېنىڭچە، — دەپتۇ ھېسام رەسسامنىڭ مەست تۇرقى ۋە بۇلغانغان ئەڭلىگە قاراپ، — رەسىم سىزىمەن، دەپ ئاۋارە بولماستىن، مۇشۇ تۇرقىڭىز بىلەنلا كۆرگەزمىگە ئۆزىڭىز بېرىپ تۇرسىڭىز ياخشى بولارمىكىن!

## ساقايغۇچە تۇرىمىز

كەلمىدىڭلار، دەپ ھالى قالمىغان بىر بۇرادىرىنىڭكىگە ھېسام ئىككى ئاغىنىسى بىلەن بېرىپ ئىككى - ئۈچ كۈن مېھمان بولغانىكەن، چىدىيالمىغان ساھىبخانا ئاچچىقىدا تېرىموسنى چېقىۋېلىپ، پۇتىنى كۆيدۈرۈۋاپتۇ.

— ھېسامكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ بىللە چىققان ئاغىنىلەردىن بىرى.

— قانداق قىلاتتۇق، — دەپتۇ ھېسام خاتىرجەملىك بىلەن، —

ساھىبخانا ساقايغۇچە تۇرىمىز !

## توكنىڭ ھوقۇقى

ھوقۇقشۇناسلىق دەرسى ئۆتىدىغان بىر مۇئەللىم ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، توكقا نېمە بولغان، ھېلى كېلىپ، ھېلى كېتىپ ئادەمنى بىزار قىلىدىغۇ؟

— قىزىقكەنسىز، — دەپتۇ ھېسام، — توكنىڭمۇ خالىسا كېلىپ، خالىسا كېتىدىغان ھوقۇقى بولىدۇ ـ دە !

## يېقىنلىرىنى ئاياىدۇ

ھېسام ئاغىنىسى بىلەن كېتىپ بارسا، يان ھويلىدىن بىر ئىت چىقىپ ھېسامغا قاۋاپ كېتىپتۇ.

— ھېسام، بۇ ئىت نېمىشقا ماڭا قاۋىماي ساڭىلا قاۋايدۇ؟ — دەپ چاقچاق قىپتۇ ئاغىنىسى.

— كۆڭلى يېقىنلىرىنى ئاياىدۇ ـدە ! — دەپتۇ ھېسام.

## ئەندىشە

بىر ئولتۇرۇشتا ھېسام «زۇكام بولۇپ قالدىم» دەپ ھاراق ئىچكىلى ئۇنىمىغانىكەن، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا:

— ھاراق زۇكامنى كېسىدۇ، ئىچىۋەر، — دەپ زورلاپتۇ.

— ھەببەللى، مەنمۇ شۇ ھاراقنىڭ بىر زۇكامنى كېسىپ ئىككى قىلىۋېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن، — دەپتۇ ھېسام.

## ھېسامنىڭ قېچىشى



ماشىنا شوپۇرى
بىلەن جېدەللىشىۋاتقان
رېمونتچى كوچىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھې-
سامنى تۇتۇۋاپتۇ:
— ھېسامكا، سىز
ئادىل ئادەمغۇ، مونۇ
ئوررەككە گەپ قىلىڭا،
ناسوسۇمدا ماشىنا چا-
قىغا يەل ئۇرۇۋېلىپ،
پۇل بەر دېسەم ئۇنى-
مايۋاتىدۇ...

رېمونتچىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا ھېسام قېچىپتۇ.

— ھېسامكا، نېمە بولدى، نېمىشقا قاچىسىز؟ — رېمونتچى ئەجەبلىنىپ ۋارقىراپتۇ. ھېسام يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھاۋانى ساتىدىغان يەردىن قاچىمىسام، مەنمۇ پۇل تۆلەپ قالمايمەنمۇ!

## ياخشى جاۋاب

كېچىدە قايتقان ھېسامنى ئىككى نەرسە توسۇۋاپتۇ:

— مېلىڭغا تۇرامسەن، جېنىڭغىمۇ؟

— جېنىمغا، — دەپتۇ ھېسام.

— ئەمىسە ئېيتە، پۇلۇڭ قەيەردە؟

ھېسام دەپتۇ:
— پۇل بەرسەڭلار دەپ بېرىمەن.

## نان بىلەن ئىچتىم ـ دە

ھېسام قاتنىشىپ يۈرگەن سەنئەت ئۆمىكى سەپەردە بىر ئۆـ تەڭدە توختاپ دەم ئالغاندا، ئۆمەك باشلىقى:
— ھەممىڭلار تارقىلىپ ئۆز پۇلۇڭلارغا تاماق يەڭلار، قايـ تىپ كەلگەندە نېمە يېگىنىڭلارنى مەلۇم قىلىپ، لايىقىدا پۇلىنى ئالىسىلەر، — دەپتۇ.
— ھېسامكا، سىز نېمە يېدىڭىز؟ — باشلىق ئاپتوبۇس قوزغالغاندا بىر ـ بىرلەپ سوراپ تۇرۇپ ئارتىسلارغا پۇل تارقىـ تىۋېتىپ، نۆۋىتىدە ھېسامدىنمۇ سوراپتۇ.
— قېتىق ئىچتىم، — دەپتۇ ھېسام ئويلانمايلا راستىنى ئېيتىپ.
— كەچۈرسىز، — دەپتۇ باشلىق ئەتەي، — قېتىق تاماق ھېسابلانمايدۇ، دېمەك، سىزگە تاماق پۇلى بېرىلمەيدۇ.
— توختاپ تۇرە، ئۇكاۋۋوي، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ، — مەن دېگەن قېتىقنى نان بىلەن ئىچتىم ئەمەسمۇ.

## خالىغىنىنى يەيدۇ

ھېسام ھويلىسىدا بەش ـ ئالتە قوي بېقىپتىكەن، تېجىمەل قوشنىسى كۆندىلا كىرىپ: «قويلىرىڭىزنى نېمە بېرىپ باقىـ سىز؟» دەپ سورايدىكەن. ھېسام نېمە بېرىپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتىسىمۇ ئىشەنمەستىن بېشىنى چايقاپ:
— ئۇنى بەرسىڭىز قانداق بولىدۇ، زىيان قىلمامدۇ؟ — دەيدىكەن.

تېجىمەل قوشنىسى بىر كۆنى يەنە:

— ھېسام، قويلارنى نېمە بېرىپ بېقىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمە بەرمەيمەن، — دەپتۇ ھېسام بۇ قېتىم دەرھال، — ھەر كۆنى بىر قويغا ئون سوم پۇللا بېرىمەن، بازارغا چىقىپ ئۆزلىرى خالىغان نېمىنى سېتىۋېلىپ يەيدۇ.

## بوياش

ياپياش تۇرۇپ چېچى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قېرىغاندا چېچىڭنى قارىغا بويىۋاپسىنا؟

— بەللى، — دەپتۇ ھېسام مەڭدىمەي، — ياش تۇرۇپ سەن ئاققا بوياپسەن، قېرى بولساقمۇ بىز قارىغا بويىدۇق، بولماپتىمۇ؟

## چەككۈچ

ھېسام توخۇ لەقەملىك ئاغىنىسىدىن سوراپتۇ:

— توي قىلاي دەۋاتىمەن، تويۇمغا نېمە سوۋغات ئەكېلىسەن؟

— بىر چەككۈچ ئەكېلەيمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ ئاغىنىسى، — كېيىن خوتۇنۇڭ نان ياققاندا ئەسقاتىدۇ.

— تازا بېخىل نېمىكەنسەن، — دەپتۇ ھېسام، — پۇل خەجلىمەيمەن، دەپ قۇيرۇقۇڭنى يۇلۇپ بولىدىكەنسەن - دە !

## مېڭىشنى ئۆگىنىش

ھېسام تۇرىدىغان كوچىدا بىر ياش بالا كۆندىلا كەچقۇرۇنلۇقى مەھەللىگە مەست قايتىپ، كوچىنىڭ ھەممە يېرىنى تەڭ

دەسسەپ ماڭىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ يەنە شۇ تۇرقىدا ھېسامغا دۇچ كېلىپ قاپتۇ.

— ھېسامكا، بىر ئوخشىتىپ باقە، مەن مەست بولسام، قانداق ماڭىدىكەنمەن؟

— ئۆزۈڭ ئوقۇغان يېڭى يېزىقنىڭ يازمىچىسىدەك ماڭىدىكەنسەن، — دەپتۇ ھېسام دەرمەھەل.

## «خەپ»نىڭ يەشمىسى

ھېسام بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ مانتا يەپتۇ، مانتىنىڭ ئىچى غىچلا پىياز ئىكەن، ئاچچىقىدا «خەپ» دەپتىكەن، يېنىدىلا تۇرغان ئاشپەز گۈلىيىپتۇ:

— خەپ دەيسەنغۇ، نىمە بوپتۇ؟

— خەپ دەيمەن ـ دە، — دەپتۇ ھېسام چاندۇرماي، — بىر كىلو گۆش ئەكىلىپ بەرسەم، ئايالىم «بىر كىلو گۆشتىمۇ مانتا بولامدۇ !» دەپ ئۇرۇشۇۋىدى، مانا پىيازدىمۇ بىر ئوبدان مانتا بولىدىكەنغۇ، كاززاپلىقىنى قاراڭ، خەپ !

## تېلېۋىزور كۆرمىگەنلەر

ھېسام ئىشلەۋاتقان ئۆمەك مەلۇم ناھىيىگە كەلگەندە، قاتناش ساقچىلىرى رەسمىيىتى تولۇق ئەمەسكەن دەپ، شوپۇرنىڭ پراۋىسىنى تارتىۋاپتۇ. ئۆمەك باشلىقى زادى ئامال قىلالماي: «سىزنى ھەممە ئادەم تونۇيدۇ، سىز سۆزلىشىپ بېقىڭا» دەپ ھېسامنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ.

— ياخشىمۇسىلەر، ئۇكا، — ھېسام ئىشەنچلىك ھالدا ساقچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، — بىز كېلىپ قالغان...

— ئۆتەۋۇي، سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇدەك كىمتىڭ؟ ! — دەپ بىر ساقچى قوپاللىق بىلەن ھىسامنى چەتكە ئىتتىرىپتۇ.

ھەپسىلىسى پىر بولغان ھىسام نېرى ئۆتۈپ غودۇڭشىپتۇ:

— تازا تېلېۋىزور كۆرمىگەن ئاداشلارمۇ نېمە، بۇ !

## ھەق تەگمىگەن يەر

ھىسام ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن مەزگىلدە چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان بىر بېخىل چېچىنى ئالدۇرۇپ بولۇپ، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا:

— چېچىم شالاڭ، شۇڭا ئاز ھەق تۆلەيمەن، — دەپ تۇ-رۇۋالىدىكەن.

بىر كۈنى يەنە شۇ ئادەم چاچ ئالدۇرغىلى كىرىپتۇ. ھىسام ئۇنىڭ چېچىنىڭ قىلىن يەرلىرىنى چۈشۈرۈپ، شالاڭ يەرلىرىگە تەگمەي بولدى قىپتۇ. بۇنىڭدىن رەنجىگەن بېخىل ھى-سامدىن سەۋەبىنى سو-رىغانىكەن، ھىسام:



— ھازىر ھەممە ئادەم ھەق تېگىدىغان يەرگە ئىشلەيدۇ، سىلى-نىڭ شالاڭ چاچلىرىدىن ماڭا ھەق تەگمىسە، مەن ئۇنىڭغا ئىش-لەيتتىممۇ؟ — دەپتۇ.

## پىيادە كېتىۋېرىمەن

يىراق سەپەردىن قايتقان ھېسام بېكەتتە ھارۋىكەش بىلەن سودىلىشىپتۇ.

— ئۆزىڭىزدىن پۇل ئالىمەن، — دەپتۇ ھارۋىكەش، — تو-نۇشلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ، يۈك - تاقىڭىزدىن پۇل ئالماي-مەن، قانداق؟

— تولا ئوبدان بولدى، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمىسە، ئۇكا، يۈكۈمنى ئېلىپ مېڭىۋەر، ئۆزۈم پىيادە كېتىۋېرەي.

## ئېلىشىمىگەن چاقچاقلا...

ئۆزىنى قالتىس چاقچاقچى چاغلايدىغان يىگىت ھېسامنى دوراپ سورۇندىكىلەرنى سۆۋارى ئوخشىتىپ چىقىمەن دېگەنىكەن، ھېچكىم كۈلمەپتۇ. بىرپەس قاراپ تۇرغان ھېسام ئاخىر يىگىتكە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— بولدى، ئۇكا، يىپنى زايە قىلما، ياپتىسىغا تىكىۋاتىسەن.

## مەن ئاچالمىغان يەردە...

ھېسام قۇلۇپ ياساپ سېتىپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر خېرىدار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، ياسىغان قۇلۇپىڭىز قانداقراق، ئوغرى ئېچىۋېتەلمەس - ھە؟

— خاتىرجەم ئېلىۋېرىڭ، — دەپتۇ ھېسام، — گاھىدا ئۆزۈممۇ ئاچقۇچ سېلىپ ئاچالمايدىغان تۇرسام، ئوغرى قانداق ئاچالسۇن !

## دىئاگنوز

ھېسام مىجەزى يوق دوختۇرخانىغا بېرىپ نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، دوختۇر ئالدىدىكى بىمار ئايالنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بولۇپ، دورا يېزىشقا باشلاپتۇ:

— چوڭ ئانا، نەچچە ياشقا كەلدىڭىز؟

— ئوتتۇز ئىككىگە.

دوختۇر ئەجەبلىنىپ ھېسامغا قاراپتۇ:

— ھېسامكا، بۇنى قانداق يازىمىز؟

ھېسام دەررۇ مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— خاتىرىسىنى يوقاتقان دەپ يازمامسىز.

## سەمرىشنىڭ ئامالى

چوكىدەك ئىنچىكە بىر يىگىت سورۇندا ھېسامدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— قارا، ھېسامكا، تاماقنىمۇ تازا يەيمەن، ئۇيقۇمۇ ياخشى، بىراق زادىلا سەمرىمەيۋاتىمەن، قانداق قىلسام بولار؟

ھېسام ئەستايىدىللىق بىلەن مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— چارىسى بار، ئەڭ ياخشىسى، خېمىرتۇرۇچ يەپ، يوتقانغا يۆگىنىپ يات.

## ھېسامنىڭ ماختىنىشى

بىر سورۇندا مەھەللىنىڭ چاقچاقچى يىگىتلىرى ھەرقانچە بىرلىشىپمۇ ھېسامغا تەڭ كېلەلمەپتۇ.

— ھېسامكا، بۈگۈن بۆلەكچىلىغۇسەن، — دەپتۇ بىر

چاقچاقچى، — زادىلا يانمايسىنا؟

— ھەرقايسىڭ بوگون ئاكاڭغا يېقىن كېلىشمە، — دەپتۇ شۇ چاغدا ھېسام، — بوگون ئاكاڭ گاۋياشيەن،[1] ھەرقاندىقىڭ تۇتساڭ قاتىسەن.

## يېڭىچە ئوخشىتىش

توخۇ لەقەملىك بىر بۇرادىرى ئولتۇرۇشتا ھېسامغا:

— خېلى بولدى مېنى ئوخشاتمىغىنىڭغا، قېنى ئاۋۇ تەخسىدىكى گۆشۇمدىن بىر چوكا ئېلىپ تۇرۇپ، يېڭىياچە ئوخشىتىپ باقە ! — دەپتۇ توخۇ قورۇمىسىنى كۆرسىتىپ.

— توۋا دەيمەن، — دەپتۇ ھېسام دەرھاللا، — ئاداش، سەن ھېچكىم يېمىگەن نېمىلەرنى يەيدىكەنسەن، سېنى بولسا ھەممە ئادەم يەيدىكەن.

## بىر تەس ئىكەن

بىر كۈنى ھېسام مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ئىشتىنىنى كىيمەكچى بولۇپ بىر پۇچقىقىنى ساپقانىكەن، ئىشتىنى ھۆل تېنىگە چاپلىشىپ قالغاچقا، يەرگە يىقىلىپ چۇشۇپ پېشانىسىنى يېرىۋاپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ئايالى تەنە قىلىشقا باشلاپتۇ:

— سىز كەتكىلى نەۋاخ، مۇنچىغا كىرمەك شۇنچە تەسمىكەن؟

— يوقسۇ، خوتۇن، مۇنچىغا كىرمەك ئانچە تەس ئەمەسكەن، بىراق مۇنچىدىن چىقىپ ئىشتان كىيمەك بەك تەس ئىكەن، — دەپتۇ ھېسام.

---

① گاۋياشيەن — (خەنزۇچە) يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى.

## نومۇر سېلىپ قويغاچقا...

بىر ئولتۇرۇشتا بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، سىز ئارقا ـ ئارقىدىن چاقچاق قىلىسىڭىزمۇ زادىلا ئازمايدىكەنسىز، مەن بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلساملا ئېزىپ كېتىدىكەنمەن، نېمە ئۈچۈن؟
— ھەي بۇرادەر، شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ، مەن چاقچاقلىرىمغا نومۇر سېلىپ قويىمەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ھېسام.

## مۇزدەك پىۋا

دوقمۇشتىكى پىۋىچىنىڭ ساختىلىقىدىن ھېسامنىڭ ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنىكەن. تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىرنەچچە ياش بالىلار پارچە پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئارىدىن بىرى پىۋىچىغا مۇراجىئەت قىپتۇ:
— ئۇستام، پىۋىڭىز ئىسسىپ كېتىپتىغۇ؟
نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرغان پىۋىچىغا يېقىن يەردە ئولتۇرغان ھېسام بولۇشۇپ دەپتۇ:
— بىردەمدىلا ئىسسىپ كېتىپتىمۇ؟ بۇ ئۇستام تېخى بايىلا چوڭ توڭغا تورۇبىنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن ئىككى چېلەك قۇيغانتىغۇ!

## سەۋەرلىك ئايقۇر

ھېسامنىڭ ئۆيىدە ئىشلىگەن ياغاچچى چۈشلۈك چايدا ئەتكەنچايغا ناننى قايتا ـ قايتا سەرجان باسقاندەك ئىتتاپ سېلىپ ئىچىۋېرىپتۇ. نۆۋەتتىكى چاي لىقلاشتا ھېسام ياغاچ-

چىغا چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، ناننى قانچىلىك يېسەڭ يە، چاينى قانچىلىك ئىچسەڭ ئىچ، ئەمما چىنىنى يېرىۋەتمىگىن، ئاتا - ئانامدىن قالغان تەۋەررۇك ئاپقۇر ئىدى.

## ياخشى ۋاقىتىدا

يازدا ھېسام يايلىمەن، دەپ يىراق ناھىيىدىكى بىر ئاغىنىسىنىڭكىگە چىقىپ ئايلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئايالى ئۇرۇشۇۋەرگەندىن كېيىن ساھىبخانا نائىلاج چاي ئۈستىدە گەپ ئېچىپتۇ:

— شەھەردىن تونۇشلار چىقىۋىدى، ئاڭلىسام، ئۆيىڭىزدە بىر كۆڭۈلسىزلىك بوپتىمۇ، نېمە؟

— ھەي، جۇلدا كەتكەن كېسەل - دە، — دەپتۇ ھېسام غەم تارتماي چېيىنى سۇمۇرگەچ، — ھېلىمۇ تىنىچ قۇلاق، ياخشى ۋاقىتىدا چىقىۋاپتىكەنمەن، ئاغىنە !

## تالانت ئىگىسى

بىرى مەلۇم سەنئەتكارنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كېتىپتۇ:

— ئالامەت تالانت ئىگىسى، چىرايىنى بىر مىنۇتتا ئۈچ - تۆت ياڭزا قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ...

— چاغلىقكەن، — دەپتۇ ھېسام، — بىزنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىدارە باشلىقىنى كۆرگەندە چىرايىنى بىر دەقىقىدە بەش - ئالتە ياڭزا قىلىپ ئۆزگەرتەلەيدۇ.

## چاقماقلىق قەلەم

بەزمىدە ئىككى ياش قەلەمكەش ئەتەي بىر - بىرىنى ئۇ-

چۇرۇپ ماختاپ خەقنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

— ھېسامكا، قارا، — دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى بىركەم-دە، — مۇنۇ تالانتلىق شائىر ئاغىنىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىن يېقىندىن بېرى ئوت يېنىپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

— باركاللا، — دەپتۇ ھېسام تەئەججۇپتە، — ئەمسە بۇ ئىنىمىز چاقمىقى بار قەلەم ئىشلىتىۋېتىپتۇ-دە!

## سوت سۇيۇق بولمىسىلا



ھېسام مەشچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەردە دائىم سۈتكە سۇ قوشۇپ ساتىدىغان بىر ئوقەتچى ئۇنىڭدىن تۆمۈر تۇڭ سېتىۋاپتۇ.

— ھېسامىدىن، تۇڭىڭىز ئاقمايدىغاندۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۈتچى تۇڭنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشتۇرۇۋېتىپ.

— ئېلىۋېرىڭ، — دەپتۇ ھېسام خاتىرجەم ھالدا، — سۈتىڭىز سۇيۇق بولمىسىلا ھەرگىز ئاقمايدۇ.

## كۆزىڭىزگە قىستۇرۇڭ

دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشقا ھورۇنلۇق قىلىدىغان ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قاپتۇ. ھېسام قوش-

نىسىنى دوختۇرخانىغا ئەكەپتۇ. دوختۇر بىرقۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن تېرمومېتىرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنىكەن، ئۇ تېرمومېتىرنى نەرىگە قىستۇرۇشنى بىلمەي هېسامدىن سوراپتۇ:

— هېسام، بۇ نەرسىنى قانداق قىلىمەن؟

— قولتۇقىڭىزغا قىستۇرۇڭ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ هېسام.

— هۇ ئەخمەق، كۆزۈم ئاغرىغان تۇرسا، نېمىدەپ قولتۇ-قۇمغا قىستۇرغۇدەكمەن؟

— ئۇنداقتا كۆزىڭىزگە قىستۇرۇڭ، تەقسىر، — دەپتۇ هېسام.

## كېچىدە شۇنداق كۆرۈنىدۇ

بىر كۈنى كەچتە هېسام تاۋۇز يېمەكچى بولۇپ، ئەللىك تىيىنغا بىر تاۋۇز ئاپتۇ. ئۇنى شۇ يەردىلا پىچسا ئاق چىقىپ قاپتۇ.

— ئاكا، بۇ تاۋۇزىڭىز ئاق چىقىپ قالدىغۇ؟ — دەپتۇ هې-سام تاۋۇزچىغا.

— يەۋەرگىن، ئۇكا، كېچىدە شۇنداق كۆرۈنىدۇ، — دەپتۇ تاۋۇزچى پەرۋاسىزلىق بىلەن. هېسام گەپ - سۆز قىلماستىن تا-ۋۇزنى چالا - بۇلا يەپتۇ - دە، يانچۇقىدىن يىگىرمە تىيىننى ئېلىپ تاۋۇزچىغا بېرىپتۇ.

— ئۇكا، بۇ يىگىرمە تىيىنغۇ؟ — دەپتۇ تاۋۇزچى.

— ئاكا، ئوبدانراق قاراپ باقسىلا، كېچىدە شۇنداق كۆ-رۈنىدۇ، — دەپتۇ هېسام.

## تەرەت قەغەزمۇ ساتامسىز

ھېسام دۇكان ئىچىپ يۈرگەندە بىر خېرىدار بىر قاپ تاماكا سېتىۋاپتۇ ـ دە، شۇ يەردىلا چەكمەكچى بوپتۇ.

— دۇكان ئىچىدە تاماكا چېكىشكە بولمايدۇ، رەنجىمەڭ، — دەپتۇ ھېسام تامدىكى ئاگاھلاندۇرۇشنى كۆرسىتىپ. خېرىدار ئاچچىقلاپتۇ:

— قىزىق ئىشقۇ بۇ، مۇشۇ دۇكاندىن ئالغان تاماكىنى مۇشۇ دۇكاندا چەككۈزمەمسىلەر؟

ھېساممۇ بوش كەلمەپتۇ:

— سەنمۇ قىزىققۇ، بۇرادەر، بۇ دۇكاندا تەرەت قەغەزمۇ ساتىمىز، ئەگەر تەرەت قەغىزى ئالغان بولساڭ ...، — دەپتۇ.

## پىلانلىق تۇغۇتنىڭ پايدىسى

— پىلانلىق تۇغۇتنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرى بار، دادا؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى بىر قېتىم ھېسامدىن.

— پايدىسى جىق، ئوغلۇم، — دەپتۇ ھېسام، — بۈگۈن بىرىنىلا دەپ بېرەي: پىلانلىق تۇغۇلغان بالا ساغلام ئوخشاش چىرايلىق بولىدۇ، پىلانسىز تۇغۇلغان بالا مەندەك سەت بولىدۇ.

## يېڭىچە ئىسىم

پىلاندىن ئاشۇرۇپ پەرزەنت كۆرۈۋالغان بىر شوپۇر ھېسامغا مەسلىھەت ساپتۇ:

— ئايالىم تۆتىنچى ئوغۇلنى تۇغۇۋىدى، ئىسمىنى نېمە قويسام بولار؟

— بالدۇرقىلىرىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ — سوراپتۇ ھېسام.
— چوڭىنىڭ خالمۇرات، ئاندىن كېيىنكىسىنىڭ دىلمۇرات، كىچىكىنىڭ دامىرات.
شۇپۇرنىڭ يازغان تەكشۈرۈشنامە، تولىگەن جەرىمانىلىرىدىن خەۋىرى بار ھېسام ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ئاھاڭىدا مەسلىھەت بېرىپتۇ:
— بۇداقىسىنى پەندىيات قويغىن، ئۇكا.

## باش

ھېسام بىلەن بىر مەھەللىلىك ياغاقۋاش بىرى بىر مەھەل ئىچكۈلۈككە بېرىلىپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم ھېسام ئۇنى يەنە كوچىدا قۇسۇقىقا مىلىنىپ ياتقان ھالىتىدە كۆرۈپ قاپتۇ.
— ئاداش، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، — دەپتۇ ھېسام ئۇنى ئاران سەگىتىپ، — بېشىڭىزنى ئىت يەپ كەتمىسۇن، سىزنىڭ دېگەن تەييار باش دەڭا!

## قايىتۇرمايدۇ

ھېسامنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفوننى ئىشلىتىپ، بىر تونۇشىنىڭ چاقىرغۇسىغا نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىسمۇ، قارشى تەرەپ جاۋاب قايتۇرماپتۇ.
— نېمە بولغاندۇ بۇ ئاداش، — قوشنىسى تىت - تىت بوپتۇ، — جاۋاب قايتۇرمىغىنىنى قاراڭ!
— خاتىرجەم بولۇڭ، قايتۇرمايدۇ! — دەپتۇ قارشى تەرەپنى ئوبدان تونۇيدىغان ھېسام، — ئۇنىڭ شۇنداق قايتۇرمايدىغان مىجەزى بار، بۇلتۇر مەندىنمۇ يۈز سوم قەرز ئېلىۋىدى، ھازىرغىچە قايتۇرمىدى.

## پۇشايمان

تولا ئىچىدىغان بىر يىگىت پارالىك ئۇستىدە ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قاتتىق ئىچىپ قويغان كۈنىڭىزنىڭ ئەتىسى تولاراق نېمە يېگۈڭىز كېلىدۇ؟

ھېسام تەخىرسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— پۇشايمان.

## ساددا ھېسام

ياش چاغلىرىدا ھېسام بىر كۈنى سەھرا يولىدا كېتىۋېتىپ كىچىككىنە دۈگىلەك ئەينەك تېپىۋاپتۇ. ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ قارىغانىكەن، ئەينەكتە تونۇشلا بىر چىراي كۆلۈمسىرەپ تۇرغۇدەك.

— رەنجىمەيسىز، بۇ سىزنىڭ ئەينىكىڭىزكەن، - ھە؟ — دەپتۇ ھېسام ۋە ئەينەكنى جايىغا قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.

## تويماسقا مەسلىھەت



ھېسامغا خىزمەتداش بىر قىز ئىشخانىدا ماختىنىپتۇ:

— مەن توي قىلسامچۇ، كىمنىڭ پۇلى جىق بولسا شۇنىڭغا تېگىمەن، ھېسامكا، بىرەرىنى تونۇشتۇرۇڭا!

— بولىدۇ، ئۇكام، — دەپتۇ ھېسام، — ئۇنداقتا بانكىغىلا تېگىڭ.

## جىڭ ئاياغ ساتىدىغان يەرگە...

ھېسامنىڭ بىر قوشنىسى ئاياغ كىيىم تىجارىتى قىلىدىكەن. قوشنا دەپ ئىشەنچ قىلىپ ئۆنىڭدىن بىر پارە قىشلىق ئاياغ سېتىۋېلىپ كىيگەن ھېسامنىڭ ھېلىقى ئايىغى سۆپىتى بەكلا ناچار، ساختا مال چىقىپ قاپتۇ. يەنە ئاياغ سېتىۋېلىش ئۆچۈن بازارغا ماڭغان ھېسامغا ھېلىقى قوشنىسى ئۇچراپ قېلىپ دەپتۇ:

— ھېسامكا، نەگە ماڭدىڭىز؟

— جىڭ ئاياغ ساتىدىغان يەرگە، — دەپتۇ ھېسام ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

شىۋىرغاندا شۇمشىيىپ،
چۇجەم قالدى كاتەكتە.
جا ئاياغقا ئالدىنىپ،
ھېسام قالدى پېتەكتە.

## ھاجەتمەننىڭ بولسا...

ھېسامنىڭ بىر قورۇدا ئولتۇرىدىغان تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ئوقەت قىلىمەن دەپ بازارغا چىقىپ، كۆرگەن مىلىغا ئىشەنچ قىلالماي مالنى دائىم ئەكىرىپ ھېسامغا كۆرسىتىپ: «ھاجەتمەننىڭ مىلىكەن، ئالايمۇ؟» دەيدىكەن. ھېساممۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كېتىپتۇ.

بىر قېتىم تۇغقىنىنىڭ ئوغلى تالادىن بىر قىزنى باشلاپ كىرىپتۇ ـ دە، يەنە ھېسامدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ھېسامكا، مۇشۇ قىزنى ئالايمۇ؟

ھېسام دەرھاللا جاۋاب بېرىپتۇ:
— ھاجەتمەننىڭ بولسا، ئېلىۋەر.

## مېھمانلارنى بەزدۈرۈش ئۈچۈن

بالا ۋاقتىدا ھېسام ئاپىسىنىڭ بۇيرۇشى بىلەن بازارغا بېرىپ، بىر سۈماي دۇكىنىغا ماي ئالغىلى كىرىپتۇ.
— كەل، بالام، — دەپتۇ ئالدىنقى قېتىممۇ كەلگەن خېرىدارنى تونۇۋالغان دۇكاندار، — ھەرقاچان مېيىم ياراپ قېلىپ، ئاپاڭ يەنە مەشەگە مايغا ئەۋەتىپتۇ ـ دە؟
— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ خاتا كىرىپ قالغىنىنى بايقاپ قالغان ھېسام، — دادامنىڭ ئۈچ ـ تۆت ئاغىنىسى كۈندىلا تاماق ۋاقتىدا كېلىۋېلىپ، ئاپام شۈلارنى ئۆيىمىزدىن بەزدۈرۈش ئۈچۈن سىزنىڭ مېيىڭىزدىن ئەكەل دېگەنىدى.

## نان تېگىشكىلى كەلدىم

ھېسام يۇقىرىقى پەنجىرىگە چىقىپ بىر ھەپتە ئويناپ، قايتاردا تۇغقىنىنىڭ ئايالى بىر خالتا توقاچ يوللۇق تۇتۇپتۇ. ھېسام يوللۇقنى قولتۇققا قىسقىنىچە مېڭىپ تۆۋەنكى پەنجىرىگە كېلىپ بىر ھەپتە ئويناپتۇ ـ دە، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، كەيپچىلىكتە يەنە يۇقىرىقى پەنجىرىگە چىقىپ قاپتۇ.
— ھېسامدىن، شۇنچىۋالا تۇتساق ئىشىم ئالدىراش، دەپ كېتىپ قالغانتىڭىز، بىرەر ئىش بولۇپ قالمىغاندۇ؟ — سوراپتۇ تۇغقىنى ئەنسىرەپ. ھېساممۇ چاندۇرماپتۇ:
— باشقا ئىش بولمىدى، يولدا سىز بەرگەن نانلار كۆكىرىپ قېلىۋىدى، شۇنى يېڭى ياققان نانغا تېگىشەي، دەپ كېلىشىم.

## مەنتاڭ بىلىتى

ھېسام ناھىيىگە چىققاندا بىر ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇرۇپ-تىكەن، بىر ئادەم بىر تەخسە لەڭمەنگە بىلەت كەستۈرۈپ كىرىپ، ھېسامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ - دە، بىر چاغدا قولىدىكى بىلەتنىڭ كەينىگە چاپلىشىپ قالغان كىچىككىنە پارچە ئاق قەغەزنى كۆرۈپ تېڭىرقىغىنىچە ھېسامغا مۇراجىئەت قىپتۇ:

— بۇرادەر، مۇنۇغۇ لەڭمەننىڭ بىلىتى، مۇنۇ نېمە بولىدى ئەمدى؟

— قوشۇپلا تاڭجاڭغا بېرىڭ، — دەپتۇ ھېسام جىددىي ھالدا، — بۇ ئېھتىمال مەنتاڭنىڭ بىلىتى.

## ئىككى كىلولۇق گۆش

يېزا خىزمىتىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن ھېسامنى كۆر-گەن ئىدارە باشلىقى ھېسامغا:

— ھېسام، بۇ قېتىم تازا ياخشى پەيتتە يېزىغا چۈشتىڭىز جۇمۇ، قاراڭ، ئاقىرىپ، سەمرىپ قاپسىز، — دەپتۇ.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، باشلىق، كېلىپ گىرغا چۈشۈپ باقسام، ئىككى كىلو ئورۇقلاپتىمەن، — دەپتۇ ھېسام نارازى بولغاندەك.

— نۇرغۇن كىشىلەر ئورۇقلايمىز، دەپمۇ ئورۇقلىيالمايۋا-تىدۇ. ئىككى كىلو گۆشىڭىز كەملەپ كەتسە كارايىتى چاغلىققۇ؟ — دەپتۇ باشلىق تەسەللى بېرىپ.

— ئۇغۇ شۇنداق، ھازىر بازاردا بىر كىلو گۆشنىڭ با-ھاسى يىگىرمە يۈەن تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئىككى كىلولۇق گۆش دېسىلە، باشلىق، — دەپتۇ ھېسام.

## تىترەش ۋە تىترىمەسلىك

بىر شەپشەك يىگىت ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، يانچۇقىڭىزدىن موخۇركا ئالغاندا قولىڭىز ئەجەبمۇ تىترەپ كېتىدىكەن، ھە؟

— قولۇمنى تىترىمىسۇن دېسىڭىز، — دەپتۇ ھېسام، — يانچۇقىڭىزدىن تاماكا چىقىرىپ سۇنۇڭ.

## قەلب ئالماشتۇرۇش

باشلىققا تولا گەپ توشۇيدىغان بىر خىزمەتدىشى خىزمەت ۋاقتىدا ھېسامنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— كېلىڭا، ھېسامدىن، بىكار ئولتۇرغۇچە بىردەم مۇڭدىشىپ، قەلب ئالماشتۇرايلى، — دەپتۇ.

— مەن بىلەن ئالماشتۇرغان قەلبنى ئۆزىڭىز تۇتامسىز ياكى باشلىققا ئاپىرىپ بېرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسام.

خىزمەتدىشى لام - جىم دېيەلمەي چىقىپ كېتىپتۇ.

## نىنىڭ تاۋۇزى ياخشى

ئىنچىق تومۇز ئىسسىقتا ئېتىزدىن چاڭقاپ قايتقان ھېسامنى باققال دۇكىنى ئالدىدا بەسلىشىۋاتقان ئىككى يىگىت توختىتىۋاپتۇ.

— ھېسامكا، مۇنۇ ئىككىمىز زادىلا كېلىشەلمەيۋاتىمىز، سىز دەپ بېقىڭا، زادى قەيەرنىڭ تاۋۇزى ياخشى؟

— مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، — دەپتۇ ھېسام، — توڭلاتقۇنىڭ تاۋۇزى ھەممىدىن ياخشى.

## دەلدەڭشىدىغان بوي

تولىمۇ پاكار بىر قوشنىسى ھېسامغا ماختىنىپتۇ:
— ھاراقنى تاشلىۋىدىم قارالىڭ، قانداق بوپتۇ؟
ئاخشاملا مەست كەلگەن قوشنىسىنىڭ كاززاپلىقىدىن غىدى-قى كەلگەن ھېسام ئۇنىڭ گېپىگە ئۇن قېتىپتۇ:
— ئوبدان بوپتۇ، ئىچىپ نېمە قىلىسىز، قوشنام، بىزگە ئوخشاش ئىچسىڭىز دەلدەڭشىدىغان بويىڭىز بولمىغاندىكىن.

## ئۈچ قېتىم تارتىش

لاتارىيىگە بىكاردىن - بىكارغا بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ مە-ھەللىگە قايتىپ كەلگەن ھېسامدىن دوقمۇشتىكى باللار سوراپتۇ:
— ھېسامكا، تارتتىڭىزمۇ؟
— تارتتىم.
— قانداق بولدى؟
— قانداق بولاتتى، — دەپتۇ جىلىچىلىكتە تۇرغان ھېسام، — بىر تارتسام، ھېچنېمە چىقمىدى، يەنە بىر تارتسام، يەنە ھېچنېمە چىقمىدى، ئۈچىنچى قېتىم كۈچەپ بىر تارتقانىدىم، پوسسىدە ئۈ-زۈلۈپ كەتتى.

## راھەت شۇ بولسا...

دوقمۇشتىكى ئاغىنىلەر بىكارچىلىقتا تاغدىن - باغدىن پو ئاتقىلى تۇرۇشۇپتۇ:
— چەت ئەلدە ئاجايىپ دىۋانىلەر بارمىش، — دەپتۇ ھېسامنىڭ ئىش ياقماس قوشنىسى، — ئۆزلىرى بۆلەك ئىش

قىلىپ، ئورنىدا ئىتلىرىنى ئولتۇرغۇزۇپ، بوينىغا سېۋەت ئېسىپ قويسا، پۇل دېگەن چۇشۇۋېرىدىكەن، مانا راھەت !

— راھەت شۇ بولسا، — دەپتۇ ھېسام غىدىقىنى تەستە بېسىپ، — چەت ئەلگە چىقىپ دىۋانىنىڭ ئىتى بولسىڭىز بولمامدۇ، قوشنام؟

## ئاچچىقىدىن ئالاي

قەشقەردە ئويۇن قويۇۋاتقاندا، ھېسام بازاردا بىر باققالدىن ئانار ئالماقچى بولۇپ سوراپتۇ:

— ئانىرىڭىز تاتلىقمۇ، ئاچچىقمۇ؟

— يەپ بېقىڭ، — دەپتۇ باققال بۇلبۇلدەك سايراپ، — ئاچچىق بولسا بىر تىيىن پۇل ئالمايمەن.

— ياخشى، — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — ئاچچىق ئانىرىڭىزدىن بەش كىلو تارتىڭ.

## ئەسكى ئېلىش

تولىمۇ مەككار بىر ئادەم ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھە ھېسام، مېنى ھەر كۆرگىنىڭىزدە ئۇلۇغ ئادەملەردىن كىمنى ئەسكە ئالىسىز؟

ھېسام تەخىرسىز جاۋاب بېرىپتۇ:

— مايمۇن ئويناتقۇچىنى.

## ھېسامنىڭ نەرخى

غادايغاق بىر تىجارەتچى سورۇندا ھېسامنى چۇشۇرمەك

بولۇپ سوراپتۇ:

— ھە، ھېسام، ھازىر ھەممە نېمىنى نەرخى بىلەن ئۆل- چەيدىغان بولۇپ كەتتۇق، ئېيتىپ بېقىڭە، سىزنىڭ نەرخىڭىز نەچچىگە توختا؟

— مېنىڭمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام ئالدىرىماي، — مېنىڭ نەرخىم بەلكىم قولىڭىزدىكى ئاۋۇ تومۇ ئۈزۈكتىن ئەرزانراق، بىراق سىزدىن قىممەترەك.

## قايسىسىنى دەي

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، زادىلا ھاراق تاشلىيالمايۋاتىمەن، سىزمۇ ھاراق تاشلاپ باققانمۇ؟

— تاشلىمىغاندا، — دەپتۇ ھېسام، — تالاي قېتىم تاش- لىغان دەڭا.

— مەسىلەن، قانچە قېتىم؟ — چىڭگىزلىك قىلىپ سوراپتۇ يىگىت. ھېسام ياندۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپتۇ:

— بوتۇلكا سانى بويىچە دەيمۇ ياكى ئولتۇرۇش سانى بو- يىچە دەيمۇ؟

## كەچلىك بازار

بىر تىلەمچى خەقنىڭ دىققىتىنى تارتىمەن، دەپ كەچ كىرمەيلا شام يې- قىپ ئالدىغا قويۇۋالغانىكەن، ھېسام- نىڭ ھەمراھى ئالايىتەن توختاپ سوراپتۇ:



— نېمە قىلغىنىڭىز ھوي، بۇ؟ مەگزىلىرى بەقەمدەك قىزارغان

تەمبەل تىلەمچى گەپكە ئاغزىنى ئۆمەللىگىچە ھېسام جاۋابىنى بېرىپتۇ:

— كۈندۈزلۈك پىلان توشۇپ، كەچلىك بازارنى باشلىۋەتكەن گەپ ـ دە!

## يۇتۇۋېلىش

ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى ئون تىيىنلىق مېتال پۇلنى ئويناۋېتىپ يۇتۇۋاپتۇ.

— قانداق قىلارمەن، ھېسام، — دەپتۇ بالىنىڭ دادىسى يىغلامسىراپ، — بالام ئون تىيىننى يۇتۇۋاپتۇ، بىرنېمە بولۇپ قالارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دەپتۇ ھېسام قوشنىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىدارىنىڭ كاسسىرى ھۆكۈمەتنىڭ مىڭ سوم پۇلىنى يۇتۇۋېلىپمۇ ھېلىغىچە ھېچنېمە بولمىدى.

## مەسخىرە

شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ ماگىزىننىڭ ئىشىكىگە چاپلانغان ئېلانغا «باھاسى چۈشكەن ئاياللار ئايىغى سېتىلىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. پوكەي ئالدى دەۋرەپ كېتىپتۇ. ھېساممۇ توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ بىر جۈپ ئاياغ سېتىۋاپتۇ ـ دە، مال ساتقۇچىدىن سوراپتۇ:

— ئۇكا، ئاياغنىغۇ بۇ يەردە سېتىپسىلەر، باھاسى چۈشكەن ئاياللارنى قەيەردە سېتىۋاتىسىلەر؟

## كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپسام...

زىياپەتكە ئامراق باشلىق تۆۋەننى تەكشۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۆۋەنتىكى كارخانىنى كۆرۈپ بولۇپ چىقىۋاتقىنىدا، يېنىدىكى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— خوش، ھېسامدىن، بۇ كارخانىنىڭ دەرىجىسىنى قانداق بېكىتسەك بولار؟ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىڭا !

— كۆڭلىڭىزدىكىنى تاپسام، — دەپتۇ ھېسام، — بۈنى چۈشلۈك زىياپەتتىن كېيىن بىرنېمە دەيلى.

## چېلىشچى

بىر چېلىشچى ھېسامغا لاپ ئېتىپتۇ:

— مۇشۇ كۈنلەردە تاۋىمغا كېلىپ تۇرىمەن دەڭە. داڭقى چىققان ھېلىقى چېلىشچىنى تونۇگۈنكى مۇسابىقىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئون قېتىم يىقىتتىم، ئىشىنەمسىز؟

— ئۇ بىر پالەچقۇ، — دەپتۇ ھېسام لاپقا لاپ بىلەن جاۋاب بېرىپ، — دەل ئۇنىڭ ئالدىدىكى مۇسابىقىدە مەنمۇ شۇ چېلىشچىنى ئون قېتىم يىقىتىپ، ئون بىرىنچى قېتىمدا بېلىدىن تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈپ سودىيەگە تۇتقۇزۇپ قويغانىدىم.

## ئىقتىسادىي زىرائەت

ھېسام يېزىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇقىرىدىن كەلگەن بىر باشلىق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىڭلار، دەپ كۆپ قېتىم سۆزلەپتۇ.

— باشلىق، مەن يېرىمگە قانداق ئىقتىسادىي زىرائەت

تېرسام بولار؟ ــ مەسلىھەت سوراپتۇ ھېسام ئۇنىڭدىن. باش-لىق دەررۇ بىرنېمە دەپ بېرەلمەي تىلىنى چايناپ دەپتۇ:
ــ ئىشقىلىپ، پەرۋىشى ئوڭاي، تېز تەييار بولىدىغان، خې-رىدارلىق بىرەر نەرسە تېرىڭ.
ــ ياخشىسى، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ ئەمىسە خوتۇنۇمىنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ ئون مو يەرگە ئوسما تېرىۋېتەي.

## بوران

بىرى ھېسامغا:
ــ سەھەرلا چىقىپ كېتىۋاتسام، شۇنداق قاتتىق بىر بوران چىقتىكى، مەن چۇشكەن ئاپتوبۇس ئۆرۈلۈپ كەتتى جۇمۇ ! ــ دېدى.
ــ مەنمۇ شۇ يولدا ئىدىم، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ ۋېلىسىپېد-تىم بىلەنلا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتتىم ئەمەسمۇ !
ــ قويغىنا، ئاداش، ۋېلىسىپىت بىلەن ئادەمنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىدىغان قانداق بوران ئىكەن ئۇ؟
ــ قانداق بوران بولاتتى، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ سېنىڭ ئاپ-توبۇسۇڭنى ئۆرۈۋەتكەن بوران بولمامدۇ !

## مېنىڭ ئېتىم ئېشەك ئەمەس

ھېسام يېزىدىن بىر قېتىم ئېشەك ھارۋا بىلەن شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ، يېڭى يولغا قويۇلغان قاتناش تەرتىپىدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۇ چوڭ كوچا بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا كەي-نىدىن قاتناش ساقچىسىنىڭ: «ھەي ئېشەك، كەينىڭگە يان !» دەپ ۋارقىرىغىنى ئاڭلىنىپتۇ.
ھېسام گەپنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى سەزسىمۇ ئەتەي

كېتىۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ساقچى ھاسىراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ بوجىغا ئېسىلىپتۇ:

— پاكىمۇ سەن، نېمىشقا ۋارقىرىسام توختىمايسەن؟

— ھازىر مېنى چاقىرغانمىدىڭىز؟ — دەپتۇ ھېسام ھەيران بولغان قىياپەتتە.

— سېنى بولماي ئاۋۇ دەرەخنى چاقىردىمىمۇ؟ — دەپتۇ ساقچى تاتىرىپ.

— ئۇنداق بولسا كەچۈرىسىز، — دەپتۇ ھېسام سالماق ئاھاڭدا، — مېنىڭ ئېتىم ئېشەك ئەمەس، مېنىڭ ئېتىم ھېسام.

## بۇدا كۆرۈشكەندە...

يېشى چوڭ بىر ئايال بىر مەزگىل سىرت جايلاردا يۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن ھېسام بۇ ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ ئەھۋال سوراپتۇ:

— ياخشىمۇ سىز، ھاۋاخان ھەدە؟

— ھەدىڭىزنى تېپىپ ھەدە دەڭ، — دەپتۇ ئايال ئاچچىقلىنىپ، — ھەدە دېمەي سىڭلىم دەڭ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا، — بۇدا يەنە بىر ئايلىنىپ كەلسىڭىز، كۆرۈشكەندە قىزىم دەيدىغانلىقىمنىمۇ ئۇقتۇم.



## ماقالدىن قورققان بولسا كېرەك

ھېسام بىر تۆغقىنىنىڭ ئۆيىگە بارغان كۈنى تۆغقىنىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى يارىشىملىق، ئۇزۇن چېچىنى ساتىراشخا- نىدا كەستۈرۈۋېتىپ كەلگەنىكەن، بۇنى كۆرگەن ئاتىسىنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ قىزىغا كايىپتۇ:

— بىر ئوبدان ياراشقان چېچىڭنى كەستۈرۈۋېتىپ، سۇ- پۈرگە قۇيرۇق بولۇپ كەپسەن. ئۇزۇن چېچىم ئاۋارىچىلىك سالدى، دەپ قورقتۇڭمۇ، - ھە؟

قىز گەپكە ئاغزىنى ئۆمەللىمەيلا، ھېسام پاراڭ قىستۇرۇپتۇ:

— ئۇنىڭدىن قورقمىدى، تاغا، بەلكى سىڭلىمىز «چېچى ئۇ- زۇننىڭ ئەقلى قىسقا» دېگەن ماقالدىن قورققان بولسا كېرەك.

## چاقچاق پۇلى

يولدا بىر تاكسى شوپۇرى ھېسامنى ماشىنىسىغا سېلىۋاپتۇ. يول بويى ھېسام چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈپ كەپتۇ. ئۆيىگە كەل- گەندە ماشىنىدىن چۈشەي دېگەن ھېسامغا شوپۇر دەپتۇ:

— ھېسامكا، كىرا پۇلىنى بەرمىدىڭىزغۇ؟

— راستىنلا - ھە، — دەپتۇ ھېسام قايرىلىپ، — چاقچاق پۇلىدىن كىرانىڭكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاشقىنىنى قايتۇرۇۋېتىڭ.

## تومۇزنىڭ قىزىقىدىن قاچۇرۇپ

بىرى سوراپتۇ:

— ھېسامكا، شەھەردىن قاچان چىقتىڭ؟

— ھازىر چىقىشىم.

— نېمىدە چىقتىڭ، ماشىنىدىمۇ؟

— ياقەي، ئايروپىلاندا، — دەپتۇ ھېسام.
— ۋاھ، ئايروپىلاننىڭ قېنى؟ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى ھەيران بولۇپ.
— تومۇزنىڭ قىزىقىدىن قاچۇرۇپ يارغا تارتىپ قويدۇم، — دەپتۇ ھېسام ئېرەنشىمەي.

## قايسى ياخشى

بىكار تۇرماي پاراڭ قىلىدىغان بىر ياش ھېسامدىن سوراپتۇ:
— كۆپ ئاڭلىغان ياخشىمۇ، كۆپ سۆزلىگەنمۇ؟
ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئەقلى بولسا ئاۋۋالقىسى ياخشى، ئەكسىچە بولسا كېيىنكىسى.

## سەۋەبى...

ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىدىن تولا كۈلۈپ تېلىقىپ قالاي دېگەن قاپقارا، يوغان بىر يىگىت كۈلكە ئارىلاش ھېسامغا پاراڭ قىپتۇ:
— ھېسامكا، بۈگۈن ئۆلتۈرۈشنى ئاجايىپ قىزىتىۋەتتىڭىزغۇ؟
— يېنىمدا تۆت تونناڭ كۆمۈر بېسىقلىق تۇرسا مۇنچىلىك قىزىمايتتىمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا.

## تۆت دۆلەتنىڭ كۈچى بار

ھېسام ئىدارىدىكىلەر بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقانىكەن، ئىدارە ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە بىرلىشىپ ئىشلىگەن ماشىنىنى ئىشلىتىپتۇ. بىر قېتىم لىق شېغىل قاچىلانغان ماشىنا دۆڭگە چىقالماي قالغاندا، ئىدارە باشلى-

قى ھېسامدىن:

— ماشىنا دۆڭگە تارتالارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تارتىدۇ، — دەپتۇ ھېسام ئىشەنچ بىلەن.

— سەن قانداق بىلىسەن؟

— چۈنكى ئۇنىڭدا تۆت دۆلەتنىڭ كۈچى بار ـ دە !

## يۇقۇپ قاپتۇ

ھېسام دوپپا بازىرىدىن ئوغلىغا دوپپا سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكەلگەنىكەن، ئوغلىنىڭ بېشىغا زادىلا پاتماپتۇ. ئۇ دوپپىنى ئا ـ مالسىز قايتۇرغىلى كەپتۇ. بىراق، چىرايى كۆمۈردەك قاپقارا دۇكاندار يا قايتۇرغىلى، يا ئالماشتۇرۇپ بەرگىلى زادىلا ئۇنىماپ ـ تۇ. ھېسام شۇنچە ياخشى گەپ قىلسىمۇ كارغا كەلمەپتۇ.

— ئالمايمەن دېدىم ئالمايمەن، — دەپتۇ دۇكاندار تېرىد ـ كىپ، — دوپپىنىڭ ئەستىرىگە قارا تېگىپ كېتىپتۇ مانا !

— رەنجىمەڭ، ئۇستام، — دەپتۇ شۇ چاغدا ھېسام، — بالامنىڭ رەڭگى سىزگە ئوخشاپ كېتەتتى، قارىسى دوپپىغا يۇ ـ قۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

## ئاجايىپ تۇر

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كوممۇنا مائارىپ كادىرى ھېسامنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ۋالىبول كوماندىسىغا يېزىۋاپتۇ.

بىر كۈنى ناھىيىلىك تەنتەربىيە ئىدارىسىدىن كەلگەن كادىر ھېسامنى چاقىرتىپ سوراپتۇ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ساغلامتاي، — دەپتۇ ھېسام.

— كەسپىڭىز؟
— تەنتەربىيىچى.
كادىر قىزنىڭ سوراپتۇ:
— قايسى تۈر بويىچە مەشىق ئېلىپ بارىسىز؟
ھېسام يېنىدا تۇرغان كوممۇنا مائارىپ كادىرىغا لاپ ئې-تىپ بىر قاراپتۇ - دە:
— ئۇيقۇ تۈرى بويىچە ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## پىياز قانچە پۇل

ھېسام بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئۈن مانتا ئاپتۇ. مانتىلارنىڭ ئىچىدىن ساپلا پىياز چىقىپتۇ. مىڭ تەسلىكتە مانتىلارنى يەپ بولغان ھېسام پۇل تۆلەيدىغان ۋاقىتتا مانتىپەزدىن سوراپتۇ:
— ئۇستام، ئۈن باش پىياز قانچە پۇل ؟

## سىزگە ئوخشاش

ھېسامنىڭ يارىلانغان پېشانىسىنى كۆرگەن ئاغىنىسى ئۇ-نى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ سوراپتۇ:
— ھېسام، پېشانىڭىزغا ئېشەك تېپىۋەتكىنى راستمۇ؟
— ئەلۋەتتە راست !
— چوڭ ئېشەك تەپتىمۇ ياكى كىچىكمۇ؟
— چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، دەل سىزگە ئوخشاش ئېشەك تېپىۋەتتى.

## باي بولۇش

ھېسام ئالدىنقى كۈنى تۇتۇپ كەلگەن چوڭ بېلىقنىڭ

يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئوغلىدىن:
— بىلىقنى نەگە يوقاتتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مەن تۈنۈگۈن ئوقۇغان چۆچەكتە ئاتىسى ئەكەلگەن بىلىقنى بالىسى سۇغا قويۇپ بەرگەنىكەن، بىلىق ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپتۇ. مەنمۇ شۇنداق بولارمىكىن، دەپ بىلىقنى قويۇپ بەرگەنىدىم، — دەپتۇ ئوغلى.
— دەرۋەقە، — دەپتۇ ھېسام، — شۇنداق قويۇپ بېرىۋەرسەڭ، پات ئارىدا باي بولۇپ قالغۇدەكمىز !

## ھۆ قىلىۋاتامدىكىن دەيتىمەن

سورۇندا قىزىپ قالغان بىر يىگىت باشقىلارغا يول بەرمەي ھەدەپ ئالىتاغىل ناخشا توۋلاۋېرىپ، ئاخىر كۆڭلى ئېلىشىپ ھۆ قىلىشقا باشلاپتۇ.
— نېمە قىلىۋاتىسەن، ئۇكا؟ — دەپتۇ باياتىن ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان ھېسام ئەتەي.
— كۆرمىدىڭمۇ، ھېسامكا، باياتىن ھەربىرىڭلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ناخشا ئېيتتىم، ئەمدى...
— مۇنداق دېگىنە، — دەپتۇ ھېسام بېشىنى لىڭشىتىپ، — مەن تېخى سېنى ئۆزى ئېيتقان ناخشىغا ئۆزى ھۆ قىلىۋاتامدىكىن دەيتىمەن.

## چاقچاقمۇ تۇغامدۇ

بىمەززە پاراڭنى تولا قىلىدىغان بىر ياش «چاقچاقچى» ئولتۇرۇشتا ھېسامنى گەپتىن چۆشۈرمەكچى بولۇپ ئەتەي سوراپتۇ:
— ھېسامكا، خەقلەر سىزنى چاقچاقنىڭ پىرى دەيدىكەن، ئېيتىڭا، چاقچاقمۇ تۇغامدۇ؟

— شۇنداق، چاقچاقمۇ تۇغىدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — چاقچاق جايىدا بولمىغاندا، جېدەل تۇغىدۇ.

## ئىسرىق

ھېسامنىڭ بىر قوشنىسى پاراڭغا ئېغىز ئاچسىلا قولىدىكى تاماكىسىنى توختاتماي سىلكىپ تۇرۇپ سۆزلەيدىكەن.

بىر سورۇندا قىزىقچى ياشلاردىن بىرى ھېسامغا ئۇنىڭ قوشنىسىنى شەرەتلەپتۇ:

— قوشنىڭىز گەپ قىلغاندا تاماكىسىنى نېمە ئۇنداق قىلىدۇ؟

— ئۇقماپسىز - دە، — دەپتۇ ھېسام، — قوشنام تەقۋادار ئادەم بولغاچقا، پاراڭغا ئىسرىق سېلىپ تۇرىدۇ.

## ئۆزگىزلا كەم

پۇلنى كۆپ تاپقان بىر تىجارەتچى مازارلىقتا ئۆزىگە گۇمبەزلىك ھەيۋەت قەبرە ياساتماقچى بوپتۇ - دە، ئۇستىلارنى يىغىپ، ھېسامنى ئىش بېشىلىقتا تەكلىپ قىپتۇ. بىرمۇنچە ۋاقىتتىن كېيىن تىجارەتچى ھېسامنى ئىزدەپ كېلىپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قەبرە پۈتەي دېدىمۇ؟

— پۈتۈپ قالدى، — دەپتۇ ھېسام.

— ئىشلار چالا بولۇپ قالمىسۇن، تارتىنماي دەۋېرىڭ، يەنە نېمە كەم؟

— باشقا نېمە كەم ئەمەس، خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ ھېسام، — ھازىر ئۇ قەبرىگە پەقەت سىزلا كەم.

## بۇ ساراڭ بولسا...

چالا كەيىپ كېتىۋاتقان ھېسامنى يولدا بىرى بىكاردىنلا ھاقارەتلىگەنىكەن، ئاچچىقى كەلگەن ھېسام ھېلىقىنى ياقىدىسىدىن تۇتۇۋېلىپ زاكونلىشىپتۇ. شۇ ئارىدا بىرى كېلىپ ئاجرىتىپتۇ ـ دە:

— ھېسامكا، قويۇڭە، بۇ ساراڭ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ.

— بۇ ساراڭ بولسا، مەن مەست ئەمەسمۇ ! — دەپتۇ ھېسامىمۇ ھېلىقىنى قويۇۋېتىمەي.

## چاشقاننىڭ كاساپىتى

ئوقەتنىڭ گېپى چىقىشىغا، ھېسام سورۇندىكىلەرگە دەپتۇ:

— ياش ۋاقتىمدا پۇل تاپقۇدەكلا ئىش بولسا قىلىپ بېقىۋىدىم. بىر يىلى شەھەردە تۆمۈر ئەرزانلىشىپ كەتتى. «توختا» دېدىم ـ دە، بار پۇلۇمغا تۆمۈر ئېلىپ، بىر چوڭ ئامبارغا بېسىۋەتتىم. بۇ ئىشىمنى مەسخىرە قىلغانلارمۇ بولدى، غىڭ قىلمىدىم. دېگەندەك ئىككى يىلدىن كېيىن تۆمۈر دېگىننىڭ تۇتىيا بولۇپ كەتتى. «ھە ھېسامباي، پۇل تېپىشنىڭنى بىل» دېدىم ـ دە، ئامبارنى ئاچتىم...

— ھە... ھە... ! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — بىرى تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.

— نېمىسىنى دەيسىلەر، چاشقان دېگەن نەرسىلەر تۆمۈرلەرنى يەپ كېپەك قىلىۋېتىپتۇ.

## قاندىقىلا بولسا...

ھېسام بازار ئارىلاپ يۈرۈپ سومكىسىنى يوقىتىپ قويۇپ-

تۇ ـ دە، كەينىگە يېنىپ تەۋەككۇل قىلىپ ئۆزى كىرگەن بىر ماگىزىنغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ ماگىزىندا خېرىدارلار ئۇنتۇپ قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر كۆپ، سومكىڭىز قانداق سومكا ئىدى؟

ھېسام ئالدىراپ دەپتۇ:

— قانداقلا سومكا بولسا بولۇۋېرىدۇ، پۇتسە ھېساب...

## تاۋۇزچى بىلەن يارىق

ھېسامنىڭ ئۇچىنچى قېتىم ئۆيلەنگەنلىكىنى ئاڭلىغان تاۋۇزچى تونۇشى بىر ئۇچرىشىشتا ئۇنىڭغا تەئەددى ئارىلاش چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامدىن، نېمانداق تولا خوتۇن ئېلىپ، تولا قويىسىز؟

— قانداق قىلىمىز، خوتۇننى چاقماق سېلىپ ئالغىلى بولمايدىكەن، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپ.

## چاقچاقتىن توپا توزۇپ ...

ھېسام بىر ئېغىز زەي ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئەھۋالنى قانچە دېسىمۇ ئۆي بەرمىگەن ئىدارە باشلىقى بىر كۈنى ھېسامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قاپتۇ ۋە:

— ھېسام ئۇكا، ئۆيىڭىز بەكمۇ زەي ئىكەن، ھە؟ — دەپتۇ. ھېسام كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— مەن زەي يەردە ياتمىسام، چاقچاقلىرىمدىن توپا توزۇپ كېتىدۇ، باشلىق.

## مۇشۇنداق ئۆينى تاپقاندا...

ھېسامنىڭ ئايالى مەشكە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كۆمۈر سېلىپ



ئۆيىنى مۇنچىدەك ئىسسىتىۋېتىپ، بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي مەشنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، يەنە كۆمۈر سالىمەن، دەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ھەپىلىشىپ ئۆيىنى ئىسقا تولدۇرۇۋېتىپتۇ، كېيىن ئىسنى چىقىرىۋېتىمەن، دەپ ئىشىكنى ئۇزاق ئېچىپ قويۇپتۇ ۋە بىرھازادا:

— ھېسامىدىن، ئىشىكنى بىر سائەت ئاچساممۇ ئىس ئۆيدىن چىقىپ كەتمەيۋاتىدىغۇ، نېمە بولغاندۇ؟ — دەپتۇ.

بىر تەرلەپ، بىر توڭلاپ ئوبدانلا مىشىلداپ قالغان ھېسام ئەلەم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— مۇنداق ياخشى ئۆيىنى تاپقاندا ئىس باشقا يەرگە چىقامدۇ؟

## ئاخىرقى مىسرا

مېيىت يەرلەشتىن قايتقاندا بىر شائىر بىلەن ھېسام مازار ئارىلايمىز، دەپ كېچىكىپ ماشىنىدىن قاپتۇ. يولدا كېلىۋېتىپ ھېسسىياتى ئۆرلىگەن شائىر شېئىر ئوقۇپتۇ:

پۇل دېدۇق، كۆڭۈلنى پۇلغا ئۆگەتتۇق،
پۇل قوغلاپ ئەقلنى تامام تۈگەتتۇق.
تاۋۇتقا پاتمىغاچ تاپقان - تەرگەنلەر...

شائىر تۆتىنچى مىسرانى ئەسلىيەلمەي توختاپ قاپتۇ. شۇ

چاغدا پىيادە مېڭىپ هارغان هېسام شېئىرنى تۈگەللەپتۇ:
ماشىنىدا كېلىپ، پىيادە كەتتۇق.

## تۈز ئىشلەتمەيدىغان تاماق

هېسامنىڭ ئايالى ھەرقانداق تاماق ئەتسە تۇزنى تارىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەن. بۇ توغرىدا ھېسام تالاي قېتىم ئەسكەرتىپمۇ ئايالىنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ.
بىر كۈنى ئايالى ئادىتىچە قولىغا دۈشە - پىچاقنى ئېلىپ هېسامدىن سوراپتۇ:
— دادىسى، بۈگۈن كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ، كەچتە قانداق تاماق ئېتەي؟
— قانداق تاماق ئەتسەڭ ئىختىيارىڭ، — دەپتۇ ھېسام، — بىراق تۇز ئىشلەتمەيدىغان تاماق ئەت.

## تالانتىنىڭ سىرى

ئۆتۈپ كەتكەن خۇشامەتچى بىرى يولدا بىرگە كېتىۋاتقان هېسامدىن سوراپتۇ:
— هېسامكا، ئاڭلىسام تالانتلىقمەن، دەپ ماختىنىپ يۈرگۈدەكسىز، زادى قايسى ساھەدە؟
— غايىبنى بىلىمەن - دە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ هېسام دەرھاللا. ھېلىقى كىشى يەنە ئەۋزەيلەپتۇ:
— مەسىلەن؟
هېسام كۆزلىرىنى ھەمراھىغا قاداپ دەپتۇ:
— باشلىقنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايمەن.

## ئاچ

تولىمۇ ساددا بىر تۇغقىنى سەھرادىن ھېساملارنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا كېلىپ، چاي ئۈستىدە سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، ھازىر بەزى ياشلارنى ئاچ قېلىپتۇ، ئاچ قېپتۇ دەيدۇ، ئاچ دېگىنى نېمە ئۇ؟

ھېسام تۇغقىنىغا قىسقىلا چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئاچ دېگىنى كېپەن.

## نەشىنىڭ پايدىسى

— نەشە چەككەننىڭ زىيىنىنىغۇ كۆپ ئاڭلىدىم، ئازراق پايدىسىمۇ بارمىدۇ؟ — سوراپتۇ بىر كىشى ھېسامدىن.

— پايدىسىمۇ بار، — جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — ئۇنىڭ پايدىسى ئەتە يەيدىغان ناننى بۈگۈن يەيسەن، بۈگۈن قىلىدىغان ئىشنى ئەتە قىلىسەن.

## مايمۇنچە ئولتۇرۇش

بىر باشلىق ئىدارىدە يىغىن ئاچسىلا ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ سۆزلەيدىكەن. بىر قېتىم ھېساممۇ شۇنداق بىر يىغىنغا قاتنىشىپ قاپتۇ.

— ھېسامكا، بىزنىڭ باشلىقنىڭ ئاۋۇ ئولتۇرۇشى قانداق ئولتۇرۇش؟ — دەپ پىچىرلاپ سوراپتۇ ھېسامنىڭ يېنىدىكى بىرى. باشلىقنىڭ ئولتۇرۇشىدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام:

— مايمۇنچە ئولتۇرۇش.

## ئىتنى چىشلىگەن ئادەم

ھېسام ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرسا، ئايالى تالادىن ئۆگسۈلى ئۆچۈپ كىرىپ:

— ۋاي دادىسى، قاراڭ، ھازىرلا كوچىدا بىر ئىت بىر ئادەمنى چىشلىۋالدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

— شۇنىڭغا شۇنچىۋالا ھودۇقۇشمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام ئېرەنسىز، — تۇرقۇڭغا قاراپ تېخى بىر ئادەم بىرەر ئىتنى چىشلىۋالغان چېغى دەپتىمەن.

## دوكلاتنى باغلاش

ئۆزىنى ناتىق ھېسابلاپ يۈرگەن مەھكىمە باشلىقى چوڭ يىغىندىكى چۈۋالچاق، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزىنى تاماملاپ سەھنىدىن چۈشۈپتۇ - دە، ھېسامدىن سوراپتۇ:

— قانداق، ھېسام، دوكلاتىم ئالامەت باغلاشتىمۇ؟

— ئاچىققان ئارغامچىڭىز يەتمەي قالدىمۇ، نېمە، — دەپتۇ ھېسام خاتىرجەملىك بىلەن، — ئاخىرى سەل باغلاشماي قالدى.

## غارلا قىلسا قاچىمەن

ھېسامنىڭ ئايالىنىڭ تولىمۇ ئۇرۇشقاق بەتخۇي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىپتۇ:

— شۇنداق يامان جورا بىلەن قانداق ئۆتۈۋاتقانسىز، ھە؟

— يامان ئەمەس، — دەپتۇ ھېسام، — كىچىككىمدە قوشنىمىزنىڭ ئىتىدىن قورقۇپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، ئەمدىلىكتە شۇ تازا ئەسقېتىۋاتىدۇ، غارلا قىلسا قاچىمەن.

## دۇم تۆت

ھېسام مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن ئوغلىغا خەت ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چالا ساۋات بولغاچقا، بەزى خەت ۋە سانلار-نى خاتا يېزىپ قويىدىكەن.

— دادا، بۇ قانچە؟ — دەپتۇ ئوغلى بىر قېتىم ھېسامنىڭ يازغىنىغا قاراپ ھەيران بولۇپ.

— بۇ تۆت، — دەپتۇ ھېسام، — مانا ماۋۇ كىتابتا تۇرمامدۇ.

— بۇ قانداق تۆت ؟ — دەپتۇ ئوغلى، — كىتابتىكى تۆت باشقا ياڭزا تۇرىدىغۇ؟

ھېسام شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ تەتۈر يېزىپ قويغانلىقىنى سېزىپتۇ.

— ئوقۇۋەر، بالام، — دەپتۇ ئۇ سىر بەرمەستىن، — بۇ دۇم تۆت.

## چوڭ ۋە كىچىك قازان

ئىسلاھات كۇنلىرىدە بىر ھۆرۈن خىزمەتدىشى:

— ھېسامكا، چوڭ قازان دېگىنى نېمە، كىچىك قازان دې-گىنى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزنىڭ ھازىر نەرخىنى سورىماي ئاش يەۋاتقان قازى-نىڭىز چوڭ قازان، — دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ، — ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قەدرىگە يېتىپ، ھالاللاپ ئاش يەيدىغان قا-زىنىڭىز كىچىك قازان.

## ئۆزۈم چىقىپ كېتەلەيمەن

ھېسام بىر باغقا شورىدىن ئاتلاپ كىرىپ، خالتىسىنى

مېۋىلەر بىلەن لىق توشقۇزۇپتۇ. چىقىپ كېتەر ۋاقتىدا باغ-ۋەن ئۇستىلەپ كېلىپ قاپتۇ - دە، شوتىغا ياماشقان ھېسام-نىڭ ئۈشنىسىدىكى خالتىغا ئېسىلىپتۇ.

— يۆلەپ ئاۋارە بولماڭ، ئاكا، — دەپتۇ ھېسام غەم تارت-ماي، — تام ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىكەن، ئۆزۈم چىقىپ كېتە-لەيمەن.

## چاپان سېتىۋېلىش

ياخشىراق بىر چاپان ئالماقچى بولۇپ رەستىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ھېسامنىڭ ئالدىنى بىر دۇكاندار توسۇپتۇ:

— ھېسام، قاراڭ ماۋۇ يارىشىملىق چاپانغا، بۇنى كىيسى-ڭىز بىراقلا ئون بەش ياش ياشىرىپ كېتىسىز !

— ئالالمىغۇدەكمەن، — دەپتۇ چاپانغا سىنچىلاپ قارىغاچ ھېسام، — چاپىنىڭىز تۆت ئايدىلا توزۇپ كەتسە، مەزگىلسىز ئون بەش ياش قېرىپ كەتمەمدىمەن؟

## ئېچىپ يېيىش

ھېسام بىكار تۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە قوي-غانىكەن، ئىجارىكەش ئۆينىڭ تورۇسىغا قاراپ:

— ئۆيدىغۇ ئولتۇراي، ئەمما كېلەر يىلى ئۆينى بىر ئېچىپ يېيىپ بېرىسىز - دە، ھېسامكا، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

— چاتاق يوق، — دەپتۇ ھېسام ئازازۇل ئايالىغا بىر قارىۋېلىپ، — كېلەر يىلى ئەمەس، بېشىڭىز ئامان بولسا، بۇ يىللا ئۆينى بىرنەچچە قېتىم ئېچىپ - يېيىپ بېرىمىز.

## سۆزنى ئۆلچەش

مەلۇم سورۇندا ھېسام بىر ياغاچچى ئاغىنىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ياغاچچى ئاغىنىسى ھېسامنى چۆشۈرمەكچى بولۇپ:

— ھوي ھېسام، سېنىڭ مۇشۇ كۇنلەردە ئۆزۈڭدىن گېپىڭ يوغىناپ كېتىپ بارامدۇ، نېمە؟ — دەپتىكەن، ھېسام دەرھال:

— سەن ياغاچچى بولدۇم دەپ، ئەمدى گەپنىمۇ سانتىلايدىغان بوپسەن ـ دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## جەرىمانە

تۆت كوچا كېسىشكەن يەردە قىزىل چىراغنىڭ يانغىنىنى كۆرمەي قالغان ھېسامنى قوپال قاتناش ساقچىسى دۆشكەلەپتۇ:

— ھەي، كۆزمۇ، تامنىڭ تۆشۈكىمۇ؟ پېشانەڭدىكى چىراغنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئاسمانغا قاراپراق ماڭساڭ بولمامدۇ. چىقار جەرىمانىنى !

— جەرىمانە ئەمەس، جاننى ئالساڭمۇ سىلىقراق سۆزلىسەڭ، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام جاۋابەن، — ئاسمانغا قاراپ مېڭىپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتسەم، بالا ـ چاقامغا سەن جەرىمانە تۆلەمسەن؟

## ئىگىسى نەدە

كەچ كۇرستا ساۋات چىقىرىپ يۈرگەن كۇنلىرىدە ئوقۇتقۇچى بىر قېتىم ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، جاۋاب بېرىڭا، ھۆرۈن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، دېگەن جۈملىنىڭ ئىگىسى نەدە؟

ھېسام ئويلىنىپ كېتىپ جاۋاب بېرىپتۇ:
— يەرلىكتە.

## ھېكايە ۋە خەۋەر

ھېسامنىڭ ئوبدانغىنا ھېكايە يازىدىغان بىر ئاغىنىسى ئاسان يولغا بېرىلىپ خەۋەر يېزىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھېسامغا مەسلىھەت سايتۇ:
— خەقلەر ھېكايىنى تاشلىۋەتتىڭ، دەپ بەكمۇ جىملەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى يەنە ھېكايىگە كىرىشمىسەم بولمايدىغاندەك، ئاداش.
— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ ھېسام، — شۇ سەۋەب ئۇ-چۇنلا ھېكايە يازىدىغان بولساڭ، ئەمدى يازغان ھېكايىلىرىڭمۇ خەۋەردىن پەرقلەنمەيدۇ.

## شۇڭلاشقا...

ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىدىغان بىر كىشىدىن ھېسام سوراپتۇ:
— ئاغىنە، ئىلھامىڭىز قانداق ۋاقىتتا كېلىدۇ؟
ھېلىقى كىشى ھېسامنى كۆزگە ئىلمىغاندەك جاۋاب بېرىپتۇ:
— ھاجەتخانىدىكى ۋاقتىمدا.
— توغرا! — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — شۇڭلاشقىمۇ يازغان-لىرىڭىزدىن غەيرىي پۇراق پۇراپ تۇرىدۇ.

## باشقىسىنى دەڭگا

ھېسام تېۋىپلىق قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كىشى يۈرەك ئاغرىقىدىن زارلىنىپ كەپتۇ.

— يۇرىكىڭىز قانداق چاغلاردا تولاراق ئاغرىيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسام بىمارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ.

— ئورۇنسىز پۇل خەجلەپ قويغان چاغلاردا، — دەپتۇ بىمار. ھېسام يۈزىنى چەتكە ئۆرۈپ:

— باشقىسىنى دەڭا، ئورۇنسىز پۇل خەجلىسەم، مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ.

## قېرىش

ياش تۇرۇپ چېچى ئاپئاق بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت كوچىدا ھېسامنى كۆرۈپ چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسامكا، نېمانداق ماڭىسىز؟ پۇتىڭىزدىن قېرىپسىز جۇمۇ !

— قېرىشمۇ ھەر خىل بولىدىكەن، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام دەرھال توختاپلا، — مەن پۇتۇمدىن قېرىپتىمەن، سىز بېشىڭىزدىن...

## ئەكىلىپ بېرىش

ھېسام ئولتۇرۇۋاتقان ھويلىدىكى تۇل موماينىڭ نەچچە بالىسى بولسىمۇ، بىرەرى ھالىدىن تۇزۇك خەۋەر ئالمايتتى. بىر قېتىم ئاساسىي قاتلام مۇدىرى ھېسامدىن ئەھۋال ئىگىلەپتۇ:

— ھېسام، قوشنىڭىزنىڭ بالىلىرى مومايغا بىرەر نېمە ئەكىلىپ بېرىپ تۇرامدۇ؟

— ئۈچ بالىسى ئۈچ تەرەپتىن باقالمىغان بوۋاقلىرىنى ئەكىلىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ ھېسام.

— ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە بەرمەمدۇ؟

— راستىنىلا، تاس ئۇنتۇيدىكەنمەن، — ھېسام بېشىنى

بىر شاپىلاقلاپتۇ، ــ بالىلىرىمىزغا ئېيتمىسىڭىز، دەپ سوت پاراشوكىمۇ ئەكېلىپ بېرىدۇ.

## «بەشتە ياخشى»نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ

ھېسام ھارۋىكەشلىك قىلغان بىر يىلى «بەشتە ياخشى» بولۇپ باھالىنىپتۇ، ئىككىنچى يىلى يەنە ياخشى ئىشلىگەن بولسىمۇ، باشلىق بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىپ سايلىنالماي قاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ خىزمەتتە سۇسلىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى مەلۇم ئىش بىلەن باشلىق ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ بىر يەرگە بارماقچى بوپتۇ. يولدا ھېسامنىڭ ھارۋىسىنىڭ مايلانمىغان چاقى قۇلاقنى زىڭىلداتقۇدەك غىچىرلاپ مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق قاپىقىنى سېلىپ سوراپتۇ:

ــ ھېسام، ھارۋاڭ غىچىلداپ قاپتىغۇ؟

ــ غىچىلدىغىنى يوق، باشلىق، ــ دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ، ــ بۇلتۇرقى «بەشتە ياخشى»نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتىدۇ.

## قەرز

ئىدارە باشلىقى ھېسامنىڭ تام گېزىتىگە يازغان ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، كۆپ قەرز ئالماسلىق توغرىسىدىكى ماقالىسىنى بوغالتىرغا ماختاپ ئولتۇرغىنىدا، بۆلۈمگە ھېسامنىڭ ئۆزى كىرىپ قاپتۇ.

ــ كېلىڭ، ھېسام، خوش، نېمە ئىش؟ ــ دەپتۇ باشلىق ھېسامنى خۇش مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىپ.

ــ ئازراق خىجىلچىلىق بىلەن كىرىۋىدىم، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ كېلەر ئايلىق مائاشىم ھېسابىغا يىگىرمە سوم قەرز

تەستىقلاپ بەرسىڭىز.

— نېمە؟ — دەپتۇ باشلىق ھەيران بولۇپ، — ھوي، سىز تام گېزىتىگە قەرز ئالماسلىق ھەققىدە ماقالە يېزىۋىدىڭىزغۇ؟

— ئۇ خەققە دېگەن تەشۋىق - دە، — دەپتۇ ھېسام، — ئۆزۈمنى دېسەم ھەرگىز يازمايتتىم.

## توسۇلۇپ قالمايدۇ

دائىم باشقىلارغا خۇشامەت قىلىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن ھېسامغا زوقلانغان ھالدا:

— ھېسامىدىن، ئاۋازىڭىزغا قايىلمەن - دە، قاچانلا گەپ قىلسىڭىز، چاق - چاق چىقىدۇ، مېنىڭكىدەك خىرىلدىمايدۇ. ئېيتىڭا، بۇنىڭدا نېمە سىر بار؟ — دەپتۇ.

— بىرلا سىر بار، — دەپتۇ ھېسام، — مەن دائىم تىك تۇرۇپ سۆزلەيمەن، ئاۋازىم توسۇلۇپ قالمايدۇ، سىز ئېگىلىپ سۆزلەيسىز، يېرىمى ئىچىڭىزدە قالىدۇ.

## كۆچۈك باغلىغۇچلىك

بىر قىز ھېسامىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئىككى مىڭ سومغا ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىۋىدىم، ئوغرى ئېلىۋالارمىكىن، دەپ قورقۇپ بىلىكىمگە تاقىيالماي يۈرىدىمەن، ھېسامكا، سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دەپتۇ ھېسام جاۋابەن، — بىلىكىڭىزدىكى بىلەزۈكنىڭ بىر ئۇچىغا كۈچۈك باغلىۋېلىڭ.

## يالقۇنلۇق پاراك

لاۋزا گەپنى تولا قىلىدىغان بىر يىگىت ئولتۇرۇشتا ھېـ-
سامىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپتۇ:
— ھېسامكا، قېنى، قىزىق، يالقۇنلۇق پاراڭلىرىڭىزدىن
قىلمامسىز؟
— يالقۇنلۇق پاراڭلارنى قىلاتتىمغۇ، — دەپتۇ ھېسام، —
لېكىن، سىزنىڭ قۇرۇق پاراڭلىرىڭىزنى كۆيدۈرۈۋېتەرمىكىن،
دەپ قورقىمەن.

## نېمىسى بالا تونۇر

مەھەللە ناۋىيى دائىم خەقنىڭ ئەكېلىپ بەرگەن ئۇنىدىن
ناننى كەم چىقىرىپ، ئارتۇقىنى ئۆزى سېتىپ ھايان ئالىدىكەن.
بىر قېتىم توساتتىن ناۋاينىڭ تونۇرى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.
— قارىمامسىز، ھېسامىدىن، — دەپ ھال ئېيتىپتۇ
ناۋاي نانغا كەلگەن ھېسامغا، — يېپيېڭىلا تونۇر نېمە بولۇپ
ئۆرۈلۈپ كەتكەندۇ؟
— ئۆرۈلۈپ ئەمەس، يېرىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، —
دەپتۇ ھېسام ئويلىنىۋېلىپ، — كەم چىقىرىپ قورسىقىغا
تىقىۋالغان نانلىرى ئاخىر پاتماي قالدىمىكىن دەيمەن.

## قاسقان ئورنىتىۋېلىڭلار

ئادەم تىقما - تىقماق ئاپتوبۇستا راسا قىينالغان ھېسام
بىر ئامالىلاپ بېلەت ساتقۇچىنىڭ يېنىغا يېقىنلىشىپتۇ - دە:
— ئۇكام، ئاپتوبۇسۇڭلارنىڭ تۆپىسىنى قاسقانلىق قىـ-

لىنۋالساڭلار بولمامدۇ؟ — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ بېلەت ساتقۇچى قىز ھەيران بولۇپ. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئادەمنى تېخىمۇ كۆپ قاچىلايتتىڭلار دەيمىنا!

## ئېپچىل جاۋاب

باشلىقنىڭ كەينىدىن چىقماي يۈرىدىغان بىر خىزمەتدىشى بىر قېتىم ھېسامغا تەنە قىپتۇ:

— ھېسامكا، مۇدىرنىڭ بالىسىنى ئەركىلەتسىڭىز، بەئەينى كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالىدىكەنسىزغۇ؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دەپتۇ ھېسام ئۇنىڭ ئۆزىگە ياندۇرۇپلا، — باشلىقنى كۆرسەمغۇ، خوتۇن كىشىلا بولۇپ كېتىمەن.

## بىر تاغار قىرغاۋۇل



— مەھەللىمىزدە قىرغاۋۇل كۆپ قونىدىغان بىر دەرەخ بار ئىدى. بىر قىشتا تاغارنى ئاچقىپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ، دەرەخنى بىر تېپىپتىكەنمەن، بىردەمدە تاغار قىرغاۋۇلغا توشتى.

— قويۇڭا، ھېسامكا، توڭلاپ قالغۇچە قونۇپ تۇرۇۋېرىدىغان قانداق قىرغاۋۇللاركەن ئۇ؟

— قەھرىتان سوغۇقتا قىرغاۋۇل تۇرماق دەرەخكە قونـ-
ساڭ سەنمۇ توڭلاپ قالىسەن.

## مەشەدىمىكىن دەپتىمەن

ئىدارىدە يىغىن بار، دېگەن كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالدىراپ ئىشقا كېتىۋاتقان ھېسام ئىدارە باشلىقىنىڭ بىرنەچچە ئۈلپەتـ-
تى بىلەن رېستورانغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ھېلىقىلارنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرماي كىرىپتۇ.

— ھېسامىدىن، بۇياقتا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپتۇ ئەمدىلا رومكىنى قولىغا ئالغان باشلىق تۇتۇلۇپ.

— ئىدارىدىكى يىغىنغا كېتىۋاتاتتىم، — دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ، — سىزنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىڭىز-
نى كۆرۈپ، يىغىن ئورنى ئۆزگەردىمىكىن، دەپ قاپتىمەن.

## ساتىراشخانىغا بارغىن

چاچلىرى پاخپىيىپ ئادەمنىڭ ئىچى پۇشقۇدەك ئۆسۈپ كەتـ-
كەن ئاتىكارچى بىر يىگىت يولدا ھېسامنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ:

— ھېسامكا، يۈرمەمسەن، بىر يەرگە بېرىپ كەلمەيلىمۇ؟

— نەگە بارغۇڭ بار، ئۇكا؟ — ھېسام يىگىتتىن سوراپتۇ.

— ئىشقىلىپ بارمىغىلى ئۇزاق بولغان بىرەر يەرگە بارـ-
ساق دەيمىنا!

— ياخشى، — دەپتۇ ھېسام شۇ چاغدا، — ئەمىسە دەرـ-
ھال ساتىراشخانىغا بارغىن.

## بېخىلنى ئوخشىتىش

مەھەللىدە تولىمۇ بېخىل بىر كىشى بولۇپ، ھەتتا

ھېيت ـ ئايەم كۆنلىرىمۇ ئۆينى قۇلۇپلاپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن يوقىلىپ كېتىدىكەن، ئوغلىنىڭ تويىنى قىلغاندا يۇرتـ قا چايمۇ بەرمىگەنىكەن. ئەھلىمەھەللە بۇ بېخىلغا بەكمۇ ئاچـ چىقلىنىپ يۈرىدىكەن.

بىر قېتىم مەھەللىدىكى بىر تويدا ھېسام بىلەن بېخىلغا بىر تاۋاق توغرا كېلىپ قاپتۇ. ھېسام ئەتەي تاۋاقنى ئالدىغا تارـ تىپتۇ ـ دە، پولۇنى كاپملاپ يېگىلى تۇرۇپتۇ، بىردەمدىلا تاۋاقـ نى بوشىتىپ قويىاي دەپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن بېخىل ھېسامنى گەپ بىلەن بابلىماقچى بولۇپ:

— سۆھبەتتە خەققە گەپ بەرمەيسىز، تويدا ھەمتاۋاققا نەپ بەرمەيسىز، — دەپتۇ. ھېسامىمۇ بېخىلنىڭ ئېغىز ئېچىـ شىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇ ئالدىرىماي ئاغزى ـ قولىنى سۈرتۈپ بولۇپ بېخىلنىڭ چاقچىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئىشىك ئالدىڭىزدىكى ئېرىقتىن لاي بەرمەيدىكەنسىز، توي قىلىپ ئەل ـ يۇرتقا چاي بەرمەيدىكەنسىز.

بېخىل رەڭگى بوزىرىپ، تىلى تۇتۇلۇپ يەرگە قاراپتۇ.

## تېلېۋىزور تۇغسا...

ھېسامنىڭ ئوغلى بىر كۈنى خۇشال ھالدا بىر ئاسلاننى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپتۇ ـ دە:

— چوڭ دادامىلارنىڭ مۈشۈكى تۇغۇپتىكەن، بۇ ئاسلاننى ماڭا باققىن، دەپ بەردى، — دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوغلى ھېسامنى خىجالەت قىپتۇ:

— دادا، تېلېۋىزور ئېلىپ بەرگىنە !

بېشى قاتقان ھېسام ئوغلىنى بەزلەپتۇ:

— تۇرۇپ تۇر، بالام، چوڭ داداڭلارنىڭ تېلېۋىزورى

توغسا، بالىسىنى ساڭا بېرىدۇ.

## نېمە قىلاتتى

ھېسامنىڭ بىر توغقىنىنىڭ بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان ئوغلى شۇ كەمگىچە ئورنىغا سىيىپ ياتاتتى. بىر قېتىم توغقىنىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا مەست ئولپەتلەر ئۆي ئىگىسىنىڭ ئوغلىغا زورلاپ ئىچۈرۈپ، بالا نەچچە قۇسۇپ ياندۇرغاندىن كېيىنلا بۇلۇڭغا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن ئاچچىقى يامان توغقىنى ھېسامغا شىكايەت قىپتۇ:

— قاراڭا، ھېسامىدىن، ئاخشامقى ناكەسلەر كىچىككىنە بالىنى نېمە قىلىۋەتتى، ھە؟

— نېمە قىلاتتى، — دەپتۇ ھېسامىمۇ ئېچىنىپ، — سىيىپ ياتىدىغان بالىنى قۇسۇپ ياتىدىغان قىلىپ قويدى.

## كونا ھۈنەر

يولدا كېتىۋاتقان ھېسامنى بىر تونۇشى تۇسۇۋېلىپ ھەيرانلىق بىلەن سوراپتۇ:

— توۋا، ھېسامىدىن، يېڭى بۆلۈم باشلىقىمىز ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بازاردا شار پۈۋلەپ سېتىپ يۈرەتتى، قانداق قىلىپ ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالغاندۇ؟

ھېسام ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپتۇ:

— شۇ، پۈۋلەيدىغان كونا ھۈنەرنى ئىشلىتىپ.

## خورەكنىڭ سۆۋەبى

بىر ئەتىگەنلىكى ئورۇن يىغىۋاتقان ئايالى ھېسامغا كايىپتۇ:

— ھېسام، مۇشۇ كۈنلەردە نېمانچە خورەك تارتىدىغان بو-لۇۋالدىڭىز؟
— سەن مېنى دائىم ئۆلۈكتەك ئۇخلايسەن دېگەچكە، — دەپتۇ ھېسام دەرھال.

## بىكارغا ئالغان چاچ

ھېسام ساتىراشلىق قىلغان كۈنلەردە مەھەللىدىكى بىر خەسىس دائىملا چېچىنى ئالدۇرۇپ پۇل بەرمەيدىكەن. بىر قېتىم ھېسام ئۇنىڭ چېچىنى چالا ئېلىپلا بولدى قىپتۇ.
— ھېسام، بۇ قانداق ئالغان چاچ؟ — دەپ خاپا بوپتۇ خەسىس ئەينەككە شۇنداق قاراپلا.
ھېسام ھودۇقماي جاۋاب بېرىپتۇ:
— بىكارغا ئالغان چاچ.

## ئۇستىرا بىلگەن ھەقنى بېرەرسىز

ھېسامنىڭ بېشىنىڭ يېرىمى پاينەك ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ ساتىراشخانىدا چاچ ئالدۇرۇپتىكەن، چىقارىدا ساتىراش ئۇ-نىڭ تەڭلىگەن پۇلىنى ئاز كۆرۈپتۇ:
— ھېسامدىن، بىر باش بىر سوم، ئەللىك تىيىن كەم بولىدۇ.
مۇنازىرىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى پەملىگەن ھېسام سا-تىراشقا چاقچاق قىپتۇ:
— باشقا قاراپ گەپ قىلايلى، ئۇستام، قاراڭا، بىلەينى بېشىمدا كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمنى، ئۇستىرا بىلمۇالغان ھەقنى ماڭا بېرەرسىز تېخى؟

## تۆت تونىنا قان

— ئۆتكەندە ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارسام، ئىككى كىلو قان سالدى، — دەپتۇ بىر پوچى سورۇندا. باشقىلار ئىشەنمەپتۇ. شۇئارىدا ھېسام پوچىنى قۇۋۋەتلەپتۇ:

— راست دەيدۇ، مەنمۇ ئۆتكەندە ئاغرىپ دوختۇرغا بېرىدۇم، تۆت تونىنا قانغا ئىككى سوتكا چىلاپ قويدى.

## بۇنىڭ تويى بولغان بىلەن

ھېسام بازارغا ساتقىلى ئىككى قوي ئەكىرگەنىكەن، دەللال قوينىڭ بىرىنى ئىككى يۈز سوم، يەنە بىرىنى يەتمىش سوم قىپتۇ ـ دە:

— بېرىڭ، ھېسامىدىن، مۇنۇ قويىڭىزنىڭ تويى بولۇپ كەتتى، — دەپتۇ.

— قىزىقكەنسىز، — دەپتۇ ھېسام، — بۇ قويۇمنىڭ تويى بولۇۋاتقان بىلەن ماۋۇ قويۇمنىڭ ھازىسى بولۇۋاتامدۇ.

## ۋاپۇرۇش ئەمەس

ھېسامنىڭ شىرەم بىر تۇغقىنى ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپ، توققۇز بالا تاپقانىكەن. بىر كۈنى بازاردا بالىلىرىغا توققۇز جۈپ ھېيتلىق بەتىنكە ئالغان تۇغقىنى ھېسامغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئىككىسى پاراڭلىشىپ تۇرغىنىدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايال مۇرىسىگە جىقلا بەتىنكە ئارتىۋالغان ھېسامنىڭ تۇغقىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، توختاپ توۋلاپتۇ:

— ھەي ۋاپۇرۇش !

توغقىنى ئۆرۈلۈپ جاۋاب قايتۇرغۇچە، ھېسام ئايالغا چۈ-
شەنچە بېرىپتۇ:
— خاتالاشتىلا، بۇ ئادەم ۋاپۇرۇش ئەمەس، خوتۇنپۇرۇش.

## خاماندا ياتقاندەك ياتتۇق

ناھىيىدىكى بىر ئاغىنىسى چىقمىدىڭلار، دەپ تولا جوراپ
كەتكەندىن كېيىن مەھەللە يىگىتلىرى ھېسامنى ئېلىپ قو-
نالغۇغا چىققانىكەن، ساھىبخانا مېھمانلارغا قاتتىق نان بىلەن
چاي بېرىپ، ئاخشىمى باشلىرىغا سامان تەكىيە قويۇپ ئورۇن
سېلىپ بېرىپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگەندە ساھىبخانا مېھمانلاردىن ئەھۋال سوراپتۇ:
— قانداقراق ياتتىڭلار، ئاغىنىلەر؟
— ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ ھېسام جاۋابەن، — خا-
ماندا ياتقاندەك ياتتۇق.

## چوڭ بولسا...

بىرى ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:
— زامان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدىكىنتاڭ، قاراڭ، ھې-
سامىدىن، ئىككىنچى ئوغلۇم ئون ياشتىلا قىمار ئويناشقا ئۆ-
گىنىۋاپتۇ. بۇ بالا چوڭ بولسا نېمە بولار؟
— چۈشىنىشلىك، — دەپتۇ ھېسام، — تولا ئەنسىرىمەڭ،
ئوغلىڭىز چوڭ بولسا، تاۋكا خوجايىنى بولىدۇ.

## كېكەج قوي

ساقىي ھېسامنى قوي كاللىسىدىن بىرنى ئەكېلىشكە

بۆيرۆپتۇ. قورسقى ئېچىپ تۇرغان ھېسام يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ تىلىنى يەۋېلىپ چاندۇرماي ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

— ۋاي، بۇ قوينىڭ تىلى يوققۇ، — سوراپتۇ ساقىي قوي كاللىسىنى پارچىلاۋېتىپ.

— توۋا، — دەپتۇ ھېسام دەرھال ياقىسىنى تۇتۇپ، — قوي-نىڭمۇ كېكەچلىرى بولىدىكەن - ھە؟

## بېلەتنى قايتۇرۇۋېتەي

ھېسام ئۇرۇمچىگە يىغىنغا بارماقچى بولۇپ ئايروپىلان بېلىتى ئالغىلى بېرىپتۇ. ئۇ بېلەتنى ئېلىپ تالاغا چىققان-كەن، بىر مەست ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ.

— ھەي ھېسامكا، ھېلى بىكار بىرنى قويسام ئۇچۇپ كېتىسەن، جۇمۇ!

— بۇمۇ ياخشى گەپ بولدى، ئەمىسە سەن مەشەدە تۇرۇپ تۇر، مەن ماۋۇ ئايروپىلان بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتىپ چىقاي، — دەپتۇ - دە، ھېسام كەينىگە قايرىلىپتۇ.

## سايەممىكىن دەپتىمەن

بىر شەپشەك يىگىت كوچىدا كېتىۋاتقان ھېسامنىڭ ئار-قىسىدىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، دەلدەڭشىپ خېلى يەر-گىچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ - دە، بىر چاغدا:

— ھېسامكا، خېلى يەردىن بىللە كېلىۋاتىمەن، ئەجەب مېنى كۆرمىدىڭا؟ — دەپ ئۇنى توختىتىپتۇ.

— رەنجىمە، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام ئۆزرە سوراپ، — باياتىن تېخى مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ سايەممىكىن دەپتىمەن.

## چاقچاقنى كۆتۈرۈش



مەھەللىگە كەلگەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ بىر كادىرى ھېسامغا دوق قىپتۇ:

— ئاغىنىساق، توي، مەشرەپلەردە ھەر - خىل چاقچاقلارنى قى - لىپ خەقنى كۈلدۈرەر - مىشسەن، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە چاقچاق قى - لىدىغان بولساڭ، چاق - چاقنىڭنى پرىنسىپقا كۆتۈرىمىز، ماقۇلمۇ؟

ھېسام مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— كادىر ئەپەندىم، كىچىكىمدىنغۇ مېنى ھېچكىم كۆتۈرمەپ- تىكەن، مەيلى، چاقچىقىمنى بولسىمۇ سىز كۆتۈرۈپ قويۇڭا.

## باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىشىشى

بىر سورۇندا كىشىلەر مۇناسىۋەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشۈپتۇ. ھەركىم بىلگىنىنى ئېيتىپتۇ. ئارىدىن بىرەي- لەن ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، قارىسام باياتىن سىزلا ئۈنچىقمايسىز، ئېي- تىڭا، مۇناسىۋەت قانداق باشلىنىپ، قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟

— مەندىن سورايدىغىنىڭلارنى بىلەتتىم، — دەپتۇ ھېسام

جاۋابەن، — هازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، چەكتىن چىققان مۇنا-
سىۋەت جوزا ئۈستىدە باشلىنىپ كويزا ئۈستىدە ئاخىرلىشىدۇ.

## ياندۇرىدۇ - دە

ھېسام بىر قىشتىكى مەشرەپكە دائىم تۇغقىنىنىڭ بىر با-
لىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ يۈرۈپتۇ. بىر قېتىم مەشرەپ
ئەھلىدىن بىرەيلەن ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:
— ھېسامكا، تۇغقىنىڭىز ھەر قېتىمقى ئولتۇرۇشتا ئىد-
چىدىكەنۇ ياندۇرىدىكىنا، نېمە ئىش بۇ؟
— ياندۇرىدۇ - دە، — دەپتۇ ھېسام جاۋابەن، — ئادەم-
گەرچىلىكى بار باللار...

## ئىسىڭىزگە سېلىپ قويۇۋاتىمەن

ھېسام ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ يۈرگەن يىللىرى ئۇنىڭ قول-
ىدا ئوقۇغان بىر يىگىت ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا زادىلا
سالام - سەھەت قىلمايدىكەن. يەنە بىر قېتىملىق دوقۇرۇشتا ھې-
سام ھېلىقى يىگىتنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئالدى بىلەن سالام قىپتۇ.
— ھېسامكا، ئەدەپ - قائىدىنى سىزدىن ئۆگەنسەك بولىدۇ-
دە! — دەپتۇ يىگىت قىزارماستىن.
— ئۆگەنگەنىدىڭىز، ئۇنتۇپ قاپسىز، — دەپتۇ ھېسامۇ
دەررۇ، — ئېسىڭىزگە سېلىپ قويۇۋاتىمەن.

## سەۋەب

— هاراق ئىچمىسە ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ، ئىچسە ئۆمۈرنى
قىسقارتىدۇ دېگەنگە بۇ قېتىم ئىشەندىم، — دەپتۇ بىر قې-

تىم ھېسام.

— قانداقسىغا؟ — سوراپتۇ سۆھبەتدىشى.

ھېسام سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپتۇ:

— بىر ھەپتە ئىچمىگەنتىم، بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

## ئېلان بىلەن خەۋەرنىڭ پەرقى

— ئېلان بىلەن خەۋەرنىڭ پەرقى نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسامدىن بىر ھەۋەسكار.

— ئېلانغا پۇل تۆلەيسەن، خەۋەرگە پۇل ئالىسەن، — دەپتۇ ھېسام.

## كۆڭۈلدىكىدەك مىسلىھەت

ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ياشلار خىزمىتىگە ئىنىسىنى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە كېلىنىنى، ماگىزىنغا باجىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى ئەيىبنى ئاچقان كونا كاتىپىنى خىزمەتتىن چەتلىتىپتۇ ـ دە:

— ھېسام، ئۆزىڭىز گەپ ـ سۆزىڭىز جايىدا ئادەم، كاـ تىپلىقنى ئىشلەڭ، — دەپتۇ.

— خاتالىشىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، شىياڭجاڭ، — دەپتۇ ھېـ سام، — ئىككىمىز ئۇرۇق ـ تۇغقان ئەمەسقۇ، كاتىپلىقتا قېيىنىڭىزنى ئەكېلىۋالسىڭىز، تازا جايىدا بولامدىكىن !

## سىجىزىگە يارىشا

ئارقا ئىشكتىن ئىش بېجىرىشكە ئادەتلەنگەن بىر باشلىق

ھېسام بىلەن بىر سورۇنغا بىللە بېرىشقا كېلىشىپ، ئۇنى ئىش-خانىسىدا ئۇزاق ساقلاپتۇ. ھېسام بولسا ئەتەي كېچىكىپ، سو-رۇنغا ئۆزى يالغۇزلا كېلىۋېرىپتۇ.

— ئادەمنى شۇنچىۋالا ساقلىتامسىز، ھېسام، — دەپتۇ باش-لىق ئۇنى كۆرۈپ چېچىلىپ، — ئىشخانامدا ئولتۇرا - ئولتا...

— ئاپلا، رەنجىمىگەيسىز، — ھېسام دەرھال ئۆزرە سوراپتۇ، — مەن تېخى سىزنى ئارقا ئىشىكتە ساقلاپ تۇرۇۋې-رىپتىمەن ئەمەسمۇ!

## نەگەرەك تاشلىدىڭىز

ئىچمەسلىككە تولا قۇرۇق قەسەم قىلىدىغان بىر يىگىت بىر كۈنى ھېسامغا يەنە دەپتۇ:

— خۇش خەۋەر، ھېسامكا، بۇدا ھاراقنى راستتىنلا تاشلى-ۋەتتىم!

— نەگەرەك تاشلىدىڭىز؟ — دەپتۇ ھېسام مېڭىشقا تەمشى-لىپ. يىگىت ھەيران بوپتۇ:

— نېمە قىلىسىز؟

— تاشلىغان يېرىڭىزدىن ئېلىپ، سىز يەنە تاپالمايدىغان يەرگە ئۆزۈم بىر تاشلىۋېتەي دېمىنا.

## خوتۇن قېچىۋاتسا

ھېسام بېيجىڭغا يېڭىنىغا بارغىنىدا، بىر - ئىككى قې-تىم ئۆزى يالغۇز مېھماندارچىلىققا كېتىپ قاپتىكەن:

— ھېسامكا، نېمىشقا بىزگە دېمەي بازارغا چىقىپ كېتىسىز، قىزلار ئەپقېچىپ كەتسە، قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ بىرى.

— قىزىقكەنسىز ! — دەپتۇ ھېسام گەپ بەرمەي، — ئالغان خوتۇن مەندىن قېچىپ كېتىۋاتسا، نەنىڭ قىزىقكەن ئۇ ئەپقاچىدىغان؟

## ئاسما ئوكۇلدەك

مەشرەپتە بىرەيلەن ئۆزۈپ، تامشىپ تۇرۇپ بىر سائەتچە پاراڭ قىلىپ ھەممەيلەننى بىزار قىلىۋېتىپتۇ ـ دە، سورۇن تارقالغاندا ماختىنىش ئاھاڭىدا ھېسامدىن سوراپتۇ:
— لىللا پاراڭ قىلىڭە، گەپنى قانداقراق قىلىدىكەنمەن؟
— باشقا تەرىپىنى بايقىيالمىدىم، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمما ئاسما ئوكۇلدەك گەپ قىلىدىكەنسىز.

## يوغا يو بىلەن

مەھەللە دوقمۇشىدىكى پاراڭدا بىر پوچى دەپتۇ:
— كەلگۈسىدە كۆمۈرلەرنى ئاپتوبۇستىلا توشۇيمىز، ئازراق كۆمۈر بولۇپ قالسا، تېخى پىكاپتىلا...
ساددا بىر ئادەم ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:
— ئەمىسە، قارا ماشىنىلار نېمىش قىلىدۇ؟
تېڭىرقاپ قالغان پوچىغا ياردەملەشكەندەك ھېسام:
— باشقىلار ئولتۇرمامدۇ، — دەپتۇ.

## ئاخىر چاچراپ كېتىپتۇ ـ دە

ھېسامنىڭ ئوغلى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ:
— دادا، قوشنىمىزنىڭ بىر ئايلىق قىزى ئۆلۈپ قاپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتىكەن، ھېسام:

— بالام، كىچىك بالىنى «ئۆلدى» دېمەيدۇ، «چاچراپ كەتتى» دەيدۇ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ھېسامنىڭ ئوغلى يەنە تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ:

— دادا، يۇقىرىقى مەھەللىدىكى كوندىلا مەست يۈرىدىغان ئادەم چاچراپ كېتىپتۇ.

ھېسام دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ ـ دە:

— رەھمەتلىك، ئۆزىمۇ بىر سۆيۈق ئادەم بولىدىغان، ئاخىر چاچراپ كېتىپتۇ ـ دە! — دەپتۇ.

## سىنلىرمۇ قەسەم ئىچكەنمۇ

ھېسام بىر مەزگىل ئىچمەيمەن، دەپ يۈرۈپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىگە قويمىغان ساقىيغا ۋارقىراپتۇ:

— مەندىن نېمىشقا ئۆتكۈزۈۋېتىسەن؟

— ئۆزىڭىز ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچكەنغۇ؟

— مەنغۇ ئىچمەيمەن، دەپ قەسەم ئىچىپتىمەن، سەنلەر زورلىمايمىز، دەپ قەسەم ئىچكەنمۇ؟ — دەپ كايىپتۇ ھېسام.

## تېلېفون ئارقىلىق تىلەيدۇ

بىرى ھېسامدىن:

— ھېسامكا، زامان تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. كېيىنچە تىلەمچىلەر قانداق قىلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شۇنچىلىك ئىشنىمۇ بىلمىدىڭمۇ، — دەپتۇ ھېسام، — تېلېفون ئارقىلىق تىلەۋېرىدۇ ـ دە.

## قاۋاقخانىغىچە...

ھېسام راسا ئىچىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرى ئۇ-نىڭدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، نېمىشقا بىر ئوبدان باشلىنىۋالغان سەھەردىكى يۈگۈرۈشنى تاشلىنىۋەتتىڭىز؟

ھېسام دەپتۇ:

— سەھەردە قاۋاقخانىلارنى ئاچمايدىكەن ئەمەسمۇ.

## ئاسان چارە

ھېسامنىڭ داۋاملىق كىيىم - كېچەكنىڭ جېدىلىنى قىلىپلا يۈرىدىغان ياسانچۇق ئايال قوشنىسى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— تۈنۈگۈن بىر كۆڭلەك ئالغانىدىم، چوڭ كېلىپ قالدى، مەسلىھەت بېرىڭا، قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ ھېسام، — ئىچىڭىزگە قېلىنراق پايتىما يۆگەپ كىيىۋېرىڭ.

## مۈشۈكتىن سورا



بىر بالا ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، بىلەمسىز، بىر چاشقان ئوتتۇرا ھېساب بىلەن قانچىلىك ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ؟

— سەن بۇنى ئەڭ ياخشىسى مۈشۈكتىن سورا، — دەپتۇ ھېسام. بالا ھەيران بوپتۇ.

— چۈنكى، — دەپتۇ ھېسام

چۈشەندۈرۈپ، — چاشقاننىڭ قانچىلىك ئۈمۈر كۆرۈشى پۈتۈنلەي مۈشۈكنىڭ ئىنساپىغا باغلىق.

## نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت

— ھېسامكا، ئۆتكەندە ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، ئاخىرىدا پەس بولغانلىقنى تەنقىدلەپ يۈمۈر يېزىپتىكەنسىز. تۈنۈگۈن قارىسام ئۆزىڭىز مەست بولۇپ، يولنى بىر ئاپسىز. ئاغزى - بۇرنىڭىز غىچ قۇسۇق، بۇ زادى قانداق بولغىنى؟ — دەپتۇ بىر كىشى ھېسامغا.

— بۇنىڭ ھەيران بولغۇدەك نېمىسى بار؟ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە كۆرستىمىش دېگەننىڭ ئۆزى شۇ، — دەپتۇ ھېسام.

## ۋەدە يانمىسۇن

ھېسام ئۇقەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر تونۇشى ئۇنىڭغا ئەرزان باھادا مال ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىپتۇ. بۇنىڭغا خۇشال بولغان ھېسام ئۇنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلغانىكەن، ئۇ جىق ئىچىۋەتكەچكە، ئۆيىنىڭ ئىچىدىلا ياندۇرۇشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھېسام دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ - دە، دۈمبىسىگە ئاستا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— دوستۇم، ھاراق يانسا يانسۇن، ئەمما ۋەدە يانمىسۇن.

## ئالداش

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— بىلەمسىز، بازاردىكى بەزى ئۇقەتچىلەر قانداق قىلىپ

جان باقىدۇ؟

ھېسام دەپتۇ:

— چۈشكىچە خەقنى ئالدايدۇ، چۈشتىن كېيىن بىر - بىرىنى ئالداپ جان باقىدۇ.

## ئاۋۋال كاستۇمىڭنى ئەكەل

بىر پوچى ھەمىشە ھېسامنى بازاردا كۆرسە:

— ھېسامكا، يۇرمەمسىز، ئاشخانىغا كىرەيلى، — دەپ زورلايدىكەن، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن دائىملا:

— ئاپلا، پۇل كاستۇمنىڭ يانچۇقىدا قاپتۇ - دە، ھېسامكا، بۇ دورەم سىز تۆلەپ تۇرۇڭە، — دەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى پوچى يەنە ئۇچراپ قاپتۇ.

— ھېسامكا، يۇرمەمسىز، ئاشخانىغا كىرەيلى، — دەپتۇ ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— بولىدۇ، ئۇكا، — دەپتۇ ھېسام شۇ چاغدا، — ئاۋۋال كاستۇمۇڭنى ئەكەل.

## ئىقتىسادچانلىق

ھېسام بىلەن ئايالى بىر كۈنى ئىقتىسادچانلىق ھەققىدە ماختىنىشىپ دەتالاش قىپتۇ:

— ئىقتىسادچان خوتۇنمەن، — دەپتۇ ئايالى، — قاراڭا، بۇلتۇر سىز ئېلىپ بەرگەن بىر كىسەك سوپۇننى ھېلىغىچە ئىشلىتىۋاتىمەن.

— شۇمۇ ئىقتىسادچانلىقمۇ؟ — دەپتۇ ھېسام قايىل بولماستىن، — مېنى قارا، يېڭى تاماكامنى كونا تاماكامدىن

تۇتاشتۇرۇپ، ئۇزۇلدۇرمەي چەككەچكە تالاي قاپ سەرەڭگىنى ئىقتىساد قىلىپ قالدىم.

## چاقمايدۇ

ھېسام ھەدېسىلا كىشىلەرنى باشلىققا چاقىدىغان بىر خىزمەتدىشى بىلەن باغقا سەيلىگە كىرىپتۇ. بىر ھەرە كېلىپ ھېسامنىڭ قولىنى چېقىۋاپتۇ. ھېسامنىڭ ئاچچىقى كېلىپ تۇرسا، ھېلىقى خىزمەتدىشى:

— ھېسام، بۇ قانداق گەپ، ھەرە مېنى چاقماي، ئەجەبا سىزنى چېقىپتىغۇ؟ — دەپتۇ ئۆزىچە زاڭلىق قىلىپ.

— ھەرە ھەرىنى كۆرسە چاقمايدۇ - دە، — دەپتۇ ھېسام جاۋاب بېرىپ.

## بەك ئوڭاي

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامكا، تاماكا تاشلاي دېۋىدىم، ئوڭايمىدۇ، تەسمىدۇ؟

— ئوڭاي بولماي، — دەپتۇ ھېسام، — ئوڭاي بولغاچقا، مەن شۇ كەمگىچە بىرەر يۈز قېتىم تاماكا تاشلىدىم ئەمەسمۇ.

## قويۇۋېتىڭ...

قول ئاستىدىكى بىر هاراقكەش ئادەم بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان بىر باشلىق ھېسامغا دادلاپتۇ:

— بۇ هاراقكەش زادىلا تۈزەلمىدى، قاراڭ، قولۇمنى شۇنچە ئۇزاتتىم... قارىغاندا پاتقاقتىن تارتىۋالغىلى بولماي-

ـدىغاندەك تۇرىدۇ.

— قولىڭىزنى قويۇۋېتىڭ، — دەپتۇ ھېسام باشلىقـقـا، — بولمىسا سىزنىمۇ پاتقاقتا سۆرەپ كەتمىسۇن !

## ئىككى خىل نەرسە

— ئەللىكىنچى يىللاردا يېزىغا كەلگەن كادىرلار كىمنىڭلا ئۆيىگە كىرىپ تاماق يېسە، پۇل بىلەن ئاشلىق بېلىتىنى قالـ ـدۇرۇپ كېتىدىغان، ھە، ھېسامىدىن؟ — دەپ خورسىنىپتۇ بىر دېھقان ھېسامغا.

— ھازىر كەلگەن بەزى كادىرلارمۇ ئۆي ئىگىسىگە يەنىلا ئىككى خىل نەرسىنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتىدىغۇ، — دەپتۇ ھېسام.

— مەسىلەن، نېمىنى؟ — ئەجەبلىنىپتۇ دېھقان.

ھېسام جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— قۇرۇق بوتۇلكا بىلەن قوينىڭ تېرىسىنى.

## ۋەھىي

ھېسام بىر بېخىل ئاغىنىسىنى راسا كەلتۇرۇپ بابلىماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاغىنىسىنىڭ بېغىغا ئارقا تامدىن چۈشۈپتۇ ـ دە، ھەر خىل مېۋىلەرنى يەۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ئاغىنىسى باغ ئا ـ رىلاپ يۈرۈپ، ھېسامنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە «يېگەن مېۋىنىڭ پۇلىنى تۆ ـ لىمىگۈچە ھويلامدىن چىقمايسەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ھېسامىمۇ ئۇنـ ـچىقماي بېخىلنىڭ تامىقىنى يەپ يۈرۈۋېرىپتۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشـ ـمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بېخىل ھېسامدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ بىر ئەتىگەنلىك چايدا دەپتۇ:

— ھېسامىدىن، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ساڭا ئاسمانـ

ـدىن بىر ۋەھىي كەلدىمۇ، نىمە؟
— كەلدى، — دەپتۇ ھېسام ئەتكەنچايغا ناننى راسا چىلاۋېتىپ.
— ھە ـ ھە، نىمە ۋەھىي كەلدى؟ — دەپتۇ بېخىل ئالدىراپ.
— نىمە ۋەھىي بولاتتى، — دەپتۇ ھېسام، — «ھەي ھېسا ـ مىدىن، يەيدىغان، ئىچىدىغان يەرنى ئەمدى تاپتىڭ، مىدىرلىماي يېتىۋەر» دەپ ۋەھىي كەلدى.

## بىر سوئال، ئىككى سەۋەب

ئۆزىنىڭكىنى «يوق» خەقنىڭكىنى «سوق» دېيىشكە ئادەتلەنـ ـگەن بىر مەھەللىدىشى كەچلىك تاماقتا يېقىن دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ھېسامنى چاقىرىۋېرىپتۇ. ھېسام بولسا پەرۋا قىلماستىن ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر چاغدا ھېلىقى كىشى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپتۇ ـ دە، ھېسامغا:
— شۇمۇ ئادەمگەرچىلىكمۇ، ھېسام، ئۆيدە باركەنسىزۇ، شۇنچە چاقىرسام «ھە» دېمىگىنىڭىز نىمە سەۋەبتىن ؟ — دەپـ ـتۇ ئاچچىقلاپ.
— ئىككى سەۋەبتىن، — دەپتۇ ھېسام، — بىرىنچىسى، ھە دېسەم كىرىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرىدىم، ئىككىنچىسى، ھە دېمىسەممۇ كىرىۋېرىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم.

## تاماق سىڭدۈرۈش

ھېسام بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتقانىكەن، تاماق قورساقلىرى ئېچىپ ھالىدىن كېتەي دېگەندە تەييار بوپتۇ. تاماق پۇلىنى تۆلەۋاتقاندا ئاشخانا خوجايىنى:

— ھېسامكا، ساقلىتىپ قويدۇق، خاپا بولمىغايلا، — دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ.

— ئانچە ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىن تاماقنى باشقا يەردە يەپ، سىڭدۇرىدىغان چاغدا بۇ ئاشخانىغا كەلسەك بولغۇدەك، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ ھېسام.

## ئىدارىنىڭ پۇتى

ھېسام كوچا ئاپتوبۇسىغا ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىغا پۇزۇر كىيىنىۋالغان بىر ئايال ئېگىز پاشنىلىق ئايىغى بىلەن ئۇنىڭ پۇتىغا گاچچىدە دەسسىۋېتىپ، ئىتتىك بۇرۇلۇپ دەپتۇ:

— ھېسامكا، بۇ سىزنىڭ پۇتىڭىز ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، بۇ مېنىڭ پۇتۇم ئەمەس، — دەپتۇ تېرىكىپ تۇرغان ھېسام، — دەسسەۋېرىڭ، بۇ دېگەن ئىدارىنىڭ پۇتى.

## قېرىپ قالغان «س»

ھېسام ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئوقۇتقۇچى ئۇنى دوسكىغا چىقىرىپ «سالام» دېگەن خەتنى يېزىشقا بۇيرۇپتۇ. ھېسام ناھايىتى يوغان قىلىپ «سالام» دەپ يېزىپتۇ.

— ھېسام، — دەپتۇ ئوقۇتقۇچى تېرىكىپ، — مۇشۇنداق ئاددىي خەتنىمۇ توغرا يازالمامسەن؟ قارا، «س»نىڭ بىر چىشى چۈشۈپ قالدىغۇ، — دەپتۇ.

— مۇئەللىم، خاپا بولماڭ، مەن قېرىپ قالغان «س»نى يېزىپ قويغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ ھېسام.

## چېكىپ بولۇپ تاشلىمادىم

ھېسامنىڭ تاماكا چېكىۋاتقىنىنى كۆرگەن خىزمەتدىشى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، تاماكىنى تاشلىۋەتتىم دەۋاتماتتىڭىز، يەنە چېكىۋاپسىزغۇ؟

ھېسام ئۇنىڭدىن بەتتەر ھەيران بولغاندەك جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— قىزىقكەنسىزغۇ، چېكىپ تۈگەتكەندىن كېيىن تاشلىۋەتمەمدىم !

## ئىككى يېرىم

ھېسام بىر كۈنى ئايالى بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئايالىنىڭ قاپىقى خېلىغىچە ئېچىلمىغانىكەن، ھېسام بىر چاغدا پوپوزا قىپتۇ:

— ئۈچ دېگۈچە قاپىقىڭنى ئاچمايدىكەنسەن، كۆرسەن، بىر !

ئايال قاپىقىنى ئاچماپتۇ.

— ئىككى !

ئايال يەنىلا قاپىقىنى ئاچماپتۇ.

ھېسام بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن جەھلى بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ئىككى يېرىم !

## ئۆزگىچىلىك

بىراۋ ھېسامدىن سوراپتۇ:

— مەشرەپتىن قالمايدىكەنسىز، ناخشىمۇ ئېيتىپ قوياماسسىزا ؟

— ئېيتمەن، — دەپتۇ ھېسام، — بىراق باشقا ناخشىلاردىن ئۆزگىچە ئېيتىمەن.

— قانداق ئۆزگىچە؟ — سوراپتۇ ئۇ قىزنىقىپ.

ھېسام دەپتۇ:

— ئۇلار ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ، مەن ئاھاڭغا سالماي ئېيتىمەن. ئۇلار مۇڭلاندۇرۇپ ئېيتىدۇ، مەن كۇلدۇرۇپ ئېيتىمەن. ئۇلار چالغۇغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىدۇ، مەن ھېچنېمىگە تەڭكەش قىلماي ئېيتىۋېرىمەن.

## سېلىۋېتىدىغان ئىشتان

ھېسام بالنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىۋاتقان كۇنلەردە، دوختۇرخانىدىن ئاغرىقلار كىيىدىغان كىيىم تارقىتىپتۇ. بىراق، ھېسامغا تەگكەن ئىشتان بەك چوڭ بولغاچقا، يانپىشىدىن سىيرىلىپ كېتىپ زادىلا توختىماپتۇ.

بىر كۇنى ھېسام شۇ ئىشتاننى كىيىپ، دوختۇرخانىدا ئايلىنىپ يۇرسە، ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئۇچراپ قېلىپ سوراپتۇ:

— ھوي ھېسام، كىيىۋالغىنىڭ قانداق ئىشتان؟

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ — دەپتۇ جىلە بولۇپ تۇرغان ھېسام، — بۇ دېگەن كېتىپ بېرىپ سېلىۋېتىدىغان ئىشتان.

## سوغۇقنىڭ ئەڭ چېكى

ئىنتايىن قوپال ۋە مۇزتەلەت باشلىقتىن ئىدارە كادىرلىرى بەكمۇ تويۇپتۇ. بىر كۇنى باشلىق ۋە بىرنەچچە كادىر بىر يەرگە كېتىۋاتقاندا، بىر كادىر ھېسامغا بۇگۇنكى سوغۇقتىن شىكايەت قىپتۇ:

— ھېسامىدىن، سوغۇقنىڭ ئەڭ چېكى بۈگۈنكىدىن ئاش-
ماس دەيمەن.
— يوقسۇ، — دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ھېسام، — سو-
غۇقنىڭ ئەڭ چېكى بىزنىڭ باشلىقتىن ئاشمايدۇ.

## ئىشكىنىڭ ئېچىلىشى

ھېسامنىڭ ئايالى ھەر كۈنى كەچلىكى ئېرىنىڭ بازاردا ئوقەت قىلىپ تاپقان پۇللىرىنى ئېلىۋالىدىكەن. بىر كۈنى ھېسام بازاردا تۆت سوم پۇل تېپىپتۇ. كەچتە ئۆيگە قايتقاندا ئايالى ئادىتى بويىچە ئىشكىنى قىيا ئېچىپ قولىنى سۇنۇپتۇ، ھېسام ئۇنىڭغا ئىككى سومنى تەڭلەپتۇ. قوشنا ئوقەتچىلەردىن ئېرىنىڭ نەچچە تاپقىنىنى ئاللىقاچان ئۇقۇۋالغان ئايال:
— قالغان ئىككى سومنىمۇ چىقىرىڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
ھېسام ئايالىغا باھانە كۆرسىتىپ دەپتۇ:
— بۈگۈنچە ئىشكىنى ئىككى سومغا لايىق بولسىمۇ ئېچىپ تۇرغىن. ئەتە ئوقەت بولماي قالسا، ئىشكىنى ئېچىپ بەرمەي تالادا قالدىغان ئوخشايمەن.

## ھاكاۋۇرنىڭ سالىمى

خەقنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمايدىغان بىر كىشى دائىم خەقلەرنى ھاكاۋۇر، دەپ تىللاپلا يۈرىدىكەن. بىر سورۇندا ھې-ساممۇ بۇ «شەرەپ»كە ئىگە بوپتۇ.
ئىككى كۈندىن كېيىن ھېسام كوچىدا ھېلىقى كىشىگە يولۇقۇپ سالام بېرىپتۇ، لېكىن ھېلىقى كىشى كۆرمەسكە ساپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن ھېسام دەررۇ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ

بېرىپتۇ ـ دە، پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ.

— ھېسام، بۇ قانداق سالام بولدى؟ — دەپ تېرىكىپتۇ بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن چۆچۈپ كەتكەن ھېلىقى كىشى. ھېسام ئىزاھات بېرىپتۇ:

— كەچۈرسىز، ئاكا، بۇ ھاكاۋۇرنىڭ سالىمى.

## قانداق قىلاي...

ھېسام مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا دەرستە بىردىنلا نا-چارلاپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى دادىسى ئۇنى ئەيىبلەپتۇ:

— دائىملا ئارقىدا قېلىۋېرەمسەن، بىر ئامال قىلىپ ئالدى-غا ئۆتۈپ باقساڭ بولمامدۇ؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— قانداق قىلاي، مۇئەللىم «بويۇڭ ئېگىز» ئىكەن، دەپ ئارقىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويسا...

## ئوقۇغۇچىلىق فورمىسى

بىر كۈنى بىرنەچچە ئوقۇغۇچى ھېسامنىڭ كىيىۋالغان كى-يىملىرىدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، چوپچوڭ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىق فورمىسىنى كىيىۋاپسىزغۇ؟

— ئاراڭلاردا بىر ساۋاقداش تۇنۇگۈن مەندىن تاماكا سورىغانىدى، — دەپتۇ ھېسام، — شۇنىڭغا قاراپ مەن تېخى ئۆزۈمنى سىلەر بىلەن تەڭ چېغىم، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

## نەق جاۋاب

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— تاماقنى قانداق ۋاقىتتا يېگەن ياخشى؟
ھېسام دەررۇ جاۋاب بېرىپتۇ:
— قورساق ئاچقاندا.

## تەمنى تېتىپ بېقىش

ھېسامنى دادىسى شاپتۇل ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، كەچتە ئىشتىن كەلگەندە سوراپتۇ:
— ھەي ھېسام، شاپتۇلنى ئەكەلدىڭمۇ؟
— ئەكەلدىم، — دەپتۇ ھېسام، — ئەنە تەخسىدە.
— نېمە؟ — دادىسى ھەيران بولۇپ سوراپتۇ، — ئۇ ساپلا شاپتۇل ئۇرۇقچىسىغۇ؟
— ئۆزىڭىز تەمنى تېتىپ بېقىپ ئال دېمىگەنمىدىڭىز، — دەپتۇ ھېسام چۈشەندۈرۈپ، — بىر - ئىككىنى يېگەندە تەمى بىلىنمەيدىكەن ئەمەسمۇ!

## ئەجەبلىنىش

بىر ئوبدان خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ھېسامنى بىر كۈنى ئىدارە باشلىقى چوڭ يىغىندا: «يولداش ھېسامدىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ بىرنەچچە يىل چېنىقىدۇ» دەپ ئېلان قىپتۇ.
— ئەجەبا، — دەپتۇ ھېسام ياقىسىنى تۇتۇپ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ كۈلۈپ.

— نېمىگە ئەجەبا دەيسىز؟ — باشلىق ھەيران بولۇپ سوراپتۇ. ھېسام باشلىقتىنمۇ بەكرەك ئەجەبلەنگەن كىشى بولۇپ:

— مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ كەمگىچە تۆۋەندە ئەمەس، ئاسماندا ئىكەنلىكىمنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن، — دەپتۇ.

## دورا

ھېسام تونۇيدىغان مۆتىۋەر بىر سازەندە ئاغرىپ قېلىپ، ھېسام ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ.

— ئاغرىپ قاپسىز ـ دە؟ — دەپ سوراپتۇ ھېسام كېسەل ياتقان ئۆينىڭ تېمىدىكى رەسىملەرگە قاراپ، ئېرەن قىلماغاندەك قىلىپ.

— مانا شۇنداق ياتتۇق، بۇرادەر، — دەپتۇ سازەندە ئاھ ـ ۋايلىغىنىچە، — خەقتىن ئاڭلىغانلا دورىنى قىلىۋاتىمەن، بىرەرسى كار قىلاي دېمەيدۇ.

— بۇنىڭغا دورا بار، — دەپتۇ ھېسام، — سىز بارغۇ، نىمپەدە، ئەجەم، جۇڭخازىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھاۋانچىدا تازا يۇمشاق سوقۇپ، ھەر قېتىملىق غىزادا بىر چىمدىمدىن كاپ ئېتىپ بېرىڭ، ئوڭلىنىپ قالىسىز.

گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا ھېسام تالاغا مېڭىپتۇ. كېسەل بولسا ئاغرىق ئازابىدىن قانچە قىينالسىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋېتىپتۇ.

## ئەمدى مېنى كۆتۈرسۇن

ھېسام بازاردىن جوزا سېتىۋاپتۇ ـ دە، يېرىم يولغىچە

كۆتۈرۈپ كېلىپ ھېرىپ ـ تەرلەپ كېتىپتۇ ۋە جوزىنى كو-چىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈستىگە چىقىپ يانپاشلاپتۇ.

— ھېسامىدىن، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ھەيران بولۇشۇپ.

— يېرىم يولغىچە مەن جوزىنى كۆتۈردۈم،— دەپتۇ ھېسام،— ئەمدى قالغان يولغا جوزا مېنى كۆتۈرۈپ باقسۇن دەيمەن!

## كەم نومۇر

قابىلىيەتسىز بولسىمۇ ئاۋازىنى بەك ماختايدىغان بىر ناخ-شىچى ھېسامغا دەرد تۆكۈپ بېرىپتۇ:

— قاراڭ كېلىشمەسلىكنى، ئۆمەكتىكى باشلىقلار مېنىڭ تالانتىمنى زادىلا كۆرەلمەيدۇ، بۈگۈن ئاۋازىنى سىناپ دەرىجە بې-كىتىش بولغانىدى، نومۇرۇم تەلەپكە يېتەلمەي قالدى...

ھېسام كۆيۈنگەن ھالدا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— كىچىكىڭىزدە مەكتەپتە ئالغان نومۇرلار يوقمىدى، شۇلارنى قوشۇپ بىراقلا تەلەپتىن ئاشۇرۇۋەتمەمسىز.

## شۆھلاشقا شوندان

ھېسام بىلەن ئۆچەكىشىپلا يۈرىدىغان بىر خىزمەتدىشى يە-غىندىن كېيىن ھېسامدىن سوراپتۇ:

— بۇرادەر، بۈگۈنكى يىغىندا ئالدىڭىزغا مىكروفون قويۇپ بەرسىمۇ ئاۋازىڭىز چىقمىدىغۇ، نېمە بولدىڭىز؟

ھېسام سەممىي قىياپەتتە ھېلىقى خىزمەتدىشىغا جاۋاب بېرىپتۇ:

— مېنى بىلمىدى دېمەڭ، مەن سۆزلەۋاتقاندا سىمنى

دەسسەپلا ئۇلتۇردىڭىزغۇ، شۇڭلاشقا ئاۋازىم چىقمىدى ــ دە !

## ئۇ تەرەپتىكى ئادەمنىڭ...

ئىدارە باشلىقى تاماكا چېكىپ تۇرۇپ تېلېفوندا سۆزلىدى. شىۋاتقانىكەن، ھېسام ئەنسىز ۋارقىراپتۇ:

— باشلىق، تۇرۇپكىغا ئىس پۈۋلىمەڭ.

— نېمە بولىدۇ؟ — دەپتۇ باشلىق ھەيران بولۇپ. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ئۇ تەرەپتىكى ئادەمنىڭ ئۆپكىسىگە ئىس كىتىپ قالمىسۇن.

## سەۋر سىرى

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشۈپ يىغىن ئاۋۇپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئادىتى بويىچە مەجلىستە خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. كەچكىچە شال ئوتاپ ئېزىلگەن ئەزالار بىر ــ بىرلەپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا باشلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، ئالدىدا ھېسامدىن بۆلەك ھېچكىم قالماپتۇ.

— يولداش، سىزنىڭ لۇشيەن ئېڭىڭىز يۇقىرىكەن، — دەپتۇ باشلىق ھىجايغىنىچە، — مېنىڭ دوكلاتىمنى سىزلا بېرىلىپ ئاڭلاپسىز.

— يوقسۇ، باشلىق، — دەپتۇ ھېسام ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — مەنغۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتەتتىم، تېگىڭىزدىكى ئورۇندۇق مېنىڭكى بولغاچ، شۇنى ئالغاچ كېتەي، دەپ تۇرۇپ قالدىم.

## مەنسەپ تۇرۇپ قاپتۇ

مەھەللىدىكىلەر يىغىدىن مەنسەپكە ئېرىشكەن بىر قوشنىسىدىن ئاغرىنىپتۇ:
— نۇرۇللام باشلىق بولۇۋېلىپلا غادىيىپ، ئادەم تونۇماس بولۇپ كېتىپتۇ.
— سىلەر بىلمەيسىلەر، — دەپتۇ ھېسام، — قوشنىمىز يوغىناپ كەتكىنى يوق، بىلىگە مەنسەپ تۇرۇپ قاپتۇ.
— قويە، — دەپتۇ باشقىلار، — بەل دېگەنگە يەل تۇرماي مەنسەپمۇ تۇرۇپ قالامدىكەن؟
— ئەخمەقكەنسىلەر، — دەپتۇ ھېسام، — ئادەم مەنسەپ كۆتۈرەلمىسە، مەنسىپى يەلگە ئايلىنىدۇ.

## ئارقا ئىشىكنى ئىزدەش

بىر كۈنى ھېسام مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئارقا تېمىنى بويلاپ يۈرگەنىكەن، ئىدارە باشلىقى كۆرۈپ قېلىپ سوراپتۇ:
— ھېسامكا، كۈپكۈندۈزدە ئوغرىدەك ئارقا تامنى ئەگىپ قاپسىزغۇ، نېمە بولدى؟
— ئىككى يىل بولدى، ئالدى ئىشىكتە يۈرۈپ ئىشىمنى ھەل قىلالمىدىم، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمدى ئارقا ئىشىكنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

## چاقچاق سىرلاش

ئولتۇرۇشتا چالا كەيپ بىر يىگىت تېتىقسىز چاقچاقلارنى تولا قىلىپ، گەپتىن كېيىن بىر قولىنى سىلكىپ قىر-

قىراپ كۆلۈۋەرگەچكە، ھەممەيلەننىڭ مەززىسى قېچىپتۇ.

— ئۇكاۋۇي، — دەپتۇ بىر چاغدا ھېسام يىگىتكە، — زادىلا چۈشەنمىدۇقۇ، ئۆزۈڭنىڭ چاقچىقىڭغا كۈلۈۋاتامسەن ياكى كونا چاقچاقلارنى سىرلاۋاتامسەن؟

## تەسىرات ۋە جاۋاك

دوكلاتتىن چىقىۋېتىپ بىر خىزمەتدىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— باشلىقنىڭ ھازىرقى دوكلاتىدىن قانداق تەسىرات ئالدىڭىز؟

— ھېچقانداق تەسىرات ئالمىدىم، — دەپتۇ ھېسام جاۋابەن.

خىزمەتدىشى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، نېمانچىۋالا قىزغىن چاۋاك چېلىپ كەتتىڭىز؟

ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— دوكلاتنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تۈگىگەنلىكىگە خۇشال بولۇپ - دە!

## يېرىم كۈلكە

ھەرقانداق گەپنى دۇدۇقلاپ قىلىدىغان ئالدىراقسان بىر كىشى ئۆزىچە ھېسامنى ئوخشاتماقچى بوپتۇ - دە، چاقچاق قىلىۋېتىپ گەپنىڭ يېرىمىدىلا توختاپ قاپتۇ. ھېسام بولسا ئۇنىڭ چاقچىقىغا جاۋابەن بىر قاتتىق كۈلۈۋېتىپ كۈلكىنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويۇپتۇ. ئالدىراقسان يەنە چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، كۈلكىنىڭ يېرىمى قېنى؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— يېرىم چاقچاققا يېرىم كۈلكە.

# تازا لايىق قورال

ھېسامنىڭ ئىدارىسىدىكى بىر خىزمەتدىشى باشلىققا بەكمۇ خۇشامەت قىلىدىكەن. يىل ئاخىرىدىكى باھالاشتا باشلىق ھېـ-لىقى خىزمەتچىنى زورمۇزور دېگۈدەكلا ئىلغارلار قاتارىغا كىرگۈزۈپتۇ. ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش كۈنى ھېلىقى خۇشامەتـ-چى سەھنىدىن مۇكاپات بۇيۇملىرى — بىر تەقدىرنامە ۋە بىر جۈپ چىنە ـ تەخسىنى كۆتۈرۈپ چۈشۈپتۇ ـ دە، ھېسامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— تۇزۇكرەك بىرنەرسە بېرەمدىكىن دېسەم، تەخسە بەر-گىنىنى قاراڭا، ھېسامدىن، بۇنى نېمىمۇ قىلارمەن؟ — دەپ غۇدۇراپتۇ.

— قىزىقكەنسىز، — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — مۇكاپات تازا جايىدا بولدى، بۇ سىزگە كۆتۈرمىكەشلىك قىلىشقا تازا لايىق قورال ئەمەسمۇ؟

# ئاغزىڭىزمۇ بېرەيمۇ

بىر كۈنى ھېسامنىڭ قوشنىسى ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ ۋە ئادىتى بويىچە:

— ھېسام ئاداش، قەغىزىڭ بارمۇ؟ — دەپتۇ.

ھېسام ئۇن ـ تىنسىز يېنىدىن قەغەز چىقىرىپ بېرىپـ-تۇ. قەغەزنى ئالغان قوشنىسى تاماكا سوراپتۇ. تاماكىنى بەر-سە سەرەڭگە سوراپتۇ.

قوشنىسىنىڭ قىلىقىدىن زېرىككەن ھېسام:

— ئەمدى ئاغزىمنىمۇ بېرەيمۇ؟ — دەپتۇ.

## يۈزماي ئېلىپ كېلەي

توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىز دوستلىرىغا:
ـــ سەن چامادان ئەكەل، سەن يىپەك گىلەم ئەكەل...، ـــ دەپ بىر قاتار سىلىق ساپتۇ. نۆۋەت ھېسامغا كەلگەندە:
ـــ ھېسامكا، سىز نېمە ئەكېلىسىز؟ ـــ دەپتۇ. ھېسام دەرھال:
ـــ يۈزىڭىزنى يۈمشىتىدىغان يۈزماي ئەكېلەي، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قىزىم ساڭا ئېيتاي...

بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
ـــ ھېسامكا، چاقچاقلىرىڭىزنى رەتلىگۈچىلەر سىزنى بىردەم قېرى، بىردەم ياش، بىردەم ئالىم، بىردەم سودىگەر، بىردەم ياخشى، بىردەم يامان قىلىپ يازىدىكەن، نېمە قىلغىنى؟
ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
ـــ بۇ ئۇلارنىڭ «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگىنى ـ دە !

## پۇلغا پادىشا

ھېسام پارچە ئون توققۇز تىيىن پۇلنى ناۋايغا تەڭلەپ:
ـــ ماڭا زىما سۈركىمىگەن ناندىن بىرنى بېرىڭا ! ـــ دەپتۇ.
ـــ نېمىشقا ؟ ـــ ناۋاي ھەيران بوپتۇ. ھېسام:
ـــ نېمىشقىلىقىنى پۇلۇمنى ساناپ باقسىڭىز بىلىسىز، ـــ دەپتۇ.

## كۆلۈمسىرەش كەم

ماگىزىن مۇدىرى ئېكسكۇرسىيىچىلەرگە ھەممە يەرنى كۆرسىتىپ بولۇپ دەپتۇ:

— مانا يولداشلار، ماگىزىنىمىزدا ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس، سىلەرچە يەنە نېمە كەم؟

باياتىن مال ساتقۇچىلاردىن بىرنەچچىسىنىڭ خېرىدارلارغا بولغان مۇئامىلىسىنى كۆرگەن ھېسام ئۇن قېتىپتۇ:

— شۇنداق، ماگىزىندىكى ماللارنىڭ تولۇقلىقىدىن كۆز قامىشىدۇ، ئەمما بىرلا نەرسە كەم ئىكەن.

— ئۇ نېمە؟ — دەپتۇ مۇدىر ئالدىراپ. ھېسام ئېيتىپتۇ:

— كۈلۈمسىرەش.

## ئادۋوكات

بىر ياش يىگىت ھېسامغا ماختىنىپتۇ:

— يېقىندىن بېرى ئادۋوكات بولۇپ كەتتىم دەڭا، ئۆتكەن ھەپتىدە بىر دېلونى ئالامەت ئاقلاپ چىقىرىۋەتتىم.

ئورۇنسىز ماختىنىشتىن غىدىقى كەلگەن ھېسام يىگىتكە جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

— ئاڭلىدىم، سوت ئۈچ يىل كەسسەك دېگەن دېلونى سىز ئاقلاپ بەرگەندىن كېيىن بەش يىلغا ئۆزگەرتىپتۇ.

## كەلمىگەنلەردىن بىرىدۇ

تولا مېھمانلاپ كېلىدىغان تۇغقانلار توغرىسىدا ئايالى بىلەن دەتالاش قىلىپ، تېرىكىپ ئولتۇرغان ھېسامدىن دەرس

تەييارلاۋاتقان ئوغلى سوراپتۇ:

— دادا، مۇئەللىم ئاسىيا قىتئەسى، ئاسىيا قىتئەسىلا دەيدۇ، ئاسىيا دېگەن كىم ئۇ؟

— ئاپاڭدىن سورا،— دەپتۇ ھېسام زەردە بىلەن،— بىزنىڭكىگە كەلمىگەن يەنە بىرەر تۇغقىنىدۇ.

## بېلىق تورى

بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— بىلەمسىز، بېلىقنى تور بىلەن تۇتۇشنى دەسلەپ كىم كەشىپ قىلىلىۋېدىكىن؟

— ئۆمۈچۈك، — دەپتۇ ھېسام ئويلانمايلا، — بېلىق توردىنمۇ دەسلەپتە شۇ توقۇغان.

## سىز پېنسىيىگە چىقسىڭىز...

ھېسامنىڭ قوشنىسى سالاپەتلىك بىر باشلىق بولۇپ، يىل بويى ئىدارىسىدىن ئۆيىگە سۈت توشۇيدىكەن. شۇ كىشى بىر كۈنى ھېسامغا مەسلىھەت سايتۇ:

— قېرىپ قالدىم، پېنسىيىگە چىقاي دەيمەن...

— بۇ قانداق بولىدۇ؟ — دەپتۇ ھېسام چۆچۈپ، — مېنىڭچە ھەرگىز چىقماڭ!

— نېمىشقا؟ — دەپتۇ ھەيران بولۇپ قوشنىسى. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— سىز پېنسىيىگە چىقىپ كەتسىڭىز، ئىدارىڭىزدىن سۈتنى كىم ئەكېلىدۇ؟

## ھاراقنىڭ كەيپىدە...

بىر كۈنى ھېسام چاچ ئالدۇرۇش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. ساتىراش گال ئۈستىرىنى ھېسامنىڭ بېشىغا سۈر- كىشىگە ھېسام ئاغرىققا چىدىماي ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپتۇ - دە، سىرتقا مېڭىپتۇ.

— ھېسامكا، چېچىڭىزنى ئالدۇرماي نەگە بارسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ساتىراش.

— قېشىڭىزغا ھاراق ئىچىپ كىرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دەپتۇ ھېسام.

— چاچ ئالدۇرۇش بىلەن ھاراقنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ، ھاراقنىڭ كەيپىدە بېشىمنىڭ ئاغرىقىنى سەزمەيمەن ئەمەسمۇ!

## كىم ئوغرى

پارىخور بىر ئەمەلدار ھېسامنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى كەينىگە تارتىپ، ماڭدۇرۇۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامنىڭ كۈندە دېگۈدەك كېلىۋېرىشىدىن زېرىككەن ئەمەلدار چالۋاقاپ دەپتۇ:

— ماڭاۋاي، ئوغرى، كۈندە كېلىۋېرەمسەن ئىشىنىڭ تولىمىقىدا...

— توغرا دەيسىز، باشلىق، — دەپتۇ ھېسام شۇ مەھەل، — پارىغا تويمىغان سىز ئوغرى بولماستىن، پارا بېرەلمىگەن مەن ئوغرى بولۇپ قاپتىمەن - دە. مۇنۇ قوشاقنى ئاڭلاڭا:

ئوغرى تۇتار ئوغرىنى،<br>
ئوغرى كولار مورىنى.

ئاغرىق تۇرسا ئەمەلدار،
پۇقرا يەمدۇ دورىنى؟

## قىشتىكى مۇئامىلە

قېزا ئالاي، دەپ ماگىزىنغا كىرگەن ھېسام مال ساتقۇچىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچراپتۇ. ئۇ ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرغىنىدا، يەنە بىر خېرىدارنىڭمۇ ھېلىقى مال ساتقۇچىغا:
— سىڭلىم، نېمانچە سوغۇقلۇق قىلىسىز؟ — دېگىنىنى ئاڭلىنىپتۇ. ھېسام دەرھال سۆزگە ئارىلىشىپتۇ:
— رەنجىمەڭ، بۇرادەر، — دەپتۇ خېرىدارغا، — بۇ ياقتىمۇ ئامال يوق، بۇ يىل قىش قاتتىق سوغۇق كەلدى ئەمەسمۇ.

## خەرىتە

ھېسامنىڭ ئوغلى مەكتەپتىن ئىتتىك كېلىپ دادىسىدىن سوراپتۇ:
— دادا، بىزنىڭ ئۆي خەرىتىدە بارمۇ؟
— يوق، بالام، — دەپتۇ ھېسام، — بىزنىڭ ئۆيدە خە-رىتە بار.

## ئويغىتىش

تۆگىمەس دوكلاتىنى داۋام قىلىۋاتقان باشلىق بىر چاغدا سۆزىنى توختىتىپ ھېسامغا قاراپتۇ ـ دە:
— ھېسامىدىن، يېنىڭىزدىكى ئاۋۇ يولداشنى ئويغىتىۋې-تىڭ، — دەپتۇ. ھېسام ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ:
— رەنجىمەڭ، ئويغاتسام خاپا بولىدۇ. ياخشىسى، ئۆزىڭىز

ئۆخلاتقان بولغاندىكىن، بىر ئامال قىلىپ ئۆزىڭىز ئويغىتىڭ.

## قاپاقنىڭ بەرقى

ھېسامنىڭ لەقىمى قاپاق ئىدى. بىر كۈنى بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا قاپاق لەقەملىك يەنە بىر يىگىتنى تونۇشتۇرۇپتۇ ـ دە، ئارقىدىن چاقچاق قىپتۇ:
— ھېسامكا، ئىككىڭلار بىر جۈپ ئىكەنسىلەر جۇمۇ!
— يوقسۇ، — دەپتۇ ھېسام يېڭى تونۇشىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراۋېتىپ، — بۇياق ئېتىزغا چاپ توشۇيدىغىنى كۆرۈندۇ، مەن بولسام كەپتەرنىڭ قۇيرۇقىغا ئاسىدىغىنى...

## قىزىقكەنسىزغۇ...

تايىنى يوق سوئاللارنى سوراشقا ئامراق قوشنىسى بىر كۈنى ھېسامنىڭكىدە، ئۇنى مەشىنىڭ ئالدىدا قۇرۇق پاراڭغا تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، تۇيۇقسىز سوراپ قاپتۇ:
— بىلەمسىز، ھېسامىدىن، چېلەك نېمىگە كېرىدۇ؟
— قىزىقكەنسىزغۇ، — دەپتۇ ھېسام دەرھال، — شۇنىمۇ بىلمەمسىزا، چېلەك ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى بويىچە قۇدۇققا كېرىدۇ.

## قۇتقۇزۇش ۋە مېھمان قىلىش

قىيىنچىلىقى بار خىزمەتچىلەرگە قۇتقۇزۇش پۇلى تەستىقلاپ بېرىپ، كەينىدىنلا «بىزنى مېھمان قىلىسەن» دەپ تۇرۇۋالىدىغان باشلىقنىڭ دەستىدىن بىزار بولغان ھېسام يەنە قۇتقۇزۇشقا ئىلتىماس يېزىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشلىق:
— ھې، تېخى تۇنۇگۇنلا قۇتقۇزۇش ئېلىۋىدىڭ، يەنە

نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دەپ كايىپتۇ.
— پات - پات قۇتقۇزۇش ئېلىپ سىزنى مېھمان قىلىپ تۇرايمىكىن دېۋىدىم، — دەپتۇ ھېسام تەمتىرىمەي.

## ئوچۇق دەرسنى بەك چۈشىنىمىز

ھېسام ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ:
— ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر مېنىڭ قايسى دەرسىمنى ياخشى چۈشەندىڭلار؟
— ئوچۇق دەرسىڭىزنى ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دەرھال ھېسام.

## كاۋاك يەردە

ھېسامماروژنى يېمەكچى بوپتۇ. ماروژنىچىنىڭ بىر خىللا ئىستاكانى بولۇپ، يىگىرمە تىيىنلىق ئالغانلارغا تولدۇرۇپ، ئون تىيىنلىق ئالغانلارغا ئىستاكان تېگىدە كاۋاك قالدۇرۇپ «ئەپلەپ» بېرىپتۇ. ماروژنى بۇيرۇغان بىر كىشى ماروژنىچىنىڭ ساختىلىقىنى بىلىپ قېلىپ:
— ئۇستام، كاۋاك يەردە نېمە بار؟ — دەپ چاقچاق قىپتۇ.
ھېسام ماروژنىچىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:
— نېمە بولاتتى؟ كاۋاك يەردە ئون تىيىن بار ! — دەپتۇ.

## بىرەز

بىر جېدەلخور ئادەم ھېسامدىن سوراپتۇ:

— قارىغا، ھېسامىدىن، تولا چۈش كۆرىمەن، يەنە كېلىپ ساپلا خەق بىلەن سوقۇشۇپ چۈشەيمەن، بۇ زادى قانداق ئىشتۇ؟
ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:
— ئېھتىمال بۇ چۈشلىرىڭىز ئويغاق ۋاقىتلىرىڭىزدىكى ئىشلىرىڭىزنىڭ سايىسى بولسا كېرەك!

## ئۆيگە بارغاندا يىغلاپ بېرەي

ھېسامنىڭ بالىسى ئاغرىقتىن ساقىيالماي، بالنىتسىدا ئۆ-لۈپ قاپتۇ. يولدا ھۆڭگىرەپ يىغلاپ كېلىۋاتقان ئايالى ھېسام-نىڭ مىت قىلماي كېلىۋاتقىنىدىن ئىچى قايناپ:
— تاغدەك بالىڭىز ئۆلسە يىغلىمايسىزغۇ، تازا تاش يۈرەك ئوخشىمامسىز؟ — دەپتۇ.
— رەنجىمە، خوتۇن، كوچىدا تونۇش - بىلىشلەر كۆپكەن، ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ كېلىۋاتىمەن. ئۆيگە بارغاندا ساڭا يارىغۇ-دەك يىغلاپ بېرەي، — دەپتۇ ھېسام.

## پۇتلاشسا ياتىدۇ

«مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى»دا، بىر كۈنى ھېسام مەلۇم تونۇشى بىلەن چوڭ كوچىدا قىزغىن پاراڭ قىلىپ كېتىۋاتقىنىدا، ھەمراھى ئاسفالت يولنىڭ دوڭغىيىپ چىققان دوقىسىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ.
— ھېسامىدىن، — دەپتۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان ھەمراھى ئاچچىقىدا، — ئېيتىڭا، مۇشۇمۇ مەدەنىيەتكە ياتامدۇ؟!
— پۇتلاشقان ئادەم ياتىدۇ، — دەپتۇ ھېسام.

## ھاسىراپلا يۇرىدىغان...

بىر تونۇشى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— پالانچى باشلىق «ھېسامنىڭ خىزمەت مەسىلىسىگە مەن ئورغۇن چاپقان» دەيدىغۇ، راستمۇ؟
— بەلكىم، — دەپتۇ ھېسام، — دائىملا «سىزنىڭ ئىشىڭىزغا چاپتىم» دەپ ھاسىراپلا يۇرىدىغان...

## قايىسىسىنى ماختاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن

قەلىمى گالراق بىر شائىر ھېسامنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئاپىرىپ ئەللىكتەك تەمسىز شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپتۇ ھەمدە گىدەيگەن ھالەتتە ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامدىن، شېئىرلىرىمنىڭ ئىچىدە سىزگە ئەڭ ياردىغىنى قايسى، دەپ بېقىڭا قېنى؟
ھېسام ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.
— ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ئاخىر شائىر، — ياخشى بولماپتىمۇ يا؟
— ياقەي، — دەپتۇ شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغان ھېسام، — شېئىرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بولغاچقا، قايىسىسىنى ماختاپ، قايىسىسىنى قويۇشۇمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

## «ھايت» دەپ قويدۇم

ھېسامنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى ۋاپات بولغاندا، ھېساممۇ ھازىدارلار قاتارى ئاق باغلاپ جىنازىنىڭ ئالدىدا مېڭىپتۇ. ئۇ ئەتراپقا قارىماي يىغلاپ مېڭىۋېرىپ باشقىلاردىن ئۇزاپ كې-

تىپتۇ ۋە دۈچ كەلگەن بىر كوچىغا بۇرۇلۇپتۇ، خېلى مېڭىپ قارىسا، بۇ بىر خالتا كوچا ئىكەن. ھېسام دەررۇ كەينىگە قايتىپ، ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە جىنازىغا يېتىشىۋاپتۇ ــ دە، قايتا يىغا باشلاپتۇ. شۇ پەيتتە:

ــ ھازىدار تۇرۇپ نەگە يوقالدىڭ؟ ــ دەپتۇ تۇغقانلاردىن بىرى.

ــ يوقالمىدىم، ــ دەپتۇ ھېسام يىغىدىن توختىماي، ــ ئاۋۇ مەھەللىدىكى مۇسىبەتتىن خەۋەرسىز تۇغقانلارنى «ھايت» دەپ قويۇپ كەلدىم.

## قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمىغان بىلەن

ھېسام بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ۋېلسىپىت سودىسىغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. دەللال جىقراق چاي پۇلى ئېلىش نىيىتىدە كونىراپ كەتكەن ۋېلسىپىتنى يالغاندىن ماختاشقا باشلاپتۇ. ئالغۇچى ۋېلسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئۇرۇپ كۆرۈپ:

ــ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمايدىكەنغۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

شالاقشىپ كەتكەن ۋېلسىپىتنى قىممەت باھادا ساتماقچى بولغان دەللالغا غەزەپلىنىپ تۇرغان ھېسام گەپكە ئارىلىشىپ:

ــ ئۇبدانراق قاراڭ، ئاكا، ــ دەپتۇ ئالغۇچىغا، ــ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىمىغان بىلەن باشقا يېرى جىرىڭلاپ تۇرمامدۇ.

## كىرلىك ئۇۋلاش

بىر كۈنى ھېسام ياش يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ ئۇۋغا چىققىنى ھەققىدە ماختىنىپتۇ:

ــ بايتوقايغا ئۇۋغا چىققاندىم، قوشئاتارنى بەتلىدىم ــ

ده، چۆپلۆك ئارىسى بىلەن سىلجىپ كەكلىك بار جايغا يەت-
تىم. قارىسام تۇزلەڭدە كەكلىك دېگىنىڭ يېيىلىپ دانلاپ يۈ-
رۈشۈپتۇ. چەت - چېتىگە چالما ئېتىپ جىمى كەكلىكنى بىر
يەرگە يىغدىم - دە، «گۇملا» سالدىم...، — ھېسام سۆزلەۋېتىپ
يىگىتلەرنىڭ ئىشەنمەي كۇلۇشۇۋاتقىنىنى بايقاپتۇ - دە، دەررۇ
گېپىنى ئوڭشاپ، — «گۇملا» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممە
كەكلىك موكلا ياتتى، ئوق كەكلىكلەرنىڭ ئۈستىدىن ۋىڭڭىدە
ئۆتۈپ كەتتى... شۇنداق قىلىپ، ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتتىم، —
دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

## پەندىيات

ھېسام مەلۇم ئىدارە باشلىقىنىڭ خادىكىنى ھەيدەپ يۈرگەن
كۈنلەردە، باشلىق زىياپەتكە بېرىپتۇ - دە، ئادىتى بويىچە ھې-
سامنى سىرتتا قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتكەنچە، ئۇنىڭ ھالىدىن
خەۋەرمۇ ئېلىپ قويماپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا باشلىق شىر-
كەيپ ھالدا چىقىپ كەپتۇ - دە، قورساقلىرى ئېچىپ تارتى-
شىپ سوغۇقتا تىترەپ ئولتۇرغان ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ئۇكا، بىرنەرسە يېدىڭمۇ؟
— يېمەمدىغان، تويغۇچە يېدىم، — دەپتۇ ھېسام زەردە بىلەن.
— نېمە يېدىڭ؟ — ئەزۋەيلەپ سوراپتۇ باشلىق.
— سىز دەك باشلىقنىڭ خادىكىنى ھەيدىمەسلىككە پەندى-
يات يېدىم، — دەپتۇ ھېسام.

## يوچۇقىغا جاۋاب

ئۆمرىدە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر پوچى كىشىلەرگە
پو ئېتىپتۇ:

— بىز ھەربىي بولغاندا، يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرغان جەڭلەرگە قاتناشقانمىز. بىر كۈنى كېچىسى كېتىپ بارسام، بىر ئوق ئوت بولۇپ يېنىپ ۋىژىلداپ كەلدى ـ دە، ماڭلىيىمغا تەگدى جۇمۇ! ھېلىمۇ ياخشى، بېشىمدا پولات قالپاق بار ئىدى، قاڭقىپ تامغا تەگدى...

— توغرا دەيسىز، — دەپتۇ توپ ئىچىدە ئاڭلاپ تۇرغان ھېسام گەپنى بۆلۈپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئوتىدا مەن تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغانىدىم.

گەپنىڭ مەنىسىگە يەتكەن پوچى قايتا ئۈن چىقارماپتۇ.

## كۆڭۈلگە يارىشا قىلىق

بىر يولسىز كىشى ھېسامنى بىكاردىن ھاقارەت قىلىپ، ئارقىدىن يەنە «كۆزۈڭنى ئېچىپ يۈر!» دەپ ھەيۋە قىپتۇ. ھېسام بولسا دەررۇ كۆزىنى يۇمۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلىق؟ — ھېلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ.

— كۆڭلىڭىزگە يارىشا قىلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېسام، — ئوچۇق كۆزۈمنى يۇمۇق ھېسابلىغاندىن كېيىن، يۇمغىنىمنى ئاچتى، دەپ بىلەرسىز.

## بىز بارغۇچە...

بىر ساتىراش ھېسامنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆز كەسپىنى ماختاپتۇ:

— ئۇكا، مەن سىزگە ئېيتسام، ساتىراشلىق دېگەن جاھاندىكى ھۈنەرنىڭ پادىشاھى جۇمۇ، ساتىراش بولغان ئادەم ئۆلگەندە ئۇدۇل جەننەتكە كىرەر ئىمىش!

ساتىراشنىڭ گال ئۇستىرىدا جان قىيىنىشىغا لېۋىنى چىشلەپ چىداپ ئولتۇرغان ھېسام جاۋابەن ئېيتىپتۇ:
— بەللى، ئۇستام، جەننەت ساتىراش بىلەن توشۇپ كېتىپ، بىز تالادا قالىدىكەنمىز - دە.

## يازىدۇ

ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ يۈرىدىغان بىر كىشى توغرىسىدا بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— يۈرۈش - تۇرۇشىغا قارىغاندا، مۇشۇ ئادەم يازامدۇ، قانداق؟
— يازىدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — پات - پاتلا مەستلىكىدە جېدەل چىقىرىپ، ئىدارىدە تەكشۈرۈش يازىدۇ.

## باش بىكار بولمىسا...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يىقىلغاندىن كېيىن، ھېسام بادامدوپپا كىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ. دوپپىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئاغىنىسى:
— ئاداش، دوپپاڭغا مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ، بۇرۇنراق كىيسەڭ بوپتىكەن، — دەپتۇ.
— ھەي ئاداش، — دەپتۇ ھېسام بېشىنى چايقاپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باش بىكار بولمىسا قانداق كىيەتتىم.

## ساق قالغان كۆز نەكىنمۇ...

ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ ئوغلى رەگەتكە ئېتىپ ئويناپ ئۆينىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چېقىۋې-

تىپتۇ. بىر كۈنى ھېسام قوشنىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:
— ئەتە ئوغلىڭىزنى بىزنىڭكىگە كىرگۈزسىڭىز، — دەپتۇ.
— نېمىگە؟ — ھەيران بوپتۇ قوشنىسى.
— ئوغلىڭىز مەرگەنلىكتە يېتىشىپ قاپتۇ، — دەپ چۈ-شەندۈرۈپتۇ ھېسام، — دېرىزە كۆزنەكلىرىمىزنى چېقىپ بولاي دېدى. ئەينەكچى كەلمەكچىدى، ساق قالغان بىرنەچچە كۆزنەكنى-مۇ ئوغلىڭىز ئۆز قولى بىلەن چېقىپ بەرسە، بىراقلا يېڭىدىن ئەينەك سالدۇراي دەيمەن.

## فىرما قالدۇ

قويچىلىق فىرمىسىغا يېڭىدىن كەلگەن باشلىق بىر يىلغا يەتمەيلا قويلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يوقىتىۋېتىپتۇ. ئاممىدىن ئىنكاس تاپشۇرۇۋالغان ناھىيە رەھبەرلىرى فىرمىغا كېلىپ چوڭ يىغىندا ھېلىقى باشلىقتىن ھېساب ئاپتۇ.
— ئېيتىڭا، — دەپ سوئال قويۇپتۇ ناھىيىدىن كەلگەن رەھبەرلەردىن بىرى، — بىر يىلدىلا شۇنچىۋالا قويغا زىيان سا-لىپسىز، كېلەر يىلى قالغان قوينىمۇ يەۋەتسىڭىز نېمە قالدۇ؟
جاۋابكار زۇۋان سۈرمەپتۇ، يىغىنغا قاتناشقان ھېسام ئۇ-نىڭ ئورنىغا جاۋاب بېرىپتۇ:
— قويلارنى يەۋەتسە نېمە قالاتتى، فىرما قالدۇ.

## مۇشتىرىنىڭ بىكرى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە يەرلىك گېزىت-نىڭ بىر مۇھەررىرى ھەددىدىن ئاشقان سولچى ماقالىلەرنى يېزىۋېرىپ كىشىلەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتقىپتۇ. بىر كۈنى

گېزىتخانا ئۆتكۈزگەن مۇشتەرىلەر سۆھبەت يىغىنىدا ھېلىقى مۇھەررىر ھېسامدىن سوراپتۇ:

— يولداش ھېسام، گېزىتىمىزنىڭ قايسى سانى بازاردا بەك-رەك ئاقىدۇ؟

ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىزنىڭ ماقالىڭىز بېسىلغان سانلىرى.

— ئەجەبا، نېمىشقا؟ — قىزىقىپ سوراپتۇ مۇھەررىر.

— تاماكا چېكىش، ناسۋال يۆگەشكە ئەپلىك، دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ھېسامدىن.

## سۆزنىڭ تەسىرى

سۆز خۇمارى ئەترەت باشلىقى ئېتىزدا ئىشنى توختىتىپ ئەزالارنى يىغىپ بىر سائەتتىن ئۇشۇق سۆزلەپتۇ. يىغىندىن كېيىن ئەترەت باشلىقى ھېسامنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ھېسامدىن، مەجلىستىكى سۆزۈمنىڭ تەسىرى بولدى-مۇ، قانداق؟

— بولمامدىغان، — دەپتۇ ھېسام، — تازا مۇھىم نەر-سىگە تەسىرى بولدى.

— نېمىگە؟

— ۋاقىتقا، — دەپتۇ ھېسام.

## سىزنى دوراۋاتىدۇ

ھېسام ئېشەك مىنىپ بازارغا كېتىۋاتسا، ئۆلگۈچە ئىچىپ سەنتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قوشنىسى ئۇچراپ قاپتۇ. قوشنىسى ھېسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، ئېشەكلەرگا يەم بەرمىگەنمۇ، نېمە؟ ئىككى يېقىغا سەندىنۈرەكلەيدىغۇ؟

— قورسقىغۇ توق ئىدى، — دەپتۇ ھېسام شۇ ھامان، — بەلكىم سىزنى دوراۋاتقىنى بولسا كېرەك !

## قاياققا قارىتىپ قويسا...

كىم نېمە دېسە ئەگىشىپ سۆزلەۋېرىدىغان بىر ئادەم توغرىسىدا بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— شۇ كىشى سىزنىڭ قوشنىڭىزغۇ، ئۆزى قانداقراق ئادەم؟

— قانداق ئادەم بولاتتى، — دەپتۇ ھېسام، — يۈزىنى قاياققا قارىتىپ قويسا، شۇ ياققا ماڭىدىغان ئادەم.

## تېزرەك يېشقىنىنى...

بازار ئايلىنىپ قورسقى ئاچقان ھېسام ناۋايخانىغا كىرىپتۇ. بىراق، ئەزمە ناۋاي پىشىپ قالغانناننى قومۇرماستىن ھېسام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن ناۋاي ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامجان، كۆنجۈت سۈركىگەن ناننى ياخشى كۆرەمسىز، سىيادان سالغاننىمۇ؟

قورسقىنىڭ نەغمە چېلىشىغا چىدىيالماي تۇرغان ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ھەممىدىن تېزرەك پىشقىنىنى.

## يازدا ۋە كۈزدە

كوممونا يىللىرىدا ھېسام تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ھالى تولىمۇ خاراب ئىكەن. بىر قېتىم شەھەردىن

چىققان كادىرلاردىن بىرى ھېسامنى تونۇپ قېلىپ، ئەھۋاللاش-قاچ سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىزمۇ مۇشۇ ئەترەتكە ئەزامۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ ھېسام خورسىنىپ، — يازدا ئىسمىم يېڭى ئەزا، كۈزدە نامىم كونا قەرزدار...

## ياسالما سۆز

كەچ كۇرستا مۇئەللىم سوراپتۇ:

— ھېسامكا، سىز جاۋاب بېرىڭا، ياسالما سۆز دېگەن نېمە؟

ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئارقىسىدىن بولۇشچە غەيۋەت قىلىپ، ئالدىدا ھار-غۇچە ماختايدىغان سۆز ياسالما سۆز بولىدۇ.

## ھېسامنىڭ شۇكرىسى

ھېسام ئۆيلىنەي، دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر تونۇشى ئۇنىڭغا ئۆزىدەك تۆت پارچە چىقىدىغان سېمىز بىر ئايالنى تونۇشتۇرۇپتۇ.



— خۇداغا شۈكۈر، — دەپتۇ ھېسام كۆرۈشتۇ-رۇشتىن قايتقاندا ھېلىقى تونۇشتۇرغۇچىغا، — ھې-لىمۇ ياخشى بىزدە خوتۇن-نى كىلولاپ ئالىدىغان قا-نۇن يوق - ھە؟

— قانداق دەيسىز؟ — قىزىقىپتۇ ھەمراھى.
— مۇبادا شۇنداق قانۇن بولۇپ، — دەپتۇ ھېسام، — مۇشۇ خوتۇننى ئالىدىغان بولۇپ قالسام، قاقسەنەم بولۇپ كېتەتتىمكەن - دە!

## سىندەك يىغلاڭغۇ بولمىسا...

ئوغلى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرىپ ھېسامدىن سوراپتۇ:
— دادا، دادا، قوشنىمىز قوي سويۇپتىكەن، قوينىڭ ئىچىدىن «يىغلاڭغۇ چىقتى» دەپ بىرنەرسىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتىغۇ، قوينىڭ يىغلاڭغۇسى بولامدۇ؟
— بولىدۇ، — دەپتۇ ھېسام ئوغلىغا، — قوينىڭ تۇرماق سېنىڭ قورسىقىڭدىمۇ يىغلاڭغۇ بار.
— ماڭە، — دەپتۇ ئوغلى چەكچىيىپ قورسىقىنى تۇتقىنىچە، — مېنىڭ ئىچىمدە يىغلاڭغۇ نېمە قىلىدۇ؟
— قورسىقىڭدا يىغلاڭغۇ بولمىسا، — دەپتۇ ھېسام كۈلۈپ، — نېمىشقا ھەدېسىلا يىغلاپ ئاپاڭنى خاپا قىلىسەن؟

## بىر يۈرۈشلا بولۇپ كەتسۇن

تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ئۆزى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە قاتناشمىسىمۇ دائىملا تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمىنى كىيىۋالىدىكەن. بۇنىڭدىن تېرىكىپ يۈرگەن ئىسكىلاتچى ھېسام يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باشلىققا ئىدارىنىڭ بەتىنكىلىك بىر جۈپ كانكىسىنى تەڭلەپ:
— باشلىق، بۇنى كىيىۋېلىڭا! — دەپتۇ.
— ساراڭمۇ سىز؟ — دەپ تېرىكىپتۇ باشلىق، — مەن

مۇزدا كېتىۋاتمايمەنغۇ؟

— مۇزدىغۇ كېتىۋاتمايسىز، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھېيسام، — مۇشۇنىلا كىيىۋالسىڭىز، كىيگىنىڭىز بىر يۇرۇشلا ھۆكۈمەتتىن بولۇپ كەتسە دەيمەن -دە !

## مۇشۇنداق كېلىۋەرسىڭىز...

كوممۇنىنىڭ بىر باشلىقى باغۋەنچىلىك ئەترىتىگە كۆندە دېگۈدەك كېلىپ يوغان سومكىسىنى مېۋە - چېۋىگە تولدۇرۇپ كېتەتتىكەن.

— ھېسامىدىن، — دەپتۇ باشلىق بىر قېتىم ئالما ئۈزۈۋاتقان ھېسامىنىڭ يېنىغا كېلىپ ماختىنىپ، — مېنىڭ پات - پات كېلىپ يوليورۇق كۆرستىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئارقىسىدا بۇ يىل خېلى راۋاج تېپىپ قالدىڭلار جۇمۇ !

— شۇنداق بولمامدىغان، — دەپتۇ ھېسام، — ئاشۇ سېرىق سومكىڭىز بىلەن پات - پات كېلىپ تۇرسىڭىز، تېز باي بولۇپ كېتىمىز.

## ئوبلاست دەرىجىلىك مىجەز

ھېسامىنىڭ مەلۇم تونۇشى چوڭراق بىر ئىدارىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن تونۇش - بىلىشلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماس بولۇۋاپتۇ. مۇنداق مۇئامىلىگە دۇچ كەلگەن ھېسام بىر قېتىم ھېلىقى تونۇشىدىن:

— راستىنىلا، بۇرادەر، سىزنىڭ يۆتكەلگىنىڭىز قايسى ئىدارە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوبلاست دەرىجىلىك ئىدارە، — دەپتۇ تونۇشى مەي-

دىسىنى كېرىگەن هالدا.

— ھە، شۇ ! — دەپتۇ ھېسام بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇڭلاشقا مىجەزىڭىزمۇ ئوبلاست دەرىجىلىك بولۇپ قالغانىكەن - دە !

## بەڭگىنىڭ مۆچىلى

مۆچەل سۈرۈشتۈرۈش بولۇۋاتقان سورۇندا ئولتۇرغان ھېسامنىڭ تولا نەشە چېكىشتىن رەڭگى - رۇخسارى سامان. دەك سارغىيىپ كەتكەن مەھەللىداش قوشنىسى ئۆزىنىڭ مۆچىلىنى بىلىشكە قىزىقىپ، ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھېسامدىن ئاغىنە، مەن ئون ياشقا كىرگەندە ھېلىقى يىلى قېلىن قار يېغىپتىكەن، شۇ چاغدا مۆچىلىم نېمە بولۇپ كەتتى؟ ھېسابلاپ بېقىڭا !

ھېسام ھېسابلىمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— قار قېلىن ياغسۇن، نېپىز ياغسۇن، ئەيتاۋۇر سىزنىڭ مۆچىلىڭىز ئۇنىڭسىزمۇ ئېنىقلا، قوشنام، بىلىشىمچە، سىز كەندىر يىلىلىقۇ دەيمەن.

## قالغىنىغا كىم قالىدۇ

سەنئەت ئۆمەكتىكى ھېسامنىڭ مۇقامچى كەسىپدىشى ئاغرىپ بالنىستىدا يېتىپ قاپتۇ. ھېسام ئۇنى يوقلاپ بارغاندا مۇقامچى ھال ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— دوختۇرلار كېسىلىڭ تاماكا چېكىشتىن كۆچەيگەن دەيدۇ، تېخى يەنە تاماكىنى تاشلىمايدىغان بولساڭ ئاقىۋىتىڭ ياخشى بولمايدۇ، تاماكىنى كۆپ چەككەنلەرنىڭ تولىسى راك

بولىدۇ، دەپ قورقۇتۇۋاتىدۇ.

ھېسام كۆيۈنگەن ھالدا كەسىپدىشىغا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— بۇنىڭدىن كېيىن زادى چەكمەڭ، يالغۇز راكلا بولۇۋال-سىڭىز، مۇشاۋىرەڭ، ناۋا، پەنجىگاھلارغا كىم قالىدۇ؟

## تەڭپۇڭلاشسۇن دېدىم

ۋالىبول مۇسابىقىسىدە سودىيە بىر تەرەپكە يان بېسىۋېرىپ-تۇ. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ھېسام قوش مۇشتۇمچىلىك تاشنى ئېلىپ سودىيەنىڭ بىر يانچۇقىغا ئۇنچىقماي سېلىپ قويۇپتۇ.

— ھېسام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ تېرىكىپتۇ بىر تەرىپى ئېغىرلىشىپ كەتكەن سودىيە. ھېسام چۈشەندۈرۈپتۇ:

— قارىسام، ھەدەپ بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كېتىۋاتىسىز، ئوڭ - سولىڭىزنى تەڭپۇڭلاشسۇن دېدىم.

## ھېسامنىڭ يۈرۈشى

بىر كۈنى بىر قىزنىڭ گېپى چىقىپ، ئاغىنىسى ھېسام-دىن سوراپتۇ:

— شۇ قىز بىلەن يۈرگەنمۇ سەن؟

— يۈرگەن، — دەپتۇ ھېسام ئويلانمايلا.

— يۈرگەن دەمسىنا؟ — ئاغىنىسى قىزىقىپ سوراپتۇ، — نەچچىلىك يۈرگەن؟

ھېسام دەپتۇ:

— بىر قېتىم بىزنىڭ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىن بازار-غىچە يۈرگەن.

## يولدا كېلىۋاتىدۇ

ھېسام باققالچىلىق قىلىپ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇ-زۇم سېتىپ ئولتۇرسا، بىر خېرىدار كېلىپ ئۈزۈمدىن بىر تال ئۈزۈپ يەپ بېقىپتۇ ـ دە:

ـــ ھېسامدىن، شىرنىسى يوق بەتتەم ئۈزۈمنى نەدىن تېپىۋالغانسىز؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ئۈزۈم يېگۈڭىز بولسا يانماي يەۋېرىڭ، ـــ دەپتۇ ھېسام، ـــ شىرنىسى يولدا كېلىۋاتىدۇ.

## چۈنكى...

كىنو كۆرۈپ يېنىپ چىقىۋاتقاندا، بىر يىگىت ھېسامدىن سوراپ قاپتۇ:

ـــ ھېسامكا، نېمىشقا ھازىر ئىشلىنىۋاتقان كىنولاردا يەپ-ئىچىۋاتقان كۆرۈنۈشلەر تولا ؟

ـــ ئەخمەق بالا، شۇنىمۇ چۈشەنمىدىڭمۇ؟ ـــ دەپتۇ ھېسام، ـــ يېگەن - ئىچكەنگە كەتكەن پۇلنى كىنو ئىشلەش-كە كەتكەن خىراجەتكە قوشۇۋېتىدىغان گەپ ئەمەسمۇ !

## چارنى چوقۇلىغىلى بولمايدۇ

مەشرەپتە ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىغا مەست بولغان بىر ئاق باش ئادەم ھېسامنى كۆرگەنىلا چوقۇلايدىغان توخۇغا ئوخشىتىپ:

ـــ ھە ئىنىم، چاقچاقلىرىڭ جايىدا، چوقۇلا، قېنى، چو-قۇلا، ـــ دەۋېرىپتۇ. ھېسام ئۆز نۆۋىتىدە باشلىقىنىڭ ئاق ئارد-لىغان چېچىنى كەلتۈرۈپتۇ:

ـــ چارنى چوقۇلىغىلى بولمايدۇ - دە !

## لۇغەت ياسايمەن

بىر كىشى ھېسامدىن سوراپتۇ:
— ھېسامىدىن، سىزنى زادىلا پۇل خەجلىمەيدۇ دېيىشىدۇ، ئالغان مائاشىڭىزنى نېمە قىلىسىز؟
ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
— نېمە قىلاتتىم، لۇغەت ياسايمەن.

## تېخى ياخشى

لاۋزىدىن ـ لاۋزا يازىدىغان بىر يازغۇچى يېڭىدىن يازغان ھېكايىسىنى ئاۋۋال تازا ماختاپ، كېيىن ھېسامدىن سوراپتۇ:
— قولىيازمىنى بىر ئوقۇپ باقامسىز يا؟
— ياخشىسى، مەتبەئەگە چىققاندىلا ئوقۇي، — دەپتۇ ھېسام سەمىمىيلىك بىلەن، — چىقمىسا تېخى ياخشى.

## چىش دوختۇرىغا نەزم

چىشى ئاغرىپ بارغان ھېسامنى چالا دوختۇر ئاندا ـ مۇندا تەكشۈرۈپلا ئۇنىڭ ئاغرىق چىشىنىڭ يېنىدىكى ساق چىشىنى يۇلۇۋېتىپتۇ ـ دە، خاتاسىنى بايقاپ قېلىپ:
— ھېسامىدىن، دۇنيا دېگەندە قىزىق ئىشلار بولىدۇ، ھە؟ — دەپتۇ.
— شۇنداق، — دەپتۇ ھېسام دەررۇلا ھەمدە مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

قىزىق دۇنيا، قىزىق ئىش،
يازدا تۇرۇپ كۆيدى قىش.

يۇلۇۋەتتۇق ساق چىشنى،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش.

## يىرتىلغان ئاياغ

ھېسام باشلىقتا تولا خۇشامەت قىلىدىغان ئاكىسىدىن بىزار بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئاكىسىغا دەپتۇ:

— ئاكا، چەمى تېشىلىپ كەتكەن ئايىغىڭنى باشلىقنىڭ ئۆيىگە كالتە چەم ئۇرغۇزۇپ بېرىشكە ئاپىرىپ بەردىم.

— ساراڭمۇ سەن، — دەپتۇ ئاكىسى ھودۇقۇپ، — ئۇ يەرگە نېمىشقا ئاپىرىسەن؟

ھېسام چۈشەندۇرۇپتۇ:

— سېنىڭ ئۇ ئايىغىڭ ئاشۇ باشلىقنىڭ يولىدا يىرتىلدى ئەمەسمۇ !

## چالاي - چالاي دەپ...

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسى بىر مەزگىل تۇرمۇشتا قىڭغىر يولغا دەسسەشكە ئاز قېلىپ تۈزىلىپتۇ. بىر قېتىم ئولتۇ- رۇشتا ئەل - ئاغىنىلەر ئۇنى كوچا ناخشىلىرىغا دۇتار چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىكەن، ھېلىقى ئادەم ماختىنىپ:

— كەچۈرۈڭلار، مەن كوچا ناخشىلىرىغا چالالمايمەن، ساپلا ئائىلە ناخشىلىرىغا چالىمەن، — دەپتۇ.

— راست دەيسىز، — دەپتۇ ھېسام شۇئان، — ئەسلىي چالماقچىدىڭىز، چالاي - چالاي دەپ چالالماي قالغان.

## سۆز ۋە چاقچاق

بىرنەچچە كىشى سۆز نېمىگە ئوخشايدۇ، سۆز زادى ياخ-

شى نەرسىمۇ ـ يامان نەرسىمۇ دېگەننى تالىشىپ قاپتۇ ـ دە، ئاخىر بىر ـ بىرىگە قايىل بولۇشماي، ھېسامنىڭ ئالدىغا كەپ ـ تۇ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىماقچى بوپتۇ.

— سۆز نانغا ئوخشايدۇ، — دەپتۇ ھېسام، — چۈنكى، نان يېمىسە بولمىغاندەك، سۆز قىلماي يۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ.

— ئەمىسە چاقچاقچۇ، چاقچاق نېمىگە ئوخشايدۇ؟ — ئا ـ رىدىن بىرەيلەن قىزىقىپ سوراپتۇ. ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ناننىڭ ئۈستىگە سەپكەن زىراغا ئوخشايدۇ.

## گېزىتكە يېزىلىش

بىر كىشى ھېسامغا ھال ئېيتىپتۇ:

— بەشىنچى ئايلىق گېزىتكە يېزىلسام، پوچتىكەش تۆتىنچى ئايلىق گېزىتنى ئەكېلىپ بېرىۋاتامدۇ، قاراڭ !

ھېسام مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— ئەمىسە، بۇ قېتىم ئالتىنچى ئايلىققا يېزىلىپ بېقىڭ، بە ـ شىنچى ئايلىق گېزىتنى ئەكېلىپ بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس !

## تەسكىنىڭ پايدىسى

ئۆگدەپلا يۈرىدىغان بىرى ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ئۆي كۆنگەيگە قارىسا ياخشىمۇ، تەسكەيگىمۇ؟

— تەسكەيگە، — دەپتۇ ھېسام ئويلانمايلا.

— نېمە ئۈچۈن؟ — ھېلىقى ئادەم سەۋەبىگە قىزىقىپتۇ. ھېسام ئېيتىپتۇ:

— ئەتىگەنلىكى ئۇزاقراق ئۇخلاش ئۈچۈن.

## گىلاس ئۈزۈش

ھېسام ئوقۇۋاتقاندا، بىر كۈنى مۇئەللىم بالىلاردىن سوراپتۇ:
— گىلاسنى قايسى ۋاقىتتا ئۈزگەن ياخشى؟
— مەن بىلىمەن، — دەپتۇ ھېسام ئورنىدىن تۇرۇپ، — چىڭقىچۈشتە ئۈزگەن ياخشى.
— نېمە ئۈچۈن؟ — سوراپتۇ ئوقۇتقۇچى چۈشەنمەي. ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:
— چۈنكى، چۈش ۋاقتىدا باغۋەن ئىسسىقتىن قېچىپ ئۆيىدە ئۇخلاپ ئارام ئالىدۇ ئەمەسمۇ.

## تۈگىمەس قەرز

بىر كۈنى ھېسام تالادىن كىرىشىگە ئايالى دادلاپ كېتىپتۇ:
— مۇنۇ ئۈدۈلدىكى قوشنىلاردىن خويمۇ تويدۇمغۇ، ئەتىدىن - كەچكىچە سورىمىغىنى قالمايدۇ، كۆچۈپ كەتكۈدەك يەرگە يەتتىم زادى...
— ئەخمەق بولماي سورىغىنىنى بېرىۋەر، — دەپتۇ ھېسام، — يادىڭدىن چىقتىمۇ، بۇلتۇر شوپۇر ئوغلى ئىككىمىزنى مەمەيۈزگىچە ماشىنىسىغا سېلىۋالمىغانمىدى؟

## خەت ۋە گەپ

ھېسام خىزمەتكە يېڭى قاتناشقان مەزگىل ئىكەن. ئىدارە كاتىپى ئۇنىڭغا بىر پارچە ئانكېتىنى سۇنۇۋېتىپ سوراپتۇ:
— خەت بىلەمسىز؟
ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— گەپ بىلمەن.

## ئەمدى ئاغرىغاننى تارتىڭ

ھېسامنىڭ چىشى ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كەلگەنىكەن، چىش دوختۇرى ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئۈچ سوم تۆلەشكە تالون يېزىپ بېرىپتۇ ـ دە، رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن چىشنى تارتىۋېتىپتۇ. بىراق، ئۇنىڭ تارتقىنى ئاغرىق چىش يېنىدىكى ساق چىش ئىكەن. ھېسام دەررۇ يانچۇقىدىن ئۈچ سوم ئېلىپ دوختۇرغا تەڭلەپتۇ:

— دوختۇر، ئەمدى بۇ ئۈچ سومنى ئېلىپ ئاغرىق چىشىمنى تارتىپ قويۇڭ.

## توختامدىمەن

ھېسامنىڭ ئايالى ئاغرىپ قاپتۇ. ھېسام ئۆيدىن چىقماي تولا گەپ قىلىپ ئايالىنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتىۋېرىپتۇ. ئاخىر ئايالى چىدىماي ھېسامنى قوغلاپتۇ:

— تولا چىشىمغا تەگمەي، مېڭىڭا !

ھېسام ئۆيدىن چىقىپ، شۇ مېڭىشىدا ئۈچ كۈن توختىماي مېڭىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئايالى ھېسامنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىكەن:

«ئاپىسى، يەنە ماڭامدىمەن، توختامدىمەن؟»

## چىش

ئۆمۈر بويى تاماكا چېكىپ چىشى قارىداپ كەتكەن بىر

كىشىنى باشقىلار ئەيىبلەپتۇ:
— بۇنداقمۇ چىش بولامدۇ؟ نەدە يۇرۇپ مۇنچە كۆكەر-تىۋالدىڭىز؟
ھېسام ھېلىقى كىشىنى ئىزادىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ دەپتۇ:
— ھېچ گەپ يوق، بۇرادەرلەر، بۇ ئاغىنىمىز چىشلىرىم كىر كۆتۈرۈشلۈك بولسۇن، دەپ سېنىكىغا سېلىۋېتىپتۇ.

## ساق ئادەمنىڭمۇ...

ھېسامنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر دۇكاندار مال باھاسىنى ھە-دېسىلا خالىغانچە ئۆستۈرۈۋالىدىكەن. تومۇزنىڭ بىر كۈنى ئۇ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھېسامنى توۋلاپتۇ:
— قېتىق ئىچىڭ، ھېسامىدىن، قېتىق دېگەن دورا، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.
— بىر قاچىسى نەچچە پۇل؟ — سوراپتۇ ھېسام توختاپ.
— ئەرزان، ئەللىك تىيىن، — دەپتۇ دۇكاندار. ھېسام بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ:
— يائاللا، ئاشۇنچىلىك قېتىقنى ئەللىك تىيىنغا ئېلىپ ئىچسە، ساق ئادەمنىڭمۇ ئىچى سۈرۈپ كېتەر ! — دەپتۇ.

## جۈملە تۈزۈش

بىر يىلى ھېسام ساۋات چىقىرىش ئۈچۈن كەچ كۇرسىدا ئوقۇپتۇ. بىر دەرستە ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بوش ئو-رۇنلارنى تولدۇرۇپ جۈملە تۈزۈش مەشىقىنى ئىشلىتىپتۇ. نۆۋەت ھېسامغا كەلگەندە، ئۇ دوسكىغا چىقىپ، دوسكىغا يې-

ـزىلغان «دوختۇرخانا ئەڭ... ئورۇن» دېگەن جۈملىگە قاراپ، ئويلانمايلا چېكىتلەر ئورنىغا «مەينەت» دەپ يېزىپتۇ.

— ھېسامىدىن، جۈملىڭىز ياخشى تولۇلمەپتىغۇ، — دەپتۇ مۇئەللىم رازى بولماي.

— جۈملەمغۇ ياخشى تولۇلەتتى، — دەپتۇ ھېسام ھۆرمەت بىلەن، — بىراق، ئۆتكەندە بالام ئىككى ھەپتە بالنىتسىدا ياتقاندا دوختۇرخانىنىڭ تازىلىقىنى كۆرگەنىدىم، شۇنى يېزىپ قويۇپتىمەن...

## مەسئۇلىيەت

ھېسام كىنوغا كىرىش ئۈچۈن ۋېلىسىپىتىنى ساقلاش ئورنىغا قويغانىكەن، ۋېلىسىپىت ساقلىغۇچى ئايال ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ۋېلىسىپىتىڭىزنىڭ قۇلۇپى يوق ئىكەن، شۇڭا ئالتە تىيىن تۆلەيسىز، ئۈچ تىيىن قاراش ھەققى، ئۈچ تىيىن قۇلۇپسىز ۋېلىسىپىتنىڭ مەسئۇلىيەت ھەققى.

ھېسام ئايالنىڭ دېگىنىنى بېرىپتۇ - دە، كىنوغا كىرىپ كېتىپتۇ. كىنودىن چىققاندا قارىسا ۋېلىسىپىتى ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ھېسام بايا پۇل ئالغان ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ دەپتۇ:

— ۋېلىسىپىتنى نەدىن بولسا تېپىڭ، كىم سىزنى مەسئۇلىيەتنىڭ باھاسىنى شۇنچە چۈشۈرۈۋېتىڭ دەپتۇ.

## چۈشلۈك غىزا

خۇيى يامان ئايالىدىن ئەتىگەنلىكى رەنجىپ ئىشقا كەلگەن ھېسام چۈشكە يېقىن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، قورساقتا ئامراق بىر خىزمەتدىشى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بۈگۈن چۈشكە چۆچۈرە تۈگمەن

دەۋاتاتتى. ھېسامكا، سىزچۇ، بۈگۈن چۈشتە نېمە يەيسىز؟

— نېمە يەيتتىم، — دەپتۇ ھېسام خورسىنىپ، — خوتۇنۇمنىڭ خۇيى مەن بارغۇچە تارقىمىسا، ئەتىگەنكىنىڭ ئۇستىگە بىر تاغار دەرد يەيمەن.

## كۆزنى يۇمۇش

يىراق يېزىدىكى تۇغقىنىنى يوقلايمەن، دەپ نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلغان ھېسام مەھەللىدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردىن بوشىيالماي تۇغقىنىنىڭكىگە چىقالماي قاپتۇ. بىر قېتىم ئايالى قاتناشقا بېرىپ ماشىنا بېلىتى ئەكەپتۇ - دە، ھېسامغا:

— مەھەللىدىكى توي، نەزىرلەرگە تارتىشسىڭىز زادىلا چىقالمايسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ - دە، تۇغقانلارنى بىر يوقلاپ كېلىڭ، — دەپ بېلەتنى بېرىپتۇ.

— ماڭا دۈشمەن ئوخشىمامسەن، — دەپتۇ ھېسام جىددىي چىراي بىلەن، — كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ماشىنىغا چىقسام، يىقىلىپ چۈشۈپ بىر يېرىمنى ناكار قىلىۋالامدىمەن !

## خەۋەر ئەۋەتىش

ھېسام ئىختىيارىي مۇخبىرلار تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشقاندا، قوشنا ناھىيىدىن كەلگەن كەسىپدىشىدىن سوراپتۇ:

— ئاغىنە، سىلەرنىڭ ناھىيىدە خەت - چەكلەرنى نېمە بىلەن توشۇيدۇ؟

— ماشىنا بىلەن، — دەپتۇ ھېلىقى ئىختىيارىي مۇخبىر، — سىلەرنىڭ ناھىيىدىچۇ؟

— مەنغۇ ئۆزۈم كۆرمىدىم، — دەپتۇ ھېسام، — ئەمما بايقىشىمچە ئۇلاغدا توشۇيدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سۆھبەتدىشى ئەجەبلىنىپتۇ.

ھېسام دەپتۇ:

— ئۆتكەندە پوچتىدىن بىر خەۋەر ئەۋەتسەم، گېزىتخانا بىر ئايدىن كېيىن تاپشۇرۇۋاپتۇ، شۇنىڭغا قاراپ دەيمەن - دە، — دەپتۇ ھېسام.

## قوش سالام

ھېساملارنىڭ مەھەللىسىدىكى ئىككى يىگىتنىڭ بىرى ھەر-بىگە، يەنە بىرى ئوقۇشقا كېتىپ، يازلىقى ئۇلار تەڭلا دەم ئې-لىشقا كەپتۇ - دە، كەچتە ھېسام بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىپتۇ.

ئىشىكتىن تەڭلا كىرىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرگەن ھېسام ئورنىدىن تاق تۇرۇپ، بىر قولىنى چېكىسىگە ئاپىد-رىپ، يەنە بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپتۇ.

— بۇ قانداق سالام، ھېسامكا؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىت-لەر ھەيران بولۇپ.

— قوش سالام، — دەپتۇ ھېسام، — قارىسام بىرىڭلار ھەربىي، بىرىڭلار زىيالىي ئىكەنسىلەر، ئىككىڭلارنىڭ سالى-مىنى بىراقلا تۆگىتەي دېدىم.

## خادىك ئارا

خادىك ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىدىغان بىر مەھەللە سا-زەندىسى ئامىتى كېلىپ سەنئەت ئۆمەككە كىرىۋالغاندىن كې-

يەن بىردىنلا يوغانچى بولۇپ كېتىپتۇ. مەلۇم سورۇندا ھېسام سازەندىنى ئاۋۋالقىدەكلا يېقىن كۆرۈپ چاقچاق قىلغانىكەن، سازەندە ھۆپپىدە قىزىرىپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ:

— ھەي ھېسام، سەن بىز بىلەن تولا ئېتىشما، ماقۇلمۇ، بىز سېنىڭ ئاددىي ئادەملىرىڭدىن ئەمەس، بىلمەمسەن، خەلق-ئارا سەنئەتچى بىز.

— مۇنداق دېگىنە! — دەپتۇ ھېسام ھەيران قالغاندەك قىياپەتتە، — مەن سېنى شۇ كەمگىچە خادىك ئارا، دەپ ئاڭلاپتىكەنمەن، خەلقئارا بولۇپ كەتكىنىڭنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن.

## غازنىڭ سۆزى

ھەر كۈنى كەچكى تاماق ۋاقتىدا تەييار بولىدىغان بىر قوشنىسىدىن ھېسام بىزار بوپتۇ. بىر قېتىم يەنە كەچتە ھېسامنىڭ ئۆيىدىكى لەڭمەنگە ئۆلگۈرگەن ھېلىقى قوشنىسى گەپ سېتىپ ئولتۇرغاندا، ھويلىدا ھېسامنىڭ باققان غازلىرى تۇش - تۇشتىن «غاق - غاق» قىلىشىپ كېتىپتۇ. قوشنىسى ئۆزىچە چاقچاق قىلىپ:

— بۇرادەر، غېزىڭلار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە دەيتتى، — دەپتۇ ھېسام، — «ئىززىتىنى بىلمەيدىغان مېھماندىن تويدۇق، غاق - غاق» دەيدۇ.

## ئىچمىسلىكىم ئۈچۈن

تۇغقانلىرىدىن بىرى ھېسامغا داستىخان ئۈستىدە مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— هاراقنى تولا ئىچىپ بولماي قالدىڭىز، ئەمدى قەتئىي ئىچمەڭ.

— بولىدۇ، قەتئىي ئىچمەيمەن، — دەپتۇ ھېسام جان - دىلى بىلەن قوشۇلۇپ، — ھارىقىڭىز بارمۇ؟

— يەنە ھاراقنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ تۇغقىنى چۆچۈپ.

ھېسام ئۇنى خاتىرجەملەندۈرۈپ:

— باشقا گەپ يوق، بۇنىڭدىن كېيىن ئىچمەسلىكىم ئۈچۈن بىرنى كۆتۈرۈۋېتەي دەيمەن، — دەپتۇ.

## دەرۋىشكە ئوخشاپتۇ

بىر ئاغىنىسى ھېسامنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتۇ. غىزا ۋاقتىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ غەيرىي پاسوندا چاچ - ساقال ئۆستۈرۈۋالغان ئوغلى كىرىپ قولغا سۇ ئاپتۇ. ئوغلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ماختىنىش ئاھاڭىدا سوراپتۇ:

— قانداق، ھېسام، ئوغلۇم كىمگە ئوخشاپتۇ؟

— ئوغلىڭىز ياپياش تۇرۇپلا رىۋايەتلەردىكى دەۋرىشلەرگە ئوخشاپ قاپتۇ، — دەپتۇ ھېسام دەررۇ.

## خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن

بىنەمدە بىللە باشاق تېرىپ يۈرگەن ھېسامنىڭ ئەنسىز ھەمراھىنى ئاللىقانداق بىر ھاشارات چېقىۋاپتۇ. ھېلىقى كىشى بىر كۈن كەچكىچە دادلاپ:

— قاراڭ، ھېسام، ھېلىقى جۇۋايىنىمەك مېنى قۇيرۇقى بىلەن چاقتى، — دېگەن بىر سۆزنى تەكرارلاۋېرىپتۇ. ھېسامنىڭ ئاخىر مەززىسى قېچىپتۇ - دە:

— بولدى قىلىڭ، ئاغىنە، — دەپتۇ كەسكىن ھالدا، — ئۇ ھاشارات سىزنى قۇيرۇقى بىلەن چاقمىدى، خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاقتى.

## ئاككوردېئوننىڭ پائىلاتونى

تويدا بىر ياش يىگىت ئاككوردېئوننى ئاككوردېئونچىغا بەرمەي، ھەدەپ «غىت ـ غات»، «غىت ـ غات» قىلىۋېرىپ ئولتۇرغانلارنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. چىشى قېرىشىپ تۇرغان ھېسامغا يېنىدىكى يىگىت گەپ ئېچىپتۇ:

— ھېسامكا، يالاڭ غىت ـ غات بولۇپ كەتتىغۇ، نېمىسى بۇ؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دەپتۇ ھېسام ھەممىگە ئاڭلىتىپ، — بۇ ئاككوردېئوننىڭ پائىلاتونى.

## ئالمامدىغان

بىر خىزمەتدىشى ھېسامنىڭ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— باشلىق قوبۇل قىلدىمۇ نېمە، نېمە دېدى؟

— ئالدىنقى يىغىندا ئۇنىڭ ئۇستىدىن قىلغان پىكرىم توغرىسىدا پاراڭلاشتى، — دەپتۇ ھېسام.

— ھە، ھە، بەرگەن پىكرىڭنى بويىنىغا ئالدىمۇ؟ — خىزمەتدىشى ئالدىراپ سوراپتۇ.

— ئالمامدىغان، — دەپتۇ ھېسام، — ئەدىپىڭنى بېرىدىمەن، دەپ توقۇمنى قارنىغا ئالدى.

## قالغىنىنى تۈزلىۋالاي

ھېسام چاچ ـ ساقال ئالدۇرۇش ئۈچۈن ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. قوشنا كەسىپدىشى بىلەن ئەتىگەن يېگەن تاماقنىڭ پارىڭىغا چۈشكەن ئايال ساتىراش ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېسامنىڭ بېشىنىڭ ئۈچ ـ تۆت يېرىنى كېسىپ قانىتىۋېتىپتۇ، بىخۇدلۇق قىلىپ يەنە بىر يەرنى كەسكەندە ھېسام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، پەرتۇقنى يۇلۇۋېلىپ ساتىراشقا تۇتقۇزۇپتۇ ـ دە:

— رەھمەت سىزگە، بېشىمنىڭ يېرىمىنى قىيما قىلىپ بەردىڭىز، بۈگۈنكى تاماققا يېتىدۇ، قالغان يېرىمىنى ئۆيگە بېرىپ تۈزلىۋالاي، — دەپتۇ.

## دۈشمەن

كىنو باشلىنىشتىلا ھېسام كىنودىكى چىرايى سەت بىر ئادەمنى يېنىدىكى ئاغىنىسىگە كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— قارا، ئاشۇ ئادەم مۇشۇ كىنودىكى دۈشمەن.

— ئۇنى نەدىن بىلىسەن؟ — ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ ئاغىنىسى، — ئىلگىرى بۇ كىنونى كۆرگەنمىدىڭ؟

— كۆرمىگەن، ئەمما بىلىمەن، — دەپتۇ ھېسام، — ھەرقانداق كىنودا سەتلا ئادەملەر ئاخىرىدا دۈشمەن بولۇپ چىقىدۇ ئەمەسمۇ !

## قالتىس يول

ھېسام ئالاقىچىلىك خىزمىتى ئىشلەۋاتقان كوممۇنىغا تەۋە بىر ئەترەتنىڭ باشلىقى ھەر قېتىمقى مەجلىستە «بۇ يىل

ئەترەتكە باربدىغان يولنى قالتىس ياسىۋالدۇق ـ دە، ئاسفالت بىكار قالسۇن» دەپ ماختىنىدىكەن.

بىر قېتىم كوممۇنا مۇدىرى بىلەن ھېسام تراكتورغا ئولتۇرۇپ شۇ ئەترەتكە بېرىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان ئەترەت باشلىقى يەنىلا يولنى ماختاپتۇ:

— قانداق، يولىمىز قالتىسمىكەن؟

تېخىچە بېلىنى رۇسلىيالمايۋاتقان كوممۇنا مۇدىرىنىڭ ئورنىدا ھېسام جاۋاب بېرىپتۇ:

— ماختانغۇچىلىكى بار ئىكەن، يېتىپ كەلگۈچە كوزۇپنىڭ بىز ئولتۇرمىغان يېرى قالمىدى.

## ئەڭ تەس ئىش

ھېسام ئىشلەۋاتقان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى دائىم سورلۇك تۇتۇپ يۈرىدىكەن. كادىرلار ئۇنىڭغا ھال ـ مۇڭىنى پېتىنىپ ئېيتىشالمايدىكەن. بىر قېتىم ئىچىپ قىزىۋالغان باشلىق ھېسام بىلەن ئېچىلىپ پاراڭلىشىپ قاپتۇ ۋە گەپ ئارىسىدا سوراپتۇ:

— ھېسامىدىن، دۇنيادا ئەڭ تەس ئىش نېمە؟

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھېسام دەرھال جاۋاب بېرىپتۇ:

— دۇنيادا ئەڭ تەس ئىش باشلىققا گەپ قىلىشقۇ دەيمەن.

## ئەتىر پۇرايدۇ

ھېسام ياسانچۇقلارنى تولا دوراپ چاقچاق قىلىۋېرىپ بىر خىزمەتداش قىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. قىز مۇشتۇمىنى ئوغۇل باللاردەك تۈگۈپ ھېسامنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكەپتۇ ـ دە، سوراپتۇ:

— دېگىنە، مۇنۇ نېمە يۇرايدۇ؟
ھېسام قىزنىڭ مۇشتۇمىغا بۇرنىنى يېقىن ئەكېلىپ:
— نېمە يۇرايتتى دەيسىز، غىچلا يۇزماي، ئەتىر پۇرايدىغۇ، — دەپ قىزنى كۇلدۇرۇۋېتىپتۇ.

## ئەزمىگە جاۋاب

ھېسامنىڭ تونۇشلىرى ئىچىدە تازىمۇ ئەزمە بىر كىشى بار ئىكەن. بىر كۈنى ھېسام كېچىلىك كۆزەت ئۆچۈن قېلىن كىيىنىپ، ئالدىراش خامانغا كېتىۋاتسا، ھېلىقى تونۇشى ئۇچراپ قاپتۇ - دە، ھېسامنى يولدىن توسۇپ ئۆزۈنىغىچە ئەزمىلىك قىلغاندىن كېيىن دەپتۇ:
— ۋاھ، ئاغىنە، يازنىڭ يېزىدا پاختىلىق چاپان كىيىۋالغىنىڭ نېمىسى؟
— سېنىڭ گېپىڭ تۈگىگۈچە قىش چۈشۈپ كەتمىسۇن، دەپ كىيىۋالغانتىم، — دەپتۇ ھېسام.

## قانداق كىتاب

پۇلغا كىتاب سېتىۋېلىشقا قورسىقى ئاغرىيدىغان بىراۋ دائىملا ھېسامدىن كىتاب ئارىيەت ئېلىپ، قايتۇرۇپ بەرمەيدىكەن، ھېسام بۇ ئىشقا ئىچىدە رەللە بولۇپ يۈرۈپتۇ.
بىر قېتىم ھېلىقى ئادەم ھېسامنىڭ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، يەنە ئادىتى بويىچە ھىجىيىپ سوراپتۇ:
— ھېسامدىن، ئوقۇۋاتقىنىڭىز قانداق كىتاب؟
ھېسام كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:
— پۇلغا ئالغان كىتاب.

## ئەسكەرتىش

بىر غەيۋەتچىنىڭ ئۆزى توغرىسىدىمۇ يامان گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىغان ھېسام بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئەسكەرتىش بېرىپتۇ:

— سىز كىچىككىنە دىققەت قىلىڭ جۇمۇ !

غەيۋەتچى دەررۇ ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ ھېسامغا گۈركىرەپتۇ:

— نېمىگە؟

ھېسام دەررۇ ئەسكەرتمىسىنى ئىزاھلاپتۇ:

— سالامەتلىكىڭىزگە دەيمەن - دە !

## بىر مىنۇتلاسالىك...

باشقىلارغا بولار - بولماس چاقچاق قىلىدىغان بىرەيلەن ھېسامغىمۇ چاقچاق قىپتۇ:

— ھېسام ئاداش، ئۆزۈڭمۇ چاقچاق بېدىكى بولۇپ قالدىڭ، قېنى، تونۇلمىغان چاقچاقلىرىڭ بولسا، سودا قىلىشمايلىمۇ؟

— رەنجىمە، سەن بىلەن ئەمدى چاقچاق سودىسى قىلالمايمەن.

— نېمىشقا؟ — ھېلىقى ئادەم ئەجەبلىنىپتۇ، — سەۋەبىنى دېگىنە، قېنى؟

— سەۋەبى، — دەپتۇ ھېسام، — ياخشى چاقچاققا بىر مىنۇتلاسالىك، چۈشەنمەستىن يىغىر قىلمۇېتىدىكەنسەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk5MDcuemlw",
"filename_decoded": "40209907.zip",
"filesize": 24848939,
"md5": "90d2eac2b2a23760482f22ec37d2bd0a",
"header_md5": "d6341a8ad93f5dedb506533058205ace",
"sha1": "410829991e328400c95aeda84a2d2d6e78a0489d",
"sha256": "12727310660eb854f617528e6d5ea024f53b2c18cc24cfd9b12f8de3ef14190b",
"crc32": 1604264520,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 25815347,
"pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2568\u00aa\u2557\u2591\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209907",
"pdg_main_pages_found": 274,
"pdg_main_pages_max": 274,
"total_pages": 313,
"total_pixels": 1243583744,
"pdf_generation_missing_pages": false
}